ISSN 1002-9044




1995 12

ISSN 1002-9044
12>
9 771002 904009

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپتونوم رايونلۇق
يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5-
قۇرۇلتىيىدىن كۆرۈنۈشلەر



يىغىن مەيدانى



گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە




يىغىندىن كېيىن

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

45 - يىل نەشرى

12

1995

باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرى ۋە ماقالىلەر


ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەبرىك خېتى ............ 113

جانابىلنىڭ سۆزى ............ 115

قەييۇم تۇردىنىڭ سۆزى ............ 120

چېن بەيجۇڭنىڭ سۆزى ............ 124

چېن خوڭبونىڭ سۆزى ............ 132

پەخرىي رەئىس، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەت ۋە ھەيئەتلەرنىڭ ئىسىملىكى ............ 137


## نەسرىي ئەسەرلەر


مەتسېلىم مەتقاسىم ...... باھار يەنە كېلىدۇ (پوۋېست) ............ 4

سۇلتان ھاشىم ...... يۇلتۇزلۇق كېچە (ھېكايە) ............ 44

زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت ...... ئەرۋاھ نۇتقى (ھېكايە) ............ 59

تۇمۇر داۋامەت ...... ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە سەپەر (زىيارەت خاتىرىسى) ............ 70


## شېئىرلار


ئەركىن نىزامى ...... مېۋىلەر شائىردىن چېچەك سورايدۇ ............ 32

ئابدۇللا ساۋۇت ...... غەزەللەر ............ 34

ئابدۇكېرىم مەخسۇت ...... سۆيگۈدىن تۆرەلگەن كۈيلەر ............ 36

ئابلىمىت ھاجى ...... ئىككى شېئىر ............ 37

ئابابەكرى توختى ...... چېچەكلەر جامىدا چايقىلار سۈبھى ............ 38

مەتقاسىم مەتنىياز ...... بىر باشلىقنىڭ ھاراقتىن زارى ............ 40

ئابدۇلئەھەد قادىرى ...... ئارمان قەسىدىسى ............ 42

يالقۇنجان ئىسلام ...... مېنىڭ ساددا، مۇلايىم ئانام (داستان) ............ 105


## ئۈمىد چېچەكلىرى (17)

(شېئىرلار)


ئەخمەتجان تۇرۇپ ...... يۈرىكىمدە بىر دەستە چوغلۇق ............ 63

ئىبراھىمجان تاش ...... يىراق پەسىل لىرىكىلىرى ............ 67

ئۆمەرجان سىدىق ...... چۈش ئىلكىدە ياتىدۇ چۆللۈك ............ 68

ئىزىز ھېيت ...... مەن كۆرگەن يۈرەك ............ 69

**ئەسەر ۋە باھا**

ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى........ 138 ......... ئەركىن ئەمەت

* * *

قايغۇلۇق خەۋەر.................... 141

تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەزىيە تېلېگراممىسى.......... 144

ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەزىيە خېتى.......... 144

مەرسىيىلەر.................... 144

**ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار**

ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5-قۇرۇلتىيى

ئۆتكۈزۈلدى.................... 147

«تارىم» ژۇرنىلى ئۇن ياخشى گېزىت-ژۇرنالنىڭ بىرى بولۇپ

تەقدىرلەندى.................... 148

«قامەتلىك گىلەتاغ» خەنزۇچە نەشر قىلىندى........ 148

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق ئومۇمىي

مۇندەرىجىسى.................... 149


* * *

رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ

مەسئۇل كوررېكتور: قەييۇم تۇرسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەتسېلىم مەتقاسىم

# باھار يەنە كېلىدۇ

(پوۋېست)

## بۇ قۇتلۇق كۈن ئىدى

بۈگۈن ئاخشام باغچىگە يېزىسىدىكى مەھەللىلەر جانلىنىپ كەتكەنىدى. قوتان، كوچا - كويلاردىكى قىغ دۆۋىلىرىدىن كېلىۋاتقان بەدبۇي پۇراق ئورنىنى كەندىر - زاغۇن يايغىلىرىنىڭ پۇراقلىرى بىر ئالغان بولسا، يېزا جىملىقىنى بالىلارنىڭ سوزۇپ ئېيتقان رامىزان قوشاقلىرى بۇزۇپ تاشلىغانىدى. بۇ يىل بالىلارنىڭ رامىزان پائالىيىتى تازىمۇ قىزىدى. ئۇلار ئۇزۇن خادىغا يايغىلىق قاپاقنى چىگكەندىن كېيىن، خادىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەھەللىدىكى توپىلىق يولدا ئۇزۇنغىچە تەنتەنە قىلىشتى. بالىلار كۆپەيدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى تۈنەش ئۈچۈن ئالدىرىشىپ تەييارلىق قىلىۋاتقانلارنى، خۇدانىڭ بۇ قۇتلۇق كۈنىنى ھۆكمەت ئوقۇپ ئۆزىنىش ئۈچۈن تۇتۇش قىلىۋاتقانلارنى بىزار قىلغاندىن باشقا، مەھەللىنىڭ جەنۇبىدىكى بارخانلار ئۈستىدىكى قومۇش، يانتاق، چاۋالار ئارىسىغا ئۇۋا ياسىۋالغان قۇشلارنى بىسەرەمجان قىلىپ ئۇچۇراتتى.

بالىلار قازناقچى بالىنى سايلاپ چىقىشقاندىن كېيىن، قاتار سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىشىپ،

رامىزان قوشىقىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

بارات كەلدى، تۇيدۇڭلارمۇ،
بىزگە قۇيماق قۇيدۇڭلارمۇ؟
. . . . . . .

باللار تۈنجى قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلغان يوغان دەرۋازىلىق ئۆيدىن پەتنۇستا ئىككى قۇيماقنى كۆتۈرۈپ ئورۇق ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇ قارناقچى بالىغا قۇيماقنى بېرىپ يېنىپ كىرىپ كەتتى.

- بۈگۈن تۇرسۇن شوجى ئۆيدە يوق ئوخشايدۇ. بولمىسا بۇ ئۆيدىن قۇيماق چىقمايتتى، - دېدى توپ ئىچىدىن بىر بالا پەس ئاۋازدا. باللار ئىككىنچى ئۆيگە يېتىپ كەلدى. بەختكە قارشى بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنغانىدى. ئارىدىن بىرى غودۇڭشىدى:

- توختاشكام سېلىم قارىمنىڭ ئۆيدە ھۆكمەت ئوقۇيدىغان ئوخشايدۇ.

ئۈچىنچى ئۆي باللارنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدى. چېقىر كۆز ئۆي ئىگىسى زەردە بىلەن:

- مېڭىش، ھارامتاماقلار! مېنىڭ سەنلەر بىلەن ئوينايدىغان بالام يوق! - دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

- ئابدۇغېنى ئاكام بۈگۈنمۇ خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

- ئەترەت باشلىقىمەن دەپ كاداڭلىق قىلغىنىنى!

باللار كەينىگە يېنىپ يولغا چىقىشتى - دە، قوشاق ئوقۇشتى:

بۇ ئاكامنىڭ پوتىسى كابۇل پوتا،
بىر قۇيماققا پايلىمىغان كاپىر قوتا.
رامىزان ئېيتىپ - ئېيتىپ ھارمامسەن،
قۇيماقنى بەرمىگىچە يانماسمەن.

باللار بىر پەس كۈتۈپ تۇرۇشتى. لېكىن ئۆي ئىگىسى چىقمىدى. شۇ ئەسنادا خادىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بالا:

- بولمىدى، بولمىدى، قاپاق كۆيۈپ بولاي دېدى. چاپسان مېڭىڭلار، توختى سەپرانىڭ ئۆيگە بارايلى! ئۇنىڭ ئۆيدە ياغلىق قاپاق بار، - دەپ ۋارقىرىدى.

باللار يۈگۈرۈشكىنىچە تامىلىرى پەس، ئىشىكى يانغا قىيسايغان كونا ئۆينىڭ ئالدىدا توختاشتى. باللار چۇرقىراشقىنىچە ئىشىككە يېپىشتى.

- سەپرا ئۇخلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ!

- ئىشىكنى تاراقلاتماڭلار، توختىنىڭ ئاچچىقى يامان، ئۇرۇۋېتىمسۇن.

- زىلەيخان بولسا ھېلىغىچە قۇيماق ئېلىپ چىققان بولاتتى.

- ماڭە نېرى! توختىدىن قۇيماق ئەمەس، قاپاق ئالىمىز! كېلىڭلار توختىنى ئويغىتايلى!

باللار توپلىشىپ تۇرۇپ قوشاق ئوقۇدى:

رامىزان ئېيتىپتىكەن ھەزرىتى ئېلى،
ئۇلاردىن بىزگە قاپتۇ، بىز ئېيتىلى.

بۇ ساراي ئۆزۈن ئىكەن بۆلگەنمىكى،
توختى سەپرا چىقمايدۇ يا ئۆلگەنمىكى.

- ئۆلۈپ قالسام سەنلەرگە بىر نېمە مىراس قالمايدۇ. بۆلاڭچىلار! نېمانچە ۋارقىرىشىسەن؟ ياكى مەن ئاچاڭنى ئەكىلىۋالدىمىۇ؟

بالىلار ھويلىدىن چىققان بۇ قوپال ئاۋازنى ئاڭلاپ قايىنىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەكلا جىمىپ قېلىشتى.

- ئاچچىقلانما توختىكا، بىزگە ياغلىق قاپىقىڭدىن بىرنى بەرگىن، بىز كېتەيلى! -دېدى قازناقچى بالا.

ئۆي ئىگىسى ئىشىكنى ئاچتى. بالىلار ئۇنىڭ چاپىنىنى يېپىنىپ گۈلىيىپ تۇرغان ھالىغا قاراپ جىم تۇرۇشتى.

- كېتىش، مالڭ! - دېدى ئۇ ئازراق تۇرغاندىن كېيىن.

- قاپاق بەرمىسەڭ كەتمەيمىز!

- قاراقچىلار! مەندىن بىر نېمە ئالمىغان سەنلەر قېلىشتىڭمۇ؟ ئۇ قاپاق سۇنۇپ كەتكەن، يوق، مالڭ كېتىش! بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن ھېلى!

ئۆي ئىگىسى سۆزىنى تۈگىتىپلا بالىلارغا توپا چاچتى. بالىلار قوشتىن بوشانغان كالىلاردەك ھەر تەرەپكە قېچىشتى. ئۇلار ئۇن يېتىم يىراقلىقتىكى دوڭغاق ئۈجمە تۈۋىدە جەم بولۇشتى - دە، قوشاق ئوقۇشتى:

ئەرشىنىڭ تۈۋرۈكىنىڭ ئۇچى قارا،
خۇدايىم بالا بىرەر ئىچى قارا.

كېيىن بالىلار مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ كېتىشتى. توختى ئىشىككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بالىلارنىڭ كىمنىڭدۇر ئىشىكى ئالدىدا ئېيتقان قوشاقلىرىغا قۇلاق سالدى.

رامىزاننىڭ ئونبەشى قادىر كۈنى،
رامىزاننىڭ زاكىتىنى ئايرىڭ قېنى.
ئاق سامانىنى سورىساق چەش بولىدۇ،
ھەر ئۆيدە بىردەم تۇرساق كەچ بولىدۇ.

«خويمۇ كېلىشتۈرۈپتۇ يا كاساپەتلەر»توختى ئۆزىگە شۇنداق غۇدۇڭشىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى.

بالىلار بۇ قۇتلۇق كۈننىڭ تەنتەنىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. مەھەللىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بىر ئېغىزلىق ئۆيدىن پايپاسلاپ يۈگۈرۈپ چىققان ئورۇق كىشى بالىلارنى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى:

- كېلىشە قوزىچاقلار! ئەمما زە سىلەرگە بېرىدىغان قۇيمىقىم يوق، كېلەر قېتىم ئايەم كەلگۈچە چوقۇم خوتۇن ئالىمەن. شۇ چاغدا ئىككى قېتىملىقىنى قوشۇپ بېرىمەن. كۆمەچ يېسەڭلار بار، قانداق يەمسىلەر؟

بالىلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى - دە، بىر ئېغىزدىن تەلەپلىرىنى ئېيتىشتى:

- بىزگە قاپاق بەر ناسىر ئاكا.

- كۆمىچىڭنى ئۆزۈڭ يە، ئاران كۆمگەنسەن.

- نەشە چېكىدىغان قاپىقىڭنى بولسىمۇ بەرگىن.

- توختاڭلار! قارلىغاچنىڭ باللىرىدەك سايرىشىپ كەتتىڭلارغۇ! قاپاق دېسەڭلار يوق، باشقا نەرسە بولسا دەڭلار.

- كونا خەي بولسىمۇ بولىدۇ.

- كونا خەي؟ ھە راست، بار. مانا ... مانا، پۇتۇمدا بار! - ئۇ كەتمەن سېپىدەك زىلۋا پۇتىنى كۆتۈرۈپ باللارغا كۆرسەتتى، - قانداق، بۇ خەي بولامدۇ؟ - دېدى ئۇ باللارغا قاراپ.

- بۇ خەينى بىزگە بەرسەڭ سەن نېمە كىيىسەن؟ - دېدى قازناقچى بالا بېشىنى چايقاپ.

- ھەي، مەن بىلەن نېمە كارىڭ، خۇدا بېرىدۇ، تۇتە، مانا، - ئۇ خېيىنى سېلىپلا باللارغا سۇندى. باللار ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

- نېمە بولۇشتۇڭلار، ئالماسلەر؟ - ئۇ شۇنداق دېگىنىچە خەينىڭ رەختىنى يىرتىپ تاشلاپ چەمىنى خادىغا چىگدى. باللار خۇش بولۇشۇپ سەكرىشىپ كېتىشتى. ئۇلار خەيگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ «ئەمدى ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە بارايلى» دېيىشكىنىچە كېتىپ قېلىشتى. ناسىر ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، پىنەك ئەشتى. باللارنىڭ يىراقتا ئوقۇغان قوشاقلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

توخۇلار چىللىشىدۇ قونداقىدا،
ھەممىڭلار تېز قوپۇڭلار زو ۋاقتىدا.
ئاق توخۇ - ئاپئاق توخۇ دان تاتىلار،
بىزگە بەرگەن نانلىرىڭىز خام - خاتىلا.

«كۆمەچ خام ئەمەس ئىدى» ئورۇق كىشى ئۆزىگە شۇنداق دەپ قويغاندىن كېيىن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

قــۇياش ئالتۇن رەڭ نۇرىنى تۆكۈپ كۆتۈرۈلدى. ئارا ئۆستەڭ مەھەللىسى سېخىي قۇياش نۇرىغا چۆمۈلدى. تەرەپ - تەرەپتىن ئۆز پادىلىرىنى ھەيدىشىپ كەلگەن باللار جەم بولۇپ، ئادەتلىرى بويىچە ئۆزئارا كېلىشكەندىن كېيىن قىزلار چاكان، ئوغۇللار چوك ئويناشقا باشلىدى. باللارنىڭ بۇ كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرى تازا ئەۋجىگە چىققاندا كۈتۈلمىگەندە بىر بالا ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلىدى:

- بولمىدى، بولمىدى، ئىبراھىم مۇئەللىم كېلىپ قالدى، قاراڭلار، ئەنە.

باللار ئويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇشۇپ يىراقتا ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان مۇئەللىمگە بىردەم قاراپ تۇرۇشقاندىن كېيىن چۇرقىراشقىنىچە، جىگدىلىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

- قــاچماڭلار، قاچماڭلار باللار! بۈگۈن مەن سىلەرنى قوغلاپ بولالمايمەن. قاراڭلار، پۇتۇمنى شــاخ تېلىۋەتتى، - مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرسىمۇ ئاۋازى جاراڭلاپ چىقتى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ پۇتىنى يېنىك ئۇۋۇلىغىنىچە باللارغا قارىدى. باللار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار مۇئەللىمنىڭ رېزىنكە ئايىغىنىڭ يوچۇقلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قانغا قاراپ ئۈندىمەي تۇرۇشتى.

- سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار باللار، بۈگۈن ماللارنى بۇرۇنراق سولاڭلار، مەن ھەر بىرىڭلارغا بىردىن قــەلەم بېرىمەن، ئۈچبۇرگۇچلۇك قەلەم دەڭلا، - مۇئەللىم سۆزىنى توختىتىپ باللارغا مېھرىبانلىق بىلەن قارىدى. شۇ چاغدا باللاردىن بىرى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ــ مۇئەللىم، مەندىن كىتاب پۇلىنى ئالمىسىڭىز ئاندىن مەكتەپكە بارىمەن، دادام پۇل بەرمىدى. مەندە پۇل يوق، ــ دېدى.

ــ مــاقۇل، مەكتەپكە بارغىن، مەن سەندىن كىتاب پۇلىنى ئالمايمەن، ــ دېدى مۇئەللىم ئۇنىڭغا قاراپ، كېيىن ئۇ بالىلارغا مەكتەپكە تېزرەك بېرىشنى تاپىلاپ قويۇپ ئاۋايلاپ قەدەم ئالغان ھالدا مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى.

ئىبراھىم مۇئەللىم مەكتەپكە كەلگەندە ئۈچ قىز ئوقۇغۇچى ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. مۇئەللىم قىزلارنى تازىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، يەنە ئوقۇغۇچى يىغىش ئۈچۈن ئائىلىلەرگە ماڭدى. بىر نەچچە بالا يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈجمە تۈۋىگە توپلىشىۋالغانىدى، مۇئەللىم دىققەت بىلەن قاراپ ئۇ يەردە بىرەر ۋەقە بولغانلىقىنى پەملىدى، ئۇ پۇتىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشىغا قارىماي تېز قەدەم بىلەن ماڭدى.

ئۇنىڭ پەرىزى توغرا چىقتى. ئۈجمىدىن خېلى يىراقتا دۆڭ باغرىدىكى يىگانە ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە ئورۇق بىر كىشى داد سېلىپ يىغلىماقتا ئىدى. بۇ كىشى ناسىر ئىدى. ئۇ ئوتتۇز ياشتىن ئەمدىلا ھالقىغان بولسىمۇ، قارىماققا 40 ياشلاردەك كۆرۈنەتتى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنى «ناسىر سوكان»دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنى بەزىلەپ ئولتۇرغان تەمبەل كىشى توختى ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئاتا مىراس لەقىمى «پاسار» بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى «توختى سەپرا» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىككىيلەننى ئورتاق تۇرمۇش نان ـ قېرىنداشلارغا ئايلاندۇرغانىدى، توختىدىكى بەردەم، قاۋۇل بەدەن، ناسىردىكى ئورۇق، ئاجىز بەدەننى تولۇقلىسا، توختىدىكى جاھىل مىجەزنى ناسىردىكى سالماق، خوش خۇي مىجەز چەكلەيتتى. قىسقىسى، ناسىر باشقىلارغا بوزەك بولماسلىق ئۈچۈن توختىدىكى زور كۈچنى يۆلەك قىلسا، توختى ناسىرنى قانات ئاستىغا ئېلىشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى ھېسابلىغاندىن سىرت، ئۇنىڭ خوش چاقچاق خۇسۇسىيىتىگە كۆنۈپ قالغانىدى. بۇ قەدىناسلار بۆگۈن نېمە پالاكەتكە يولۇقتى ـ ھە!

ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ كۆڭلى بىردىنلا پەرىشان بولۇپ، يۈرىكى داۋالغۇدى. چۈنكى، ئۇنىڭ مەھەللە ئىچىدە كۆڭلى ئەڭ يېقىن ئادەملىرى مۇشۇ توختى بىلەن ناسىر ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل كۆڭلى يېقىنلىقىنىڭ سەۋەبى بۇ ئىككىيلەننىڭ كۆز ئالدىدا چوڭ بولغانلىقى، كىچىك چاغلىرىدا ئۇلارغا بىلىم بەرگەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز كۆڭلىگە كۆمۈلگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدا ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ چوڭلۇقىدا ئىدى. مۇئەللىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شادلىقىغا، قايغۇسىغا شېرىك بولۇش خوشاللىق ھېسابلىناتتى. توختى بىلەن ناسىرمۇ مۇئەللىمنى ئۆز دادىلىرىدەك ھۆرمەتلەيتتى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بەزىلىرىدە مەنپەئەت ئۆلچەم قىلىنىدۇ، بەزىلىرىدە بولسا ئىنسانىي خىسلەت ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كېيىنكى خىلغا مەنسۇپ ئىدى.

ناسىر مۇئەللىمنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى:

ــ ئاھ خۇدا، مەندىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتتى، ماڭا نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۇۋال قىلىسەن؟ مېنىڭ دۇنيادا بار ـ يوقۇم مۇشۇ كەپتەر ئىدى. ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟

مۇئەللىم ئۆگزىدىكى گازىر خولىدا ياسالغان قوما ئىچىدە تۇرغان 20 دىن ئارتۇق ئۆلۈك كەپتەرنى كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشەندى. ئۇ ناسىرنىڭ يىغىسىغا چىداپ تۇرالمىدى.

- بولدى قىل ناسىراخۇن، ئۆزۈڭنى ئاۋايلا.

مۇئەللىم شۇنداق دېدى - دە، توختىغا ناسىرنى ئۆگزىدىن ئېلىپ چۈشۈپ كېتىشنى ئىشارەت قىلدى. مۇئەللىم قومنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۆلۈك كەپتەرلەرگە ئېچىنغان ھالدا سەپسالدى. ئۇ بىلىدۇ، ناسىر ئۈچۈن بۇ جانىۋارلار ئىنتايىن قىممەتلىك. ناسىر ھەر كۈنى بىكار بولسىلا ئۆگزىسىدە ئولتۇرۇپ كەپتەرلىرىنىڭ ئۇنلىشىنى. كۆك قەھرىدە پەرۋاز قىلىشىنى تاماشا قىلسىلا تەنھالىقىنى ئۇنتۇيدۇ. دەرد - ئەلەملىرىنى، غېرىپلىقىنى يىراققا قوغلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رەھمەتلىك كەپتەرلەرنىڭ داڭقى بۇ يۇرتنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا يېتىپ بارغانىدى. ئۇ دادىسىدىن مىراس قالغان بۇ كەپتەرلىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۆزىنى تەنھا، نامرات ھېسابلىمايتتى. ئەپسۇس ئەمدى . . .

ئىبراھىم مۇئەللىم ئۆلۈك كەپتەرلەرنىڭ بىرىنى قولىغا ئالدى. كەپتەرنىڭ پوكىنى ئېسىلىپ كەتكەنىدى. تۇمشۇقىدا خېمىر يۇقى بار ئىدى. مۇئەللىم قوما ئىچىگە زەن سېلىپ قاراپ، ياڭاقچىلىك چوڭلۇقتىكى خېمىر پارچىسىنى تاپتى. خېمىر قوناق ئۇنىدا ئېتىلگەن بولۇپ، ئاچچىق پۇرايتتى. مۇئەللىم شۇئان بۇ پۇراقنىڭ د د ۋ (D D W )نىڭ پۇرىقى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاڭغىچە ئۇنىڭ يېنىغا توختى كەلدى. مۇئەللىم پەس ئاۋازدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

- كېچىدىن ناسىر ئۆيدە بارمىدى؟

- بار ئىدى. مېنىڭ ئۆيۈمدىن شام خۇپتەن ئارىلىقىدا قايتىپ كەلگەنىدى.

- كىمنىڭ قىلغان ئىشىدۇ بۇ؟

- مۇئەللىم، مەن بىلىپ بولدۇم.

- نېمىنى بىلىپ بولدۇڭ؟ قارىسىغىلا گۇمان قىلىپ يۈرمە، ناسىرغا نەسىھەت قىل، كەلسە - كەلمەس كىشىلەردىن گۇمانلىنىپ يۈرمەڭلار، بولغۇلۇق بولۇپتۇ، سەۋرى قىلايلى!

- ياق، مۇئەللىم، سىلى ئۇقمايلا، ئۆتكەندە ئابدۇغېنى سېرىق بۇ كەپتەرلەردىن ئىككى جۈپنى ئېلىپ كېتىمەن دەپ ناسىردىن تالاشقانىدى، ناسىر بەرگىلى ئۇنىمىغان. ئاشۇ مۇتتەھەمنىڭ قىلغان ئىشى، مانا قاراڭ، ئۆگزىگە ماۋۇ يەردىن چىقىپ، خېمىرنى ماۋۇ يوچۇقتىن تاشلىغان گەپ. مەن ئىزىنى كۆرۈپ ئىزدەپ كەلدىم، ئاشۇ مۇتتەھەمنىڭ ئىزى. ئۇنىڭ بۇ كەپتەرلەرنى ناسىردىن تالاشقانلىقىنى مەھەللىدە ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇ تانالمايدۇ. مەن ھېساب ئالىمەن.

- ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارما، يەنە تەرسالىق قىلىپ مەھەللىدە جېدەل - ماجىرا چىقىرىپ يۈرمە! نىيىتى يامانىنىڭ ھامان قازىنى تۆشۈك.

ئىبراھىم مۇئەللىم شۇنداق دېدى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار ئۆگزىدىن چۈشكەندە، ئىشىك ئالدىغا باللار ۋە قولۇم - قوشنىلار جەم بولۇپ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتى. ئىبراھىم مۇئەللىم توختىنى يانغا تارتىپ بىر مۇنچە نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، باللارنى ئەگەشتۈرۈپ مەكتەپ تەرەپكە كېتىپ قالدى.

بۇ قۇتلۇق كۈن ئىدى، بىراق . . .

## تامچى كالىغا مۈڭگۈز چىقتى

تومۇز ئېيىنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى ئۇلارنى بۇ مەھەللىنىڭ كۆزى بولغان ئېرى سۆگەت تۈۋىگە يىغىپ قويغانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈزلىرىنى قورۇق باسقان قېرىلارمۇ، ئەمدىلا بۇرۇتلىرى خەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تارتقان ياشلارمۇ بار ئىدى. بۇ سۆگەتنىڭ قاچان تىكىلگەنلىكىنى بىلمىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. پەقەت توختاش بوۋايلا ئۇنى «غۇلامباينىڭ سۆگىتى» دەپ ئۆزىنىڭ يۇرتتا ئەڭ پېشقەدەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. بۈگۈن ئۇ «بۇكەمنىڭ ياشلىرىنى - زە . . .» دەپ باشلايدىغان قىزىق ھېكايىسىنى باشلىمىدى. پاراڭ كۆتۈلمىگەن يەردىن باشلاندى:

- نۇراخۇن، سىلى ئالا توپاقنى سېتىپ قاملاشمىغان ئىش قىپتىلا، قېرىغان بولسىمۇ قىمغا بەلەن ئىشلەيتتى.

كىر گەدىننى قاشلاپ ئولتۇرغان نۇراخۇن قوشنىسى قاسىم دېھقاننىڭ بۇ سۆزىگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. توختى بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك قىياپەتتە دېدى:

- كارامەت كۈچلۈك ئىدى كاساپەت، جاڭگالدا ئادەمگە جاپا سالمايتتى. بوردىماپسىز نۇراخۇنكا.

- ھەممە ئادەم دەردىنى ئۆزى بىلىدىكەن، - دېدى نۇراخۇن ئۇھ تارتىپ قويۇپ، - ئەسلىدە ساتماي بوردىغان بولسام تازا جايىدا بولاتتى. ئېغىز ئاشقا تەگكۈچە پەلەك تاشقا تەگدى. راست دەيسىلەر، بوردىغان بولسام ئېغىز ماي بولاتتى. ئېغىلغا قىغ دېگەن توشۇپ كېتەتتى. لېكىننزە بۇيا تاختىدىكى يەرنى ئاران دېگەندە كۆچلەندۈرۈپ يەر قىلسام . . .

- ئۇ يەرگە نېمە بولدى؟ - توختى ئالدىراپ سورىدى.

- نېمە بولاتتى! دۈيجاڭ ئۇ يەرنى رەجەپ چۈجگۈنگە ئېلىپ بەردى، - نۇراخۇن سۆزىنى توختىتىپ يېرىك ئالقىنىغا تۆككەن ناسۋالنى قېلىن كالپۇكىنى يېرىپ سالدى.

- ئابدۇغېنىنىڭ مۇشۇ ئىشىزە تازا قاملاشمايدۇ. يەرنى ئەمدى بىر يەر قىلىپ تەييار قىلساڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرىغا ئېلىپ بېرىدۇ، - قاسىم دېھقاننىڭ بۇ سۆزى خۇددى ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك ئارىدىكى پاراڭنى بەس - بەس بىلەن شىكايەت قىلىشقا ئۆزگەرتىۋەتتى.

- زاكوغا تىلدۇرغان تاختايلاردا جاۋەن ئەتكۈزۈپ ئايۋانغا قويۇۋاپتۇ.

- يۆلەش ئائىلىلىرىگە كەلگەن ئوغۇتلارنىمۇ ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىشتى، تويىمىغانلار.

- سۇنىڭ بېشى لاي، ئاخىرى لاي.

توختىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

- ئابدۇغېنى دېگەنگە بوش كەلسە بولمايتتى. خۇدايىم بۇيرىغاندەك ئاشۇنى ئەترەت باشلىقى قىلىپ ئۆزىمىزگە قىلدۇق.

- ھەي توختى، سەن گەپنى چوڭ قىلغان بىلەن ئۆزۈڭ تازا بوزەك بىر نېمە. ئابدۇغېنىنىڭ تېمىنى ئېتىپ بەرگەن ئىدىڭ، نېمە بولدى ئاخىر؟ مۇنبەت يېرىڭدىن ئايرىلىپ، كۆچمىز يەرگە كەتتىڭغۇ! - قاسىم دېھقان سۆزىنى توختىتىپ دىمىقىنى قىرىپ قويدى. ئەتراپتىكىلەر ھەدەپ توختىنى تالاشقا باشلىدى:

- توختىمۇ قورقىدۇ، كۈچ دېگەن بۇرنىدىن تېشىپ يېتىلەپ يۈرىدىغان تۆگىدىمۇ بار.

- كەپتەر ئىشىدىچۇ؟ ناسىر بىلەن ئاغىنە تۇرۇپ كارى بولمىدى. مۇشۇ تۇرقى ناسىر بىچارە نەلەردە يۈرىدىكىن.

- ئوغۇ بىر گەپ. زۇلەيخان بىلەن بولغان ئىشنى دېگىنە، ھەي، مەن دېگەنچۇ ئىگەكىم.

توختى تاقەت قىلالمىدى.

- قوپە نېرى! مەن ئۇنىڭغا بوزەك بولمايمەن. كۆرمىدۇڭمۇ؟ ئۆتكەن يىلى تازا ياساپ قويدۇمغۇ!

پارالق ئەۋجىگە چىققاندا يىراقتا ئابدۇغېنىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن سۆگەت تۈۋىگە توپلاشقانلار قارچىغىدىن ئۈركىگەن ياۋا ئۆردەكلەردەك ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشتى. گەتىدىن بېرى سۆگەت شاخلىرىغا قونالماي ئاۋارە بولۇشۇۋاتقان ئاق قۇشقاچلار كېلىپ بەزمىسىنى باشلىدى.

ئىش باشقىلار كۈتكەندەك بولدى.

شۇ كۈنى سۆگەت تۈۋىدە توختىغا «يەل» بېرىپ، ئۇ ئارقىلىق ئابدۇغېنىدىن ئۈچىنى ئېلىشنى پەملىگەنلەر ئالدىرىشىپ تاماشا كۆرۈشكە كېلىشتى. جېدەل ئابدۇغېنىنىڭ سۇ ھەققى پۇلىنى يىغقان كۈنى بولدى.

- مېنى بوزەك قىلىمەن دەپ چۆچۈرىنى خام سانىما. ھۇ خوتۇن تالاق. مەنمۇ كوپېراتسىيىگە 30 مو يەرنى پايغا سالغان داۋۇت پاسارنىڭ ئوغلى. سېنىڭ داداڭ كوپېراتسىيىگە نېمە پاي سالغان، ئوغرى! مەندە ئاران ئۈچ مو يەربار، سەندە ساق 27مو، ئالدى بىلەن سەن تۆلە. ئاندىن كېيىن مەن تۆلەيمەن،- توختى ئابدۇغېنىنىڭ سېرىق تاتىراڭغۇ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

- مەن بىلەن نېمە ئىشىڭ، رەزگى، سەن بۇرۇنقىدەك جېدەل قىلىپلا قۇتۇلىمەن دېمە. سەن جېدەلخور بولساڭ مەنمۇ جېدەلخور، پۇل بېرىش بەك ئېغىر كەلگەن بولسا، يەرنى قايتۇرۇپ بېرىپ دولاڭنى چىقىرىپ ئولتۇر. بەشتە كاپالەت ئائىلە قىلىپ قۇتقۇزۇۋالايلى، ئۇنىڭغا ئۇنىمساڭ پۇلنى بەر! - ئابدۇغېنى توختىغا دۈشىلەپ كەلدى.



ئۇنىڭ مەسخىرىلىك سۆزلىرىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان توختى دەرغەزەپكە كەلدى. شۇ چاغدا توختىنىڭ كۆز ئالدىغا ناسىرنىڭ ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئولتۇرۇلگەن كەپتەرلىرى كەلدى. گەرچە ئىبراھىم مۇئەللىم ئۇنىڭ غەزىپىنى نەسىھەت بىلەن چەكلەپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ كۆڭلىدە بۇ ھېسابنى چوقۇم ئېلىشنى نىيەت قىلغانىدى.

- توختا! مۇشتۇمىڭنى تۈرمەي تۇر، ئىنساپ بىلەن گەپ قىلغىنا. سەن بەكمۇ ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ. يول بويىدىكى تېرەكلەرنى ماشىنىغا ھېسابلاپ ئالدىم دەپ كېسىۋەردىڭ، بىر مو يەرگە ئاۋان ساراي سوقتىڭ، سېنىڭ ماشىڭ شۇنچە جىقمۇ؟ ئابدۇللا ھاكىممۇ سەنچىلىك ماش

uyghurkitap.com



ئالمايدۇ! ئالتە ئائىلىنى كىرىم بىرىشكە چىقىرىپ قويدۇق. ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيەت ئەمگىكىنى بىز قىلساق، پۇلىنى سەن خەجلىسەڭ. بىنەم يەرلەرنى تۇغقانلىرىڭغا بەرسەڭ سېنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ ئەمدى ئېيتە، ناسىرنىڭ كەپتەرلىرىنى نېمىشقا ئۆلتۈرسەن؟ ساڭا بىر جۈپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈنما؟ سېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، قاراقچى!

توختى سۆزىنى توختىتىپ دەرغەزەپ بىلەن ئابدۇغېنىغا ئېتىلدى، ئۇ بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن ئابدۇغېنىنىڭ بىلەي تېشىدەك سوزۇنچاق زاڭقىغا بىرنى سالدى. كۈتۈلمىگەن زەربە بىلەن ئابدۇغېنىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېغىزىدىن چاچراپ چىققان شۆلگەي سېرىق بۇرۇتلىرىغا چاپلىشىپ قالدى. توختى ئىككىنچى مۇشتىنى ئېتىشقا تەمشەلگەندە كۈتۈلمىگەندە باغنىڭ كەينىدىن تۇرسۇن شۇجى يۈگۈرگىنىچە كېلىپ قالدى.

ـ ھوي، تارت قولۇڭنى! ـ شۇجى شۇنداق دېگىنىچە ئوتتۇرىغا چۈشتى، ـ نېمە بولدى، ماۋۇ سەپراغا، سەپرايىڭ قوزغىلىپ قالغان بولسا قازاننىڭ قارىسىنى دەملەپ ئىچسەڭ بولمامدۇ؟

ـ سۇ ھەققى پۇلىنى بەرمەي، يەنە بىز بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ ماۋۇ لۈكچەك، ـ ئابدۇغېنى زاڭقىنى ئۇۋۇلىغىنىچە دادلىدى.

ـ قورساق تويۇپ، دولام ئاپتاپ كۆردى دېگىن، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ سۇ قۇرۇلۇشىدا تونۇردىن چۈشۈك تارتىپ يېگەن قەلەندەر سەن ئىدىڭغۇ! نېمىشقا پۇلنى بەرمەيسەن؟ ـ دېدى تۇرسۇن شۇجى توختىغا.

ـ بېرىشنىغۇ بېرىمەن شۇجى، ماۋۇ بۇلاڭچى ئۆزى تۆلىمەي، ئۆزى تۆلەيدىغان پۇلنى بىزگە يۈكلەپ قويسا قانداق بولغىنى؟

ـ سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟

ـ مەن ئوبدان بىلىمەن شۇجى، نېمىشقا بىزنىڭ سۇ ھەققى پۇلىمىز باشقا ئەترەتلەرنىڭكىدىن جىق چىقىدۇ؟ سىلى بىلمەيلا شۇجى، ئۆتكەندە، كىرىمچى ئائىلىلەردىن 300 كوي يىغىپ خەجلىدى. سۇ ئامبىرىغا بارغانلارغا قوي ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ بەردىم دەپتۇ تېخى . . . قېنى كۆپچىلىك دەپ باقسۇن، كىمگە قوي ئۆلتۈرۈپ بېرىپتۇ؟

گەرچە ئابدۇغېنى تۇرسۇن شۇجىنىڭ بۇ ماجراغا ئۇلگۈرۈپ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولغان بولسىمۇ، بىراق توختىنىڭ مۇشۇ ئىشنى ئاشكارا قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. توختى ئاخىرى ئاشكارا قىلىۋەتتى. ئابدۇغېنىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ، سېرىق بۇرۇتلىرى لىكىلداپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر توختىنىڭ ئالدىدا ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغان ئابدۇغېنىدىن نەپرەتلەنسە، بىر تەرەپتىن توختىنىڭ دىتىغا قايىل بولۇپ، باشلىرىنى لىڭشىتاتتى.

ـ تەشكىل بىلەن قارشىلاشقان ئادەم ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ، ـ دېدى تۇرسۇن شۇجى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ـ بىر پۇڭ قالدۇرماي تۆلەيسەن، ئەگەر تەرسالىق قىلساڭ جەرىمانە قويۇلىدۇ، چىدىمىساڭ يەرنى قايتۇر!

ـ نېمىشقا قايتۇراتتىم شۇجى، يەرنى سىلى بەرمىگەن، ھۆكۈمەت بەرگەن.

توختىنىڭ بۇ سۆزى تۇرسۇن شۇجىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى:

ـ ئۇنچە ھەددىڭدىن ئاشما، توختى. ھۆكۈمەت ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىۋاتىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە، يەرلەر غاچچىدە يىغىۋېلىنسا، كۆرسەن تېخى. ئۇ چاغدا خالتاڭنى قولتۇقلاپ «جېنىم شۇجى» دېسەڭ

ئەسقاتىدىغان ئادەم يەنە شۇ بىز. كۆرمىدىڭمۇ، بورۇن ئامبار، ئىشخانىلارنى چۈۋۈۋەتكەن بولساق، ئەمدى ئىشخانىنى يېڭىدىن پۇختىلاپ سېلىۋاتىمىز.

توختى جىمىپ قالدى. ئەتراپتىكىلەر جىمجىت تۇرۇشاتتى. توختى ئارىدىن بىر-ئەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئابدۇغېنىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، باياتىن ئۆزى ئاشكارا قىلغان ئىشلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىنى تىلەيتتى، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن چىرايلاردىن زۇۋان چىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تېخى باياتىنلا ئابدۇغېنىنىڭ قىلمىشلىرىدىن زارلانغان كىشىلەرگە ھازىر نېمە بولدى؟ ھەممىسى قاقشايتتىغۇ؟ توختى يەنە بىر قېتىم ئالدانغانلىقىنى بىلدى. بورۇنمۇ مۇشۇنداق ئىشلار كۆپ بولغانىدى. ئاخىرىدا توختى يالغۇز قالغانىدى. توختى ئاخىر ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى: بۇ كىشىلەر باشلىقتىن قورقىدۇ. راست قورقمايمۇ بولمايتتى. ئېشەكمۇ بىر قېتىم پۇتلاشقان كۆۋرۈككە كەلسە تەمتىرەيدىغۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاغزى قېتىمقىتا نەچچە قېتىم كۆيگەن تۇرسا.

تۇرسۇن شۇجى ساۋاتسىز بولغىنى بىلەن ئىشنىڭ ئېپىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئەقلى بولمىسا شۇنچە يىلدىن بېرى بۇ كەنتنى ھېلىقى ئۆپكە كېسەللىك خوتۇندەك ياكى داۋالاتماي، ياكى قويۇپ بەرمەي ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالدا ئالقىنىدا چۆرۈپ كېلەلەمتى؟ ئۇ بۇگۇنكى كۆز ئالدىدىكى بۇ ۋەزىيەتنى ناھايىتى ئوبدان مۆلچەرلىدى. ئۇ كىشىلەرگە ئۇنلۇك قىلىپ قەتئىي ھالدا دېدى:

— دولىمىز ئاپتاپ كۆرۈپلا كۈنىمىزنى ئۆتتۈپ قالمايلى كۆپچىلىك، تېزگىن تارتىلغاندا پۇشايمان قىلىپ قالارمىز.

ئەتراپتىكىلەر «دۇرۇس» دېيىشكىنىچە باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. توختى لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاخىرى يانچۇقىدىن پۇل چىقاردى. ئابدۇغېنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى «خەپ، خۇدايىم بۇيرىسا» دېگەندەك مەنىنى كۆرۈپ ئىچىنى جىغ-جىغ قىلدى. قاپىقى ئىختىيارسىز تارتىپ كەتتى. مانا شۇنىڭ بىلەن توختىنىڭ بۇگۇنكى «مەقسەتلىك» چىقارغان ماجىراسى ئۇنىڭ يىگىرمە ئىككى يۈەن سۇ ھەققى، بەش يۈەن مىراپ ھەققى پۇلىنى غىڭ-پىڭ قىلماي تاپشۇرۇشى بىلەن تاماملاندى. كىشىلەر تارقىلىشىپ، تۇرسۇن شۇجى كەنت تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، ئابدۇغېنى بوغالتىر بىلەن تۇرسۇن شۇجىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ئابدۇغېنىنىڭ خۇشاللىقى باشقا ئىشتىن ئەمەس ئىدى. باياتىن توختى 300 يۈەن پۇلنىڭ ئېپىنى چىقارغاندا، ئۇ شۇجىنىڭ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. يامغۇرى يوق گۇلدۇرمامىدەكلا ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ئىش ئۇنىڭ بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىكى ئەقلىنىڭ خاسىيىتىدىن بولدى. بىر ئاي ئىلگىرى، تۇرسۇن شۇجىنىڭ يېڭى ئۆيى سېلىنغاندا، توختى ئابدۇغېنىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىر كۈن ئىشلىشىپ بېرىپلا، «ئۇ شۇجى بولسا ئۆزىگە، مەن قول ئەمەس» دەپ ئەتىسى بارغىلى ئۇنىمىدى، ئابدۇغېنى بۇ سۆزنى سەمرىتىپ شۇجىغا جايىدا يەتكۈزۈپ قويۇپ تازىمۇ بەلەن قىلغانىدى. مانا، ئەقلىنىڭ پايدىسى دېگەن مۇشۇ.

* * *

دۇنيادا شۇنداق بىر خىل ئادەملەر بار. ئۇلار كۆپ ئىشلاردا بەختسىز، ئەمما ھېچقانداق بەدەل تەلەپ قىلمايدىغان كۈچى بىلەن كۆپ كىشىلەرنى بەختلىك قىلالايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى قىلچىمۇ ئويلاپ قويمايدۇ. پەقەت تۇغۇلغان ۋاقتىدا ئاللانىڭ «زۇۋۇلىسى»نى كىچىك ئۈزۈپ قويغانلىقىدىنلا زارلايدۇ، خالاس. توختى ئەنە شۇنداق تەبىئەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ مۇشۇ كەنتنىڭ كونىسى

داۋۇت پاسارىنىڭ كەنجى ئوغلى بولۇپ، 11 يېشىدا دادىسىدىن ئايرىلدى. كېيىنكى ئون يىللىق ئۆمرى كېسەلچان ئانىسىنى بېقىش بىلەن ئۆتتى، ئانىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، ئىككى ئاچىسى ۋە بىر ئاكىسى مىراس ئايرىشىپ، ئۇنى قۇرۇقدىلىپ قالغان كونا ئۆيدە قالدۇرۇپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياۋاش، ئىشچان مىجەزى بىلەن مەھەللىدە نامى بار ئەيسا ئاخۇنۇمغا ياراپ قېلىپ، ئۇنىڭ قىزى زۇلەيخان بىلەن توي قىلدى. ئۇ بۇ بەختكە ئەيسا ئاخۇنۇمنىڭ يەرلىرىنى تېرىش، سۇغۇرۇش، بېغىدىكى دۆۋىلىنىپ تۇرغان شىرشىم كۆتەكلەرنى يېرىش قاتارلىق ئەڭ ئاددىي بەدەل بىلەن ئىگە بولغانىدى. توختى تۇرمۇشقا خېلى پىشقان بولسىمۇ، بىراق، تامىلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشەي دېگەن كونا ئۆيدە ئاتا - ئانىسىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇش ئاسانغا چۈشمىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ زۇلەيخان بىلەن توي قىلغان ۋاقتى يېزىلاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، يەرلەر ئائىلىلەرگىچە كۆتۈرە بېرىلگەن قاينام - تاشقىنلىق كۈنلەرگە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى ئىشلار ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغان تەرىپىدىن چىقمىدى. دەسلەپتە، ئۇ يېزا كادىرلىرى بىلەن «ماڭا چىم بېسىپ كەتكەن يەر لازىم ئەمەس» دەپ جېدەللەشتى. كېيىن «يەر تەقسىم قىلىشتا ناھەقچىلىق بار» دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈردى. ئېغىر تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇپ شۈكرى قىلىشنى بىلمىگەن توختىغا كىشىلەر يامان كۆزدە قاراشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بۇرۇنقى كۆپ نەرسىلەرنى ئىلغىمايدىغان «كالا» دېگەن لەقىمى ئۆزگەرتىلىپ «جېدەل» دېگەن يېڭى ئىسىمغا ئىگە بولدى. «كالىنىڭ مۈڭگۈزى» دادۇيدە خېلى نامى بار كىشىلەرگە سانچىلىۋاتسا، ئەيسا ئاخۇنۇم قانداقمۇ قاراپ تۇرالىسۇن؟ بولۇپمۇ بىر نەچچە دانە تېشىلىپ كەتكەن كونا كىگىز، قاماق چۈشكەن كاسا، چەم بىلەن قامالغان كونا ئورۇس ساندۇقى ۋە جىن چىراغنىڭ نەچچە يىللىق ئىسى بىلەن قارىداپ كەتكەن كۆرۈمسىز ئۆي زۇلەيخاننىڭ كۆڭلىنى ئاچالامتى؟ شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئىشلەپ باي بولۇۋاتسا، توختى ئەتىدىن - كەچكىچە «ناھەقچىلىق» دەپ قاقشاپ يۈرسە، ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى كۈتكىلى بولىدۇ؟ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، توختى زۇلەيخاننى ئۇنتۇيالماي، ئەتە - ئۆگۈن جەم بولىدىغاندەك ئۆز خىيالىدا كۆڭلىنى بەزلەپ يۈرگىنى بىلەن، زۇلەيخاننىڭ «جاھىل بىلەن جېنىمنى قىينىمايمەن» دەپ ئۇنىڭدىن خېتىنى ئېلىپ، قوشنا يېزىدىكى رەجەپ ئىسىملىك سەيپۇڭ بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قالغانلىقىغا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىككى يىل بولۇپ قالدى. توختىنىڭ مىجەزى شىمالنىڭ ھاۋاسىدەك تېز ئۆزگىرىدۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا «سەپرا» دېگەن يېڭى لەقەمنى قويۇپ قويۇشىنىڭ ئاساسى دەل مۇشۇ.

توختى ئۆيىنىڭ كەينىدىكى پاكار تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تونۇگۈن ئېرىق چاپقان چاغدا كېسىۋالغان پوتىدىكى تېڭىقنى يەشتى. كەتمەن خېلى بەك كېسىۋەتكەن چېغى، كېسىلگەن يەرنىڭ ئەتراپى ئىششىپ كەتكەنىدى. قاشاڭ چىۋىنلار زىدىنىڭ ئەتراپىدا گىژىلداپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى.

— جوھۇت ئوغرىلار! مەن بۇ يەرگە ئاناڭنى ئەكىلىۋالمىدىم. ۋاي، ۋاي ...

ئۇ چىۋىنلارنى ھۆركىتىمەن دەپ كۆتۈلمىگەندە يارىسىغا ئۇرۇۋالدى. بىر پەس چاپاق باسقان كۆزىنى يۇمۇپ، قېلىن، يىرىك لېۋىنى چىشلىدى. كېيىن ئۇ ھېلىلا يېشىپ تاشلىغان ياغلىق پارچىسى بىلەن يارىنى ياپتى. پۇتىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلار ئەمدى ياغلىق پارچىسىدىكى قېتىپ قالغان قان داغلىرى ئۈستىگە قونۇشقا باشلىدى. توختى ئىرەن قىلمىدى. ئۇ زۇلەيخاننى ئېسىگە ئالدى. چۈنكى ئۇ پۇتىنى تاڭغان ياغلىق زۇلەيخاننىڭ ئىدى. ئۇ دەسلەپتە زۇلەيخاننىڭ بۇ ياغلىقنى نېمىشقا

قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇ دەرھال چۈشىنەلمىدى، كېيىن بۇ ياغلىقنىڭ ئۆتكەندە سېرىق چاشقانلار تىشىۋەتكەن ئورۇس ساندۇقنىڭ كەينىدىن تېپىلغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ «ئېھتىمال ئۇنتۇپ قالغاندۇ» دەپ جەزىم قىلدى. ئۇنىڭ قولىقىنىڭ تۈۋىدە زۇلەيخانىڭ قاچاندۇر دېگەن «ئەمدى خەقنىڭ تېمىنى ئېتىپ يۈرمەڭ، بۇرۇنقىدەك نومۇر ئالىدىغان ئىش يوقتۇ، قولۇم ئاغرىيدۇ دەپ قاقشاپلا يۈرۈيسىز، رېماتىزىم بولغان گەپ» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلىدى. كۆز ئالدىدىن ھازىرغا قەدەر ئەتكەن تاملىرى بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۇ شۇنچە كۆپ تاملارنى پەقەت قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا ئەتكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. تومۇز ئاپتىپى ئۇنى ئېزىۋەتتى. بېشىنى ئاستا تامنىڭ يان باغرىغا قويدى، كۆزىنى يۇمدى. ئىسسىق شامال بىر خىل يېقىملىق پۇراقنى بۇرنىغا ئۇردى. كېيىن ئۇ ئىسسىق نەپەستەك بىلىندى. شۇ ئان چىڭ يۇمۇلغان كۆزىدىكى قىزىللىق ئىچىدە زۇلەيخان پەيدا بولدى. ئۇنىڭغا تىكىلىپ كۈلۈمسىرىدى. بارغانسېرى يېقىن كېلىپ كۆزىنى يۇمغىنىچە مەڭزىگە سۆيدى. توختىنىڭ سېغىز تويغا مىلەنگەن بەدىنى بىردىنلا تىترىدى. شېرىن بىر ھوزۇر ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى، كۆزىدىكى غايىۋى كۆرۈنۈش بارا - بارا يوقالغان بولسىمۇ، ھېلىلا زۇلەيخان سۆيگەن مەڭزى غىدىقلىغاندەك قىچىشىپ تۇراتتى. ئۇنى جىسمىنى تىترەتكەن لەززەتنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يەردىن تارقىلىۋاتاتتى. ئۇ مەڭزىنى قاشلىماقچى بولۇۋېدى، بىراق ھوزۇرنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى ئېسىگە ئېلىپ قاشلىمىدى. ئۇشتۇمتۇت «ئۇ ۋايجان!» دېدى - دە، مەڭزىگە بىر شاپىلاق ئۇردى. ئورنىدىن قانداقچە تۇرۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. ھېلىلا ئاجايىپ لەززەت ئاتا قىلغان مەڭزى ئەمدىلىكتە ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. مەڭزىنى سىلىۋېتىپ، مەڭزىنىڭ بارغانسېرى ئىششىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئاچچىق ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزى تام ئۈستىگە قونۇۋالغان سېرىق ھەرىگە چۈشتى - دە:

- ۋۇ دەيۈز بۇلاڭچى! - دېگىنىچە ھەرىگە ئېتىلدى. بىراق پۇتىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتىشى بىلەن يىقىلدى. مەڭزىنىڭ ئاغرىقى بىلەن پۇتىنىڭ ئاغرىقى بىرلىشىپ ئۇنى لايدەك بوشىتىۋەتتى.

ئۇ ئورنىدىلا ياتتى.

ئائىلىلەرنىڭ باغلىق يېرىگە سالدۇرغان ئۈزۈم تاللىرىنىڭ ئەي بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كېلىۋاتقان كەنت باشلىقلىرى تام تۈۋىدە توپىغا پۇچۇلىنىپ ياتقان توختىنى كۆردى. بىراق، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى زۇۋان سۈرۈشمىدى. ئۇلار توختىنىڭ ئۆيىدىن يىراقلىشىپ چوڭ يولغا چىققاندىلا، تۇرسۇن شۇجى:

- نېمە بولدىكىنا، ئاۋۇ سەپرا كالىغا، - دېدى توختىنىڭ ئۆيى تەرەپنى ئىما قىلىپ.

- ھە، توختىنى دەملا؟ تارتقۇلۇقنى تارتىۋاتقاندۇ ھەقاچان، - دېدى شۇجىغا سۈگدىشىپ كېتىۋاتقان ئابدۇغېنى، - شۇجى، ئۇ رەزگىنىڭ يېرى ئۆتكەن يىلى جېدەل قىلىپ قاسىم كامالدىن ئېلىپ بەرگەن يەر ئىدى. ئەمدىلىكتە يەر پۇتۇنلەي ئۆلدى دېسىلە، يا قىغ قويمىغان، يا ئوغۇت ئىشلەتمىگەن.

- ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالمىساق بولمايدۇ، ئاڭلىسام، «داۋۇي، ئەترەت كادىرلىرى بۇلاڭچى بولۇپ كەتتى، يېقىندا مۇشۇنداق ئىشلارنى تەكشۈرۈپ كادىر كېلىدىكەن، قورقماي دەۋېرىڭلار» دەپ يۈرگىدەك.

تۇرسۇن شۇجىنىڭ بۇ سۆزى داۋۇي بوغالتىرنى ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇ پىستە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ دېدى:

www.uyghurkitap.com



- ياپىرىم، راستىمىلا مۈڭگۈز چىقىپتۇ ماۋۇ كالىغا، ھەممە نەرسە كۈللىكتىپ ئىگىلىكىدە بولغان چاغلاردا مۇشۇنداق دېسە قاملىشاتتى، ھازىر ئالىدىغان نېمە بار؟

- كەنجى قوناق چېپىلغاندىن كېيىنلا ئۇ سەپرانىڭ يېرىنى چىم تاختىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىلىك ئابدۇغېنى. قورقىدىغان يېرى يوق، كەلگەن ئادەمگە بىزنىڭمۇ گېپىمىز بار، - دېدى تۇرسۇن شوجى كەسكىن قىلىپ.

- بەلەن دېدىلە شوجى، بۇ كالىنىڭ مۈڭگۈزىنى كىچىك چېغىدىلا ھەرىدىۋەتمىسەك چاتاق.

ئابدۇغېنىنىڭ بۇ سۆزى ھەممىگە ياقتى بولغاي، باشلىرىنى لىڭشىتىشتى.

- راست دېدىڭىز ئابدۇغېناخۇن، يۇلەپ باقتۇق، يېتىۋالدى، بىزمۇ ھاردۇق ئەمدى، - دېدى كەنت باشلىقى ئابدۇغېنىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

- زۇلەيخان شودى بار ئايال ئىدى، - دېدى ئەتىدىن بېرى زۇۋان سۈرمەي كەلگەن داۋۇي قوغداش مۇدىرى ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئارىدىن ھېچكىم ئىپادە بىلدۈرمىدى.

## زۇلەيخاننى ۋاز كەچتۈرگەن ئاشۇ مۈڭگۈز

بىكارچىنى خىيال باسىدۇ. توختى يوتىنى ئاۋايلاپ ئېتىزغا بارماي، ئۆگزىسىدە ئولتۇرغان كۈنلەردە ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى خىيال بولدى. بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ ئۆگزىدە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇپ ئويلىغانلىرى كۆپ ۋە تالايمقان بولدى. قوشنىسىنىڭ تاللىقىدا «ئۆي تۇتۇشۇپ» ئويناۋاتقان كىچىك باللارنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرى ئېسىگە كەلدى. بىراق ھەر قانچە ئويلاپمۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا قىزلار بىلەن «ئۆي» تۇتۇشۇپ ئوينىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. كېيىن ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتقان باللارنى كۆرۈپ، مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرى، بىر قېتىم داۋۇيىنىڭ قوناقلىقىدىن كۆكباش ئوغرىلىۋالغان سالىخاننى دۈينىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىسىغا چېقىپ قويۇپ، سالىخاننىڭ بويىنىغا كۆكباش ئېسىپ سازايى قىلىنغاندا يەتكۈچە پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالالىدى. ئاخىرىدا توختى ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ياش ئەر - خوتۇننى كۆرۈپ كۆڭلى تولىمۇ ئەسكى بولدى. مەنمۇ ئوقۇپ ئاشۇ ياسىنىدەك كادىر بولغان بولسام ئاشۇنداق خانىم ئالغان بولاتتىم، قاراپمۇ قويمايدۇ دائىل. مەكتەپتە ئۇنى نەچچە قېتىم تاياقتىن قۇتقۇزۇپ قويغان توختى مەن شۇ. خانىم ئالدىم دەپ كاداڭلىق قىلغىنىنى. مەنمۇ زۇلەيخاننى ئالغان.

- توختى! ھەي، نەگە كەتكەندۇ ماۋۇ سەپرا!؟

توختىنىڭ كۆڭۈل قېتىدا ئۆزىگە دېگەن سۆزلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن شوتىغا ياماشتى. ھويلىدا ئوسمان توكچى قولىدا بىر دەپتەرنى تۇتۇپ تۇراتتى.

- نېمە، نېمە دەپ كەلدىڭ؟ توك پۇلىما؟ - دېدى توختى شوتىدىن چۈشۈۋېتىپ.

- ھەئە، توك پۇلىنى تۆلىۋەت.

- نەچچە پۇل ئالىسەن؟

- ئالتە كوي بېرىسەن.

- تۈزۈك گەپ قىل. ئالتە كوي دېگىنىڭنى نائىنسابىنىڭ!

- توك ھەققى تۆت كوي، ئۆتكەندە كۆيۈپ كەتكەن توك سائىتى ئۈچۈن ئىككى كوي.

- ماڭە نېرى، بۇلاڭچى! ئۇ بىر نېمەڭنى مەن كۆيدۈرۈۋەتمىسەم. ئۆزۈڭ بىختەرلىك سىمى سالماي كۆيدۈرۈۋەتكەن تۇرساڭ، ئەمدى پۇلىنى مەندىن ئالامسەن؟ بىر تىيىن بەرمەيمەن.

- سەپرالىقىڭنى ماڭا قىلماي پۇلنى بەر. ھەممە ئائىلىلەردىن يىغىپ كەلدىم. بولمىسا شۇجىنىڭ يېنىغا بارىمىز. ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ سىمىڭنى ئۈزۈۋېتىمەن.

- مىجەزىمنى قوداڭشىتما لاتا بەل بۇلاڭچى! ۋۇ دەيۈز قاراقچىلار. مېنىڭ ئۆيۈمدە ئاران بىر لامپا يانىدۇ. ھەممىڭ بەش - ئالتىدىن ياندۇرسەن، تېخى تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ چالىسەن. ئۇنىڭ پۇلىنى مەن بېرەمدىم، بەرمەيمەن، ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ھاشار كەلگەندە قايسىڭ مەنچىلىك ئىشلىگەن؟

توختى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئوسمانغا دىۋەيلەپ كەلدى.

- ھوي كۆك مەرەز، مەن سەندىن قورقمايمەن، كېلە قېنى! - ئوسمان سۆزىنى توختىتىپ يېڭىنى شىمايلىدى. گەرچە ئۇ بۇقىدەك كۈچلۈك توختىغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، خېلىدىن بېرى توختىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇنى بەردەم ھالغا كەلتۈرگەنىدى. ئەسلىدە ئوسمان تېرە ئېلىپ- سېتىپ زىيانغا ئۇچراپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ يۈرگەندە ئابدۇغېنى ئۇنى تۇرسۇن شۇجىغا دەپ دادۇينىڭ توكچىسى قىلىپ قويغانىدى. ئوقەت قىلىپ يۈرۈپ ئاز - تولا ھىيلە - مىكىرلەرنى ئۆگەنگەن ئوسمان بۇ ئىشتا ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ خېلى بېيىۋالدى. ئەجدادىدىن تارتىپ كىرسىن چىراغ ياندۇرۇپ يورۇقلۇققا تەشنا بولۇپ كەتكەن دېھقانلار ئېلېكتر چىرىغىغا قانداقمۇ ئاشىق بولمىسۇن؟ تەشنالىق دېگەن كۆپ نەرسىلەرنى ئادەمنىڭ كۆزىگە كۆرسەتمەيدۇ. دەرۋەقە، ئوسماننىڭ توك پۇلى ئېلىشتا ئەقىل ئىشلىتىپ، ئۆز چۆنتىكىنىمۇ خېلى ئوبدان توشقۇزۇۋالغانلىقىنى باشقىلار بىلسىمۇ، بىراق ئۇلار بۇنى سۈرۈشتۈرمەيتتى. ئۆتكەن بەش يىل ئىچىدە ئۇنىڭغا بىرەرى سۆز ياندۇرۇپ باقمىغانىدى. مانا بۈگۈن توختى ئۇنىڭ زىتىغا تەگكەن تۇنجى كىشى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ توختىنىڭ ئۆتكەندە ئابدۇغېنىغا «بوھتان» چاپلىغانلىقىغا غەزەپلىنىپ يۈرەتتى. كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا تۇيىقى سىرقىرايدۇ - دە.

توختى بىلەن ئوسمان بىر - بىرىگە خورازلاردەك ھۈرپىيىشىپ كېلىشتى - دە، مۇشت ئېتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى دەر غەزەپكە كېلىشكەنىدى. شۇڭا ھاي - ھۇي دېگۈچە يۈز - كۆزلىرى قانغا بويىلىپ كەتتى. ئوسمان خېلىدىن بېرى ئۆچمەنلىكى بىلەن جان - جەھلى بىلەن مۇشت ئاتسا، توختى يارا پۇتىنى ئاۋايلاپ ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ ئوسماننى ھاردۇرۇپ، ئەمدى ئۇرماقچى بولغانىدى. ئوسمان كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ ئاغرىق پۇتىغا قاتتىق ئايىغى بىلەن دەسسىۋەتتى، توختى بۇ ئاغرىققا چىداشلىق بېرەلمەي، تولغىنىپ كەتتى. ئوسمان بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا كۈچەپ تەپتى. توختى لاسسىدە بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندا، ئوسمان چەبدەسلىك بىلەن يەنە بىر نەچچىنى دەسسىدى، توختى ھەر قانچە قىلسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. بۇ قېتىم توختى يېڭىلدى. بىراق توختىنىڭ قورقۇنچلۇق ھالدا يېتىشى ئوسماننى ساراسىمىگە سالدى. گەرچە ئۇ مەھەللىدە كىچىكىدىن باشلاپ چېلىشىش، مۇشتلىشىش قاتارلىق بەيگىلەردە ئۈستۈنلۈكنى قولدىن بەرمەي كەلگەن توختىنى يەر چىشلەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئۇنى قورقۇتتى. بۇ چاغدا ماجىرانى كۆرگىلى ئادەملەر توپلاشقانىدى. بۇ چاغدا ئوسمان ئەقلىنى تاپتى - دە، بېقىنىنى تۇتۇپ:

- بۇ مەرەز كۆكەمىلىك قىلىپ يېتىۋالدى، بېقىنىمغا تىزلىۋەتتى. ۋاي، قاراڭلار مانا، - دېگىنىچە

www.uyghurkitap.com

كۆڭلىكنى ئۆرۈپ بېقىنىنى كىشىلەرگە كۆرسەتتى. ھەقىقەتەن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئىشەنمەسلىككە ئامالى يوق ئىدى. چۈنكى، توختىنىڭ مەككە قونىقىنىڭ پارسىدەك ئاجىز ئوسمانغا يېقىملىشى ئۇلار ئۈچۈن كۆلكىلىك ئىدى. ئۇلار ئاخىر ئوسماننىڭ كۆڭلىنى ياساشتى. زاڭقىدىكى قاننى تۇردى ياغچى قاسماق يېغى بىلەن سۈرتتۈەتتى. كېيىن ئوسمان ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ «ۋايجان، تېلىم ئاغرىپ كەتتى» دەپ قـاقشىغاندا، كىشىلەر ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ، كەنت دوختۇرىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشتى. توختى شۇ ياتقان پېتى قالدى.

* * *

ئادەملەر قىزىق. ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ھايات سەھنىسىدە ھەر خىل روللارنى ئالالايدۇ. ئادەملەردىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت پەقەت مەنپەئەت تارازىسىغا قاراپلا ئۆزگىرىدۇ.

دەرۋەقە، توختىنىڭ تەقدىرىگە تارازا تۇتقانلارنىڭ تەخىسىگە كۆپ نەرسىلەر چۈشتى. شۇ كۈنكى جېدەلدىن كېيىن، ئوسمان كۆڭلىگە پۈككەن قارارى بويىچە بىر ھەپتە ئۆيىدە ئورۇن تۇتۇپ ياتتى. بىراق، توختىنى تىلىڭ - تىڭلاشنى خوتۇنىغا تاپشۇردى. ئۇ: ئالىمادىس توختى بىر نېمە بولۇپ قالسا قانداق قىلارمەن، دەپ ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ بۈگۈن ھويلىسىدا ئولتۇراتتى. تاشقىرىدىن خوتۇنى چىرايى ئۆڭگەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

- نېمە بولدى؟ - سورىدى ئۇ ئالدىراپ.

- شۇ سەپرا بىلەن نېمىشقىمۇ ئۇرۇشارسىز، ئۇ تەرسا ئەمدى «ئوسماننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرىمەن» دەپ يۈرگىدەك.

قىزىق ئىشتە بۇ. ئوسمان قورقتى، ئۇ توختىنىڭ جاھىللىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئوسمان خىيالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ زۇۋان سۈرمەيلا تاشقىرىغا ماڭدى. خوتۇنى ھېچنەرسىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى. كېچە زۇلمەت قاراڭغۇ بولۇپ، يېزا ئۇيقۇغا چۆمگەنىدى. ئۇ ئوسماننىڭ مەھەللىنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ خېلى ئۇزۇن كۈتۈپ ئولتۇردى. تاقىتى - تاق بـولۇپ يەنە سىرتقا چىقىشقا تەمشەلگەندە، بىردىنلا ئۆي ئىچىنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇرغان لامپۇچكا ئۆچتى . . .

مەھەللىدە توك يانمىغىلى ئۈچ كۈن بولۇپ قالدى. ئابدۇغېنى بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئوسماننىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ چاغدا مەسچىتتىن يانغان جامائەت ئوسماننى يوقلاپ ئۆتۈش ئۈچۈن كىرگەنىدى. ئوسمان كـارىۋات ئۈستىدە يوتقانغا ئورۇنۇپ ياتاتتى. جامائەت بىر پەس ئۇنىڭغا شىپالىق تىلەشتى. كېيىن، توكنىڭ يانمىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىپ: «ئوسماننى توختى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويىمىغان بولسا، بىر ئامالىنى قىلاتتى» دېيىشىپ، بىر ھازا توختىنى تىللاشتى.

- بۇ ئىشتا مەن كۆپ گەپ قىلسام بولمايدۇ، - دېدى ئابدۇغېنى، - ئۆتكەندە توختى ماڭا ئوچۇقتىن-ئوچۇق بوھتان چاپلىدى. مانا ئەمدى ئوسماننى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويدى. توكنى ياندۇرۇش يا سىلەرنىڭ، يا مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بۇ ئىشنى تەشكىل ھەل قىلمىسا بولمايدۇ.

ئـابدۇغېنىـنىـڭ بـۇ سۆزى بىلەن جامائەت خۇددى ھەرە ئۇۋىسىدىن چۇۋۇلغاندەك غودۇڭشۇپ كېتىشتى:

- ئوسمانجان توكنى بىر ئوبدان باشقۇرغانىدى. ئاشۇ پەلەمپەتىش سەپرا ئىشنى بۇزدى، ئۇ جۇندەككە پۇل ئالماي ياندۇرۇپ بەرسە بولاتتى!

- بىز مۇسۇلمان خەق كۆڭلىمىزنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىمىز. دولىمىز ئاپتاپ كۆرسىلا بىر - بىرىمىزنى كولايمىز.

- هاي، هاي، ھەممە گۇناھنى توختىغا ئارتمايلى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار. ئۇللائالەم، سىم ئۈزۈلۈپ كەتكەندۇ، ئۇلىساق بولمىدىمۇ، - دېدى قاسىم دېھقان گەپنى بۆلۈپ.

- تۈزۈك گەپ قىلسىلا قاسىماخۇن. سىلى، بىز توك دېگەن ئەرزائىلنىڭ تىلىنى بىلمەدۇق. باشقا يەرنىڭ ئادەملىرى بىزنى «ئىمانى يوق، ئەتىدىن كەچكىچە جېدەل - ماجرا چىقىرىپ يۈرۈيدىغان ئوسال خەقلەر» دەپ تىللىشىۋاتىدۇ. جېدەل چىقىرىدىغىنى سىلى ئەمەس، مەن ئەمەس، ئاشۇ توختىغۇ!

- تايىنلىق يا ئۆلمىدى، يا يىتمىدى ئۇ سەپرا!

جامائەتنىڭ غەزىپى بارغانسېرى ئېشىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئوسمان ئۆز ئەقلىگە قايىل بولۇپ ياتاتتى. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە، قاسىم دېھقان ئارىغا چۈشتى - دە، تەمكىن ئاۋازدا دېدى:

- جامائەت، بىز ھېلىلا ھەممىمىز مەسچىتتىن چىقتۇق، بۇ ئۆيدە تەرىتىمىز بىلەن ئولتۇرۇپتىمىز، غاپىل بولمايلى. ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى بىر قادىر ئىگەم ئۆزى. قارىسىغىلا توختىنى تىللىساق ئىنسابسىزلىق بولار. توختىمۇ مۇشۇ مەھەللىدە چوڭ بولدى. بىر ئۆينىڭ خاپىلىقى ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ. ئاتا - ئانىسى يوق، بىر تۇغقانلىرىنىڭ ھالى شۇ، زۇلەيخانىمۇ ئۇنى تاشلىۋەتتى. ئادەم دېگەننىڭ بېشىغا كۈن كەلمەيدۇ ئەمەس، يالغۇزلۇق دېگەن يامان. سەپرا بولۇپ ئانچە - مۇنچە گەپ قىلىپ قويغاندۇ. ئۇنى ئارىمىزغا ئېلىپ ئىشلارنى ئۆگەتمىسەك قانداق بولغىنى؟ دېگەنبىلەن، ئۇ بىچارىگىمۇ تەس.

قاسىم دېھقاننىڭ سۆيپىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دېگەن بۇ سۆزلىرى بەئەينى قايىنغان قازانغا سۇ قويغاندەكلا ھەممىنى جىم قىلدى. بىر پەس ئۆتۈپ، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى ئابدۇغېنى بۇزدى:

- قاسىمكامنىڭ ئېيتىشىچە، توختى دۇرۇس ئادەم ئوخشايدۇ. مەن كۆپ گەپ قىلسام سىلەرگە يامان بولىمەن، شۇڭا بۇ ئىشنى تەشكىل بىر تەرەپ قىلسۇن، كۆردۈڭلارغۇ، تەشكىل نى - نى يامانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىۋاتىدۇ. مۇشۇ توختىدەك بىر ئادەمگە كۈچى يەتمەسمۇ؟

ئابدۇغېنى سۆزىنى توختىتىپ، پېشىنى قاققىنىچە چىقىپ كەتتى. يۇمىلاق يۈزلۈك سېلىم قارىم كەككە ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ قاسىم دېھقانغا قاراپ قويۇپ دېدى:

- قاسىماخۇن، سىلى بىلەن بىز ساۋاتسىز، ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئوبدان بىلىپ كەتمەيمىز. نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ كەتتى. ھەممىسى مۇشۇ توختىدەك جېدەلخورلارنىڭ ئىشى. ئاخىرىدا ھەممىسى جايىنى تاپتىغۇ، ئاڭلىساق ھۆكۈمەت يېزىغا يەنە كادىر ئەۋەتكۈدەك، ھېلىقى گەپلىرىنى ئىككىنچى تالادا دەپ يۈرمىسىلە، سىلى خاپا بولسىلا بىز خاپا بولغانغا ئوخشاش.

- ساۋاتسىز بولساممۇ، ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئېتەلەيمەن قارىم. مەنمۇ ئاڭلىدىم. بۇ دۆرەم ھۆكۈمەت توختىدەك ئادەملەرنى ئەمەس، نەپسى يامانلىق قىلىپ خەقنى قاقتى - سوقتى قىلغان، ئارقا ئىشكتىن پارا يېگەن ئادەملەرنى تەكشۈرىدىكەن.

- بولدى، بولدى. مەن گەپ قىلمىدىم. ئۆزلىرى بىلسىلە. ئىشقىلىپ مەنمۇ يامان گەپ قىلمىدىم.

www.uyghurkitap.com



جاماڭەت ئوسماننىڭ ئۆيىدىن دىلغۇللۇق ئىچىدە قايتىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سىلىم قارىنىڭ دېگەنلىرىنى دوروس تاپسا، بەزىلىرى قاسىم دېھقاننىڭ دېگەنلىرىنى دوروس دېيىشەتتى.

* * *

مەھەللە ئىچىدە «شەھەردىن ساقچى چىقىپ توختىنى تەكشۈرگىدەك» دېگەن سۆز ئۇچۇپ يۈرگىلى ھەپتە بولغان بولسىمۇ، بىراق، شەھەردىن كوزگى بۇغداي تېرىشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىككى نەپەر كادىردىن باشقا بىرەر كىم كەلمىدى. ئەتىگەندىلا مەسچىت ئالدىدا تارقالغان «ئىككى ساقچى توختىنىڭ گۆيىگە كەتتى» دېگەن ئۇچۇر چۇش بولغاندا ئۇلارنىڭ ساقچى ئەمەس، تېرە ئېلىپ - سېتىپ باج گوغرىلىغانلارنى ئىزدەپ يۈرگەن باجگىرلار ئىكەنلىكى بىلەن ئىسپاتلاندى. تۇرسۇن شوجى ھەرقايسى دۆيلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، قوشنا داۋىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان كوزگى بۇغداي تېرىش نەق مەيدان يىغىنىغا كېتىۋېتىپ، ئابدۇغېنىدىن سورىدى:

— ناھىيىدىن ساقچى چىقىدىكەن دېگەن گەپنى كىم تارقاتقان بولغىيدى؟

— مەنمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىدىم.

— ھېلى ئۇنتۇپ قالسام سەممىگە سىلىپ قويۇڭ، شاڭجاڭغا ئىنكاس قىلايلى.

— ماقۇل شوجى، بولسا شۇنداق قىلايلى.

يىغىن نامازدىگەر ۋاقتىدا ئاخىرلاشتى. يىغىنغا قاتناشقانلار داۋىلەر بويىچە گورۇپپىغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. نىياز شاڭجاڭ تۇرسۇن شوجىنى ئالدىغا چاقىردى:

— قانداق، جانابىي شوجى. تەلپەكنىڭ ئاستىغا شوڭغۇپ يوقاپلا كەتتىڭىزغۇ؟

— يوقسۇ شاڭجاڭ، ئۆزلىرىنى . . . ئۆزلىرى بىلەن خالىي كۆرۈشەي دەپ تۇراتتىم.

— ھە، قېنى سۆزلەڭ، مەن بىلەن نېمىشقا خالىي كۆرۈشمەكچى بولغاندىڭىز؟

— مۇنداق ئىش شاڭجاڭ، بۇ ھېلىقى بىزنىڭ داۋىدىكى توختى سەپرانىڭ ئىشى ئىدى. ئۇ رەزگى كالا ئوسماننى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى كۆكەملىك قىلىۋالدى. توك پۇلى، سۇ ھەققى پۇللىرىنى بەرمەي بىز بىلەن جېدەللىشىپ . . .

— بۇ گەپلىرىڭىزنى قويۇپ تۇرۇڭ، مەنمۇ سىزنى بىكارغىلا چاقىرمىدىم. سىلەرنىڭ داۋىدە خورىكى ئۆسۈپ قالغانلار خېلى كۆپكەن. ئاڭلىسام، سىزنىڭ داۋىڭىزدىكى بىر يالاڭتۆش يېزا رەھبەرلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىپ يۈرگىدەك. ئۇنداق پىكىر دېگەننىڭغۇ كارايىتى چاغلىق. بىراق، «شاڭجاڭ، شوجىلار ھەر بىر داۋىدىن كىم دېگەندە بىر مودىن يەر تېرىيدۇ. 26 داۋىدىن 26مو يەرنىڭ بېجى، سۇ ھەققى، فوندى پۇللىرى بىزنىڭ گەدىنىمىزدە» دەپ جۆيلۈپ يۈرسە قانداق بولغىنى؟

— شاڭجاڭ، بۇ . . . بۇ . . . كىمدۇ ئۇ، توختى سەپرا بولمىسۇن ھە قاچان.

— سىلىنىڭ داۋىدە توختى پاساردىن نەچچىسى بار؟

— بىر. ئاران بىر.

— ھە، شۇ بولماي كىم ئەمىسە؟ شۇنىمۇ بىلمەي بىر داۋىنى قانداقمۇ چۆرۈپ كېتەلەيسىز شوجى، ھەي، تۇرسۇناخۇن، كۆزىڭىزنى ئېچىپ يۈرمىسىڭىز، ئىش تەس.

— راست، شاڭجاڭ، باياتىن مەن سىلىگە گېپىنى قىلغان توختى دەل مۇشۇ توختى پاسار.

— نېمە؟ ئۇنى سەپرا دەيسىزغۇ؟

- ھە، بۇ . . . ھى . . . ھى . . . لەقەم دېسىلە . . . ئەسلى لەقىمى پاسار ئىدى. ئەمدى سەپرا بولۇپ قالدى.

- قويۇڭە بۇ گەپلىرىڭىزنى. ئەمدى قانداق قىلىسىز؟ سىياسەتنى بىلەمسىز؟ مەن سىزگە يەر تېرىپ قويۇڭ دېمىگەن. مەن دېگەن دۆلەت كادىرى! پارتىيە ئەزاسى. ھېلىقى ماڭا تېرىپ قويغان قونىقىڭىزنى يۇلۇش ئائىلىلىرىنىڭ بىرىگە بېرىۋېتىڭ.

- شاڭجاڭ، بىز جىبۇدا مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇ مەرەزنىڭ يېرىنى قايتۇرۇپ ئالايلى دېيىشكەن. ئەزالارنىڭ ھەممىسى بۇ جېدەلخوردىن جاق تويۇپ كەتتى.

- قانداق قىلىسىڭىز شۇنداق قىلىڭ، - سىزمۇ بىر شۇجىغۇ!

نىياز شاڭجاڭ شۇنداق دېدى - دە، ئۈستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىكى يول ئۈستىدە تۇرغان پىكاپقا قاراپ كەتتى. تۇرسۇن شۇجى ئۇنتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك سالپايغىنىچە قايتىپ كەلگەندە، مۇزاكىرە قىلىشىپ ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇ ئابدۇغېنىنىڭ قولىدىكى تۇگەشكە ئازلا قالغان تاماكىنى ئېلىپ ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچىنى شورىدى.

* * *

ئارا ئۈستەڭ مەھەللىسىنىڭ ئۆزىمۇ بىلەن شاپتۇلى داڭلىق. ھەر بىر ئائىلىنىڭ ھېچبولمىغاندا ئىككى - ئۈچ پۇڭ تالىلىقى بىلەن ئالتە - يەتتە توپ شاپتۇلى بار. يېقىنقى ئالتە يىلدىن بېرى بۇ مەھەللىدىكى دېھقانلار ئارىسىدا ئەقلىنى ئىشلەتكەنلەر تال ۋە شاپتۇللۇقىنى كېڭەيتىپ، خېلى كۆپ كىرىم قىلدى. قاسىم دېھقان بۇ مەھەللىدە ئەڭ بۇرۇن تالىلىقىنى كېڭەيتىپ 40 تۇپكە يېقىن شاپتۇل يېتىشتۇرگەن. بېغىدىن كىرىدىغان كىرىمى ھەممىدىن كۆپ دېھقانلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇ مەھەللىگە ئارىلاپ پەيدا بولىدىغان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ باغۋەنچىلىك تېخنىكى، ئېگىز بوي، سۆزمەن قىز پاتىگۈلگە ئامراق ئىدى. ئۇ بۇ قىزنى مەھەللىدە ئۇچرىتىپ قالسىلا ئۆيگە ئەكېلەتتى. قىزمۇ ئۇدۇل ئۇنىڭ بېغىغا كىرەتتى - دە، باغۋەنچىلىككە ئائىت بىلىملەردىن ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرەتتى.

بۈگۈن چاشكا ۋاقتىدا قاسىم دېھقان بېغىدا تۇراتتى. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا باغقا پاتىگۈل پەيدا بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا كەنت كاسسىرىمۇ بار ئىدى.

- كېلىڭ پاتىگۈل، بېشىڭىزدىن ياغاچ سۇندۇرۇۋېتەيمۇ؟ خېلىدىن بېرى كەلمەس بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟

- ئىدارىدە بىر ئاز ئىش چىقىپ قالدى دەڭا. قانداق، قاقلار قۇرۇپ بولدىمۇ؟

- قۇرۇپ بولدى. يۈرۈڭ ئۆيگە كىرەيلى.

- مەن كېيىن يەنە كېلىمەن. بۈگۈن ئالدىراشلا كەلدىم.

- نېمىگە ئالدىرايسىز؟

- مۇنداق ئىش، قاسىم ئاكا، ئۆتكەن يىلى ئەزالارغا بەرگەن تال قەلەمچىسىنىڭ پۇلىنى يىغىدىغان گەپكەن، شۇڭا . . .

- ھە، مۇنداق دەڭ، ئۇ قەلەمچىلەر كۆكلىمىگەچكە، پۇل ئالمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ پۇل بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. قانچە پۇل بېرىمەن؟

پاتىگۈل كاسسىرغا قارىدى. قارامتۇل كەلگەن كاسسىر قويۇن يانچۇقىدىن كۆك تاشلىق خاتىرىنى ئېلىپ دېدى:

- سىلىگە بەرگەن قەلەمچە مىڭ دانە، ھەر دانىسى تۆت موچەندىن بولغاندا، توپتوغرا تۆت يۈز كوي.

- پاتىگۈل ئۇكام، بۇ ئىشتا سىزدىن ئاغرىنمايمەن، ئەممازە، تۆت يۈز كويىنىڭ ئىككى يۈزكويىنى بېرىمەن. سىز بىلىسىز، ئۇ قەلەمچىدىن كۆكلىگىنى ئاران 105 تۈپ، سىزمۇ كۆپ جاپا چېكىپ كەتتىڭىز. ئاڭلىسام، قەلەمچە نىياز شاڭجاڭنىڭ ئىكەن. كۆمۈلگەن يەردىن ئېچىپ قويۇپ، باھا تالىشىپ يۈرۈپ قۇرۇتۇۋېتىپتۇ، دېيىشىدۇ. مەن قاراپ تۇرۇپ زىيان تارتىدىغان سۈپۈرگە زىيانكەش بولۇپ قالسام بولماس. قانداق دېدىم ئۇكام؟

قاسىم دېھقان سۆزىنى توختىتىپ پاتىگۈلگە قارىدى. پاتىگۈل كاسسىرغا قاراپ تۇراتتى. جۇدۇنى تۇتقان كاسسىر:

- قاسىماخۇن سىلى ئانچە ئۈزۈك ئادەم ئەمەس. قول - ئىلكىڭلاردا بار. باشقا ئەزالارمۇ غىڭ قىلماي بەردى. سىلى مۇنداق كاجلىق قىلساڭلار سەت بولار، - دېدى.

- قوۋۇرغىمىزغا ياغ پۈتۈپ بولغىچە، بىر تەرەپتىن شىلغىلى تۇرساڭلار قاملاشماس. ئىشقىلىپ باشقىلار نېمە دېسە دېسۇن، مەن ئىككى يۈز كوي بېرىمەن. ئۇ بىر نېمىنى ئەكەلگەن چېغىڭلاردا، پەسلىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي بۇرۇنراق ئەكەلمىدىڭلار، ئالمايمەن دېسەم، سىلى «باغۋەنچىلىك ئائىلىسى، ئالمىساڭلار قانداق بولىدۇ؟» دەپ كانىدەك چاپلىشىۋالدىڭلار. كۆكلىگەن بولسىمۇ مەيلى. ئەمدى ئەتە قويۇپ ئۆگۈنلۈككە مەسۇم شۆجىنىڭ ئۈجمە قەلەمچىلىرىنىڭ پۇلىنى يىغقىلى كېلەرسىلەر. ئۇ بىر نېمىمۇ قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئەنە. سىلى زادى ئوبدان ئىش قىلمىدىڭلار. نېمە ئۈچۈن بىز دېھقانلاردىن بىرەرسىمۇ قەلەمچە ئۆستۈرسەك سېتىپ بەرمەيسىلەر؟ ئۆتكەن يىلى، ھاشىم قوتاز بىكارغىلا يۈز باغلام تال قەلەمچىسىنى ساتالماي قۇرۇتۇۋەتتى. بۇ يىل سوپاخۇن ئۆتەكمۇ نۇرغۇن ئۈجمە قەلەمچىسىنى بىر تىيىنغا ساتالماي تاشلىۋەتتى. مانا، پاتىگۈل قىز بۇنىڭغا گۇۋاھ بولالايدۇ. بۇندىن كېيىن بۇنداق ئۇسال ئىشنى قىلماڭلار يۇسۇپ ئاخۇن، پاتىگۈل قىز بىزگە ھەر خىل قەلەمچىلەرنى ئىتتىشنى ئۆگىتىپ قويغان. بىز ئۆزىمىز قىلالايمىز.

- قاسىماخۇن، سىلى كىچىك بالا ئەمەس، سايدىكى تاشنىڭمۇ سانى بار. تەرسالىق قىلماي پۇلنى بېرىڭلار. بىز تېخى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ پۇلنى ئۆتكۈزۈپ كېلىمىز.

- مېنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ، يۇسۇپ ئاخۇن، مەن دېدىمغۇ، ئىككى يۈز كوي بېرىمەن. بولمىسا مېنى ئاشۇ شاڭجاڭنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭلار. ئۇنىڭغا ئۆزۈم دەيمەن، قانداق؟

ئۇلار خېلى ئۇزۇن تاكاللاشتى. ئاخىرى كاسسىر قاسىم دېھقاننى قايىل قىلالماي، شاڭجاڭنىڭ يېنىغا باشلاپ ماڭدى. يول ئۈستىدە پاتىگۈل دېدى:

- يۇسۇپ ئاكا، بۇنداق قىلساق قانداق بولار؟ قاسىم ئاكام ھازىرچە ئىككى يۈز كويىنى بەرگەچ تۇرسا، بىز شاڭجاڭغا پۇلنى ئۆتكۈزگەندە، قاسىمكامنىڭ قەلەمچىسىنىڭ ئەھۋالىنى دەپ باقساق.

- بۇ قانداق بولغىنى؟ سىز قاسىم ئاخۇن بىلەن توختام تۈزگەن تۇرسىڭىز. ئۇنداق بولغاندا، ئىككى يۈز كويىنى سىز تۆلىسىڭىز بولغۇدەك.

كاسسىرنىڭ بۇ سۆزى قاسىم دېھقاننىڭ غۇغىسىنى قايناتتى:
- كـاللىگىز ئىشلىمەپ قالدىمۇ يۇسۇپ ئاخۇن، پۇلنى ئاۋايغا بېرىپ، گۆشنى قاساپتىن ئالغان نەدە بار؟ سىلى جىم تۇرۇڭلار، ئۆزۈم سۆزلىشىمەن.
پاتىگۈل زوۋان سورمەي كېتىۋاتسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدىن ئالاي خىياللار كېزىپ ئۆتەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن بۇ ئىشتا تەڭلىكتە قالغانىدى. ئۇلار ئېتىزلارنى كېسىپ ئۆتۈپ چوڭ يولغا كەلگەندە تۇرسۇن شۇجى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. كاسسىر:
- قاسىماخۇن، مانا شۇجى، گېپىڭلار بولسا مۇشۇ يەردە دەڭلار، - دېدى.
- مەن گېپىمنى شاڭجاڭغا دەيمەن.
بۇ سۆزگە قىزىققان شۇجى سورىدى:
- نېمە ئىش بۇ يۇسۇپ ئاخۇن؟
- مۇنداق ئىش شۇجى. ئۆتكەن يىلى قاسىماخۇنغا . . .
- ھە، تال قەلەمچىسىنىڭ ئىشىمۇ؟ ھەقچان قاسىماخۇن پۇلنى بەرمەيمەن، دەپ تورۇۋالغاندۇ.
- شۇنداق، بەرمەيمەن، - دېدى قاسىم دېھقان ئۇنىڭغا قاراپ.
- باي بولدۇق قاسىماخۇن، خورەك ئۈستى دەڭا!
- تېخى باي بولمىدۇق شۇجى. ئالتە تال شاتراق قوي بىلەن بىر نەچچە يۈز كويىنى كۆرۈپلا ئۇنداق دېمىسىلە. قوي قىشلىقى باللارغا ئۆلتۈرۈپ بەرگىلى ئاران يېتىدۇ. پۇلنى بولسا ئىشلىتىدىغان كۆرمىڭ يەر بار.
- ئەجەبا، پۇل بېرىدىغان مۇھىم يەرنى ئۇنتۇپ قاپسىزغۇ، قاسىماخۇن، قەلەمچىنى ئالغاندىكىن پۇل بەرمەي جېدەل قىلىپ يۈرۈشتىن ئۇيالمامسىز؟
- راست گەپنى قىلسام، مېنىڭ ھەرقايسىلىرى بىلەن تاكاللىشىشىمدا بىرلا سەۋەب بار، دېھقان دېگەن سېغىن كالا ئەمەس، بىزنىمۇ ئاز - تولا ئويلاپ قويۇشسىلا، پۇل تۆلەيدىغان يەر ئادەمنىڭ چېچىدىنمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ماي ياتقۇزۇلىدىغان يولغا ھەر ئائىلىدىن ئۈچ يۈز كويدىن كۆپ پۇل كەتتى. پاختىدىن پۇل كىردى دېگەن بىلەن، ئالۋان بىلەن جەرىمانىگە يەتمىدى، بىر ئوبدان شاپتۇللارنى قومۇرۇپ تاشلاپ تال سالدۇق. تال مېۋىگە كىرمەي تورۇپلا ئۇنىمۇ قومۇرۇپ تاشلاپ ئۆرۈك سېلىشقا باشلىدۇق. ئەمدى ئۆرۈكنى قومۇرۇپ تاشلاپ ئانار كۆچىتى سالىمىز دېيىشىۋاتىسىلەر، كونىلار «ھەر قانداق ئىشنى ئويلاپ قىل» دەپ توغرا ئېيتقان. ئىشخانىدا قورۇق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرماي، پىلاننى پۇختا تۈزۈپ بولۇپ ئاندىن بىزنى يېتەكلىسەڭلار بولمامدۇ؟ يېرىم يولغا بارغاندا: «ۋاي بولمىدى، بۇ يول خاتاكەن، يۇقىرىدىن ھۆججەت كەلدى» دەپلا، بىر تاختا قوغۇننى بىر تىيىن قىلىۋېتىپ ئەجرىمىزنى كۆككە سورۇۋېتىسىلەر، بىرىڭلار يېگىمدىن ئەمەل تۇتساڭلار «مەن ئىشنى يېڭىباشتىن باشلايمەن» دەپ يەنە بىزنى قاقشىتىسىلەر. سەۋر دېگەننىڭمۇ چېكى بار. مەنغۇ كۆپ زىيان تارتمىدىم. باشقىلارنى دەيمىنا، يۇقىرىدىن باشلىق كەلسە «ئاساسىي جەھەتتىن باي قىلىپ بولدۇق» دەپ قاراپ تورۇپ يالغان ئېيتىسىلەر، قېنى ئۇ باي بولغىنىمىز!
تۇرسۇن شۇجىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. كاسسىر ھاڭ - تاڭ قالغان بولسا، پاتىگۈل قاسىم دېھقاننىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قالغانىدى. ئاخىرىدا قاسىم دېھقان كاسسىرغا قاراپ دېدى:

— يۇسۇپ ئاخۇن، بولسا مېنى شائىجاڭنىڭ يېنىغا ئەمەس ئۇدۇل ھاكىمنىڭ يېنىغا باشلاپ بارسىڭىزكەن، قورسىقىمنى بىر بوشىتىۋالاي.

— بۇ . . . بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟

كاسسىر ھودۇققان ھالدا شۇجىنغا قاراپ قويدى.

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى شۇجى، — قاسىماخۇن ھازىرچە ئۆزى بېرىمەن دېگەن پۇلنى بەرسۇن، قالغان قىسمىنى كېيىنچە بىر نىمە دېيىشەرمىز. مەن بۇ ھەقتە شائىجاڭغا ئەھۋالنى ئېيتاي، ئۇمۇ قوشۇلۇپ قالار.

قاسىم دېھقان كاسسىر بىلەن پاتىگۇلنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە قاراپ كەتكەندە، تۇرسۇن شۇجى ئورنىدا خىيالغا پېتىپ تۇرۇپ قالدى. ھەقىقەتەن، ئۇ بۈگۈن يامان چۈش كۆرگەندەكلا دىلغۇللۇق ئىچىدە قالغانىدى. «ئەجەپ ئىش - ھە» دەيتتى ئۇ ئۆزىگە پىچىرلاپ: دېمىسىمۇ، بۇ كاززاپنىڭ دېگەنلىرى راست.

— شۇجى، تۇرۇپ قاپتىلىغۇ؟

تۇرسۇن شۇجى چۆچۈپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى. ئاق سۈزۈك بىر چوكان ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— ھە زۈلەيخانمۇ بۇ، قاچان كەلگەنتىڭىز؟

— تۈنۈگۈن كەچتە. ماڭسىلا، بۇ يەردە تۇرماي ئۆيگە كىرەيلى.

— بىردەمدىن كېيىن كىرىپ ئۆتەرمەن.

— ماقۇل ئەمسە، ئۆيدە ساقلايمەن جۇمۇسىلا. چوكان شۇنداق دېگىنىچە يولغا قارىتىپ سېلىنغان چوڭ دەرۋازىلىق ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

تۇرسۇن شۇجى يەنە ئۆز خىيالى بىلەن مۇڭدىشاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قاسىم دېھقان، نىياز شائىجاڭ ئالمىشىپ پەيدا بولاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا توختى پەيدا بولدى: ئىلىكى شور رەزگى، — دېدى ئۇ ئىچىدە توختىنى تىللاپ، — سېنىڭ كاساپىتىڭدىن مۈڭگۈز چىقارغانلار كۆپىيىپ كەتتى. ئەممازە، ئۆزۈڭگە قىلدىڭ. مۇشۇنداق چىرايلىق خوتۇندىنمۇ قۇرۇق قالدىڭ. بىلسەڭ، زۈلەيخانىنى ۋاز كەچتۈرگەن ئاشۇ مۈڭگۈز.

## «خەپ توختاپتۇر، ئالەم ئۇزۇن!»

توختى 30 يىللىق ئۆمرىدە ساناقسىز قىسمەتلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. يېتىملىك، يوقسۇللۇق ئۇنى ئېزىپ، چىرايىغا تولىمۇ بالدۇر قورۇق، چېچىغا ئاق سوۋغا قىلدى. ھاياتىدىكى بۇ غايەت زور ئۆزگىرىشنى پەقەت ئوسمان بىلەن جېدەللىشىپ قالغان كۈنى كېچىدە ئۆزىدىن باشقا مۇشۇكمۇ يوق ئۆيىدە يېتىپ چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ئاشۇ كۈنى توختى ئوسماننىڭ كۆتۈلمىگەن زەربىسىدىن ئورنىدىن تۇرالماي ياتقاندا، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەرمۇ ئەر كىشى قالمىغانىدى. ماجىراغا داخىل بولغان ئەرلەر دوختۇرنىڭ ئۆيىگە جەم بولغاندا، توختى ئۆمرىدىكى ئەڭ مۇشكۇل مىنۇتلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەنلەر ھەرقانچە دېسىمۇ توختىنىڭ ئوسماننىڭ تايىقى بىلەن يىقىلغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئوسماننى «ئۆرۈپ» بولۇپ كۆكەملىك قىلىپ يېتىۋېلىشى كىشىلەرنى نەپرەتلەندۈرمەكتە ئىدى. كىشىلەر بۇ

ھالدا توختىنىڭ پەس ئاۋازدا دېگەن «مەن سىلەر ئۈچۈن قىلدىم. مېنىڭ ئاران بىرلا جېنىم بار، سىلەر بۇلاڭچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشتىن قورقىسىلەر» دېگەن سۆزلىرىنى قانداقمۇ ئاڭلىسۇن!

بىر چاغدا ئۇنى بىر كىم يۆلىگىنىچە ئۆيىگە ئەكىرىپ قويدى. چاي قايىنتىپ بەردى. بۇ ـ توختىنىڭ كۆڭلىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدىغان ئىبراھىم مۇئەللىم ئىدى. ئىبراھىم ئوقۇتقۇچىلىق قىلمىۋاتقىنىغا 30 يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇنىڭ بۇ مەھەللىدىن يۆتكەلمەي ئىشلىشىنىڭ سەۋەبى ئىككى ئىدى: بىرى، ئۇ 30 يىل ئىلگىرى بۇ مەھەللىدىكى مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇشۇ مەھەللىدىكى دېھقان قىزى بىلەن توي قىلغانىدى. يەنە بىرى، بۇ يېزا ناھىيە مەركىزىدىن يىراق بولغاچقا، يېڭى ئوقۇتقۇچىلار بۇ يەرگە كېلىپلا بىر ئاماللارنى قىلىپ يۆتكىلىپ كېتەتتى. مەكتەپ يەنىلا ئىبراھىم مۇئەللىمگە قالاتتى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ياشلىق باھارى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى مۇشۇ سەھرانىڭ قوينىغا كۆمۈلگەنىدى. باللىرى يېزا نوپۇسىدا بولغاچقا، دېھقانلار بىلەن قان قېرىنداش بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېتىزدا دېھقان، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نۇرغۇن باللار تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئامراق ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

ئۇنىڭ توختىغا يېقىن بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب كۆپ ئىدى. چۈنكى توختى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چوڭ بولدى. يوغان باش، ياپىلاقراق بۇرۇن، كونا بولسىمۇ چىرايلىق ياماق سېلىنغان شىم، كۆك رەڭدە بوياپ تىكىلگەن ماتا كۆڭلەك، كېلەڭسىز بوقچا ئېسىۋالغان بالا ئۇنىڭغا تارتىنىپ تۇرۇپ: «مۇئەللىم، مەن چوڭ بولغاندا شوپۇر بولىمەن» دېگەن ئىدى. بۇلارنى ئىبراھىم مۇئەللىم قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟ كېيىنكى قاباھەتلىك كۆرۈنۈشلەر، ھەسرەتلەر ۋە نىدالار ئۇنىڭ ئېسىدە بار، بەدىنى ئاپتاپتا قالغان تېرىدەك قاتمال بەدەن، تۆمۈرچىنىڭ يۈزىدەك قارامتۇل چىراي، مازاردىكى «مېنى تاشلاپ كەتمە دادا» دەپ جەسەتكە ئېسىلىپ يىغلاشلار، ئاخىرىدا كونا ئۆيدە يىگانە قالغان جان . . . ئىبراھىم مۇئەللىم بۇلارنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، توختىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىبراھىم مۇئەللىم ئۇنىڭغا ھەقىقىي تۇردە ئاتىدارچىلىق قىلدى. ئۇ توختىنىڭ تەرسا مىجەزىنى، ھەق ئۈچۈن ھېچنەرسىدىن قورقماي ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىدىغان خۇسۇسىيىتىنى ياخشى كۆرسىمۇ، لېكىن بۇ خىل مىجەزنىڭ ھازىر زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ توختىغا بۇ ھەقتە كۆپتىن-كۆپ نەسىھەت قىلدى. بىراق، توختى ئەمدى ھە دېسىلا جېدەل چىقىرىدىغان باسقۇچقا يېتىپ كەلدى.

ـ ساڭا شۇنچە كۆپ دېدىم بالام. ياڭاقنى ھامان تاش چاقىدۇ، ئۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشما. ئاققان چۆگۈن ھامان ئاقىدۇ، ئۇنى مىسكەر ئوڭشايدۇ، ـ مۇئەللىم توختىنىڭ پۇتىنى تېڭىپ ئولتۇرۇپ شۇنداق دېدى.

ـ ئەمدى ئۇرۇشمايمەن مۇئەللىم. نېمە بولسا بولسۇن، ـ توختى سۆزىنى توختىتىپ ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى.

ـ يىغلىما بالام، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، مەن ساڭا ئۆيدىن دورا ئەپكېلەي.

ئىبراھىم مۇئەللىم دورا ئېلىپ كەلگەندە، توختى ھالسىزلىنىپ ياتاتتى. دورا يارىغا سۈركەلگەندىن كېيىن توختى جىم بولۇپ قالدى. مۇئەللىم كېچىنى توختىنىڭ يېنىدا تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ئايالىغا توختىغا تاماق ئاپىرىپ بېرىشنى تاپىلاپ ۋېلىسىپىت بىلەن شەھەرگە

دورا ئەكەلگىلى ماڭدى.

توختى ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ خەۋەر ئېلىشى بىلەن خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى. بۈگۈن پېشىن ۋاقتـى بىلەن ئۇ ئاقساپ قەدەم ئېلىپ ئېتىزلىققا كەلدى. كۈز شاملى كېزىپ يۈرگەن ئەتراپقا زوقلىنىپ قارىدى. دېھقانلار ئېتىزلىرىدا ئالدىراش ھالدا كەنجى قوناقنى چېپىپ كۈزگى بۇغداي تېرىش ئۈچۈن يەر تەييارلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۈچ يىغىلغاندەك بولدى. ئۇ نەپرىتىنى زوۋان سۈرمەسلىك بىلەن، ئىنتىقامنى بولسا تېمىپ تۇرغان كۈچىدە ئىشلەپ ھەممىنى مات قىلىشنى ئويلىغانىدى. ئەتراپتا ئىش قىلىپ يۈرگەنلەر ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قارىشاتتى. بەزىلەر پەس ئاۋازدا «ئەمدى يامان بولدى، يەنە جېدەل چىقىدىغان بولدى» دېيىشسە، بەزىلەر پەس ئاۋازدا نېمـىلەرنىدۇر دېيىشەتتى. قاسىم دېھقاننىڭ يېرىنى ئۆلچەپ يۈرگەن ئابدۇغېنى يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن توختىغا قاراپلا قالدى. ئۇنىڭدىن يىراقتا تۇرغان ئوسماننىڭ چىرايى بولسا توختىنى كۆرۈپلا تـاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ خىيالىدا «توختى كېلىپلا ياقامغا ئېسىلىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، توختى ئۇنداق قىلمىدى. ئۇنىڭ قەلبى دولقۇنلىناتتى، كۆز ئالدىدا زۇلەيخاننىڭ چىرايى گويا ئۇنى ھېلىلا كۆرگەندەك ئېنىق گەۋدىلەنسە، قۇلاق تۈۋىدە ئۇنىڭ بۇرۇن ئېيتقان «ھورۇن لەقۋا، ئەمدى سەن بىلەن جېنىمنى قىينىمايمەن» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلايتتى. ئەمدى لەقۋانىڭ ئىككى يىلدىلا باي بولمىغىنىنى كۆر، سېنى پۇشايمان قىلدۇرمىسام ئەركەك بولماي كېتەي توختى ئۆزىگە شۇنداق پـىچىرلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېرىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ تاڭ قېتىپ قالغانىدا، ئۇنىڭ يېنىغا ئىمىن كالا پەيدا بولدى، دەرۋەقە، ئۇنىڭ قوناقلىرى چېپىلىپ قىر بېشىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان بولۇپ، يـەر ئاغدۇرۇلۇپ سىلىقلىنىپ بولغانىدى. يەرنى بىر كىمنىڭ بۇغداي تېرىشقا تەييار قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئۇكام، مەندىن كۆرمە، بىزنىڭ خاسىيەتخان ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەلگەنىدى. شۇجىغا يەرنىڭ گېپـىـنى قىلسام، مۇشۇ سېنىڭ يېرىڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدى، مەن ساڭا باشقا يەر بەرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن، ئاخشاملىقتا شۇجىنىڭ ئۆيىگە غاچچىدە بېرىپ سۆزلەشكەن بولساڭ بوپتىكەن، مەن يەرگە ئۇرۇق سالماي تۇراي، راست.

توختى ئىمىن كالىنىڭ قاسماق بۆكىنى قېقىپ تۇرۇپ بەرگەن مەسلىھەتىگە كۆندى. ئۇ كەچ كىرگەندە تۇرسۇن شۇجىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— شۇجى، مەن ئەمدى نەدىنمۇ يەر تاپارمەن، ئۇنداق قىلماي يېرىمنى قولۇمغا بەرسىلە.

— ماڭە نېرى، مېنىڭ سەن بىلەن ئويناشقىلى چولام يوق. سېنىڭ تىلىڭنى ئاڭلاپ تويدۇم. ماڭ، بۇ يەردە ئولتۇرماي شاڭجاڭنىڭ يېنىغا بار. ئەرز قىلساڭ، ئەنە ئالتە دەرۋازا ئوچۇق!

توختىنىڭ چالمىسى سۇغا چۈشتى. كۆڭلىگە پۈككەن شۇنچە كۆپ ئارزۇلىرى تۇزىدى. ئۇ تۇرسۇن شۇجىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، ئۇدۇل ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ سولغۇن ھالىغا قاراپ سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ؟

— يېرىمنى ئىمىن كالىغا بېرىۋېتىپتۇ.

— ساڭا نەدىن يەر بېرىدىكەن؟



- ماڭا ئەمدى يەر بەرمەيدىكەن.
- ئەتە مەسئۇم شۈجىنىڭ يېنىغا بار. باشقا گەپ قىلماي يەر ھەققىدە گەپ قىل.

توختى ئەتىسى ئەتىگەندىلا يېزىلىق پارتكوم شۈجىسى مەسئۇمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. يەرنىڭ ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئازابلانسىمۇ، بۇرۇن مەسئۇم شۈجى ئۆي سالغاندا نۇرغۇن قېتىم ئىشلىشىپ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىشنىڭ ئوڭۇشلىق بولىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىدى.

توختى ئاۋايلاپ قەدەم ئېلىپ، شۈجىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە شۈجىنىڭ ئايالى ھويلىدا تۇراتتى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شۈجى ئۆيدە بارمىكىن؟
- سىز ... ھە، سەن ھېلىقى توختى دېگەن دەيۈز ئەمەسمۇ؟ چىق تالاغا! ئۆيگە كىرىشكە قانداق يۈزۈڭ چىدىدى!
- خا ... خانىم، مەن ...
- ھە، نېمە، توكۇر. تالا - تۈزدە مەسئۇم شۈجى يىگىرمە ئالتە مو يەر تېرىۋالدى دەپ يۈرۈپسىنا تېخى؟ پاكىتىڭ بارمۇ، قاسماق! مۇشۇ گېپىڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسەن؟
- مەن ... مەن ئۇنداق دېمىدىم. قەسەم ئىچىپ بېرەي. شۇنداق دېگەن بولسام خۇدايىم مۇشۇ تۇرقى جېنىمنى ئالسۇن. ماڭا دۆڭگەپ قويۇشۇپتۇ، نائىنسابلار.
- بىر ئايدا بىرەر قېتىم يۈزىنى يۇمىغان ئادەمنىڭ قەسىمى قەسەم بولامدۇ؟ ئاڭلىسام، سەن ھېلىقى بۇزۇق خوتۇنۇڭغا قەسەم ئىچىپ بېرىپتىكەنسەنغۇ! — سېمىز ئايال غەزەپلىك كۆزلىرىنى توختىغا چەكچەيتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

www.uyghurkitap.com

توختى خورلۇق ئىچىدە ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. ئۇ چىداپ تۇرغۇسىز ئازاب ئىچىدە پۈتىنىڭ زىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، سىرتقا يۈگۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، پۈتىنىڭ قاتتىق ئاغرىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ھويلىدىن يولغا چىقىپلا ئولتۇرۇپ قالغانىدى. گەرچە ئۇ بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشنى خالاپ قالغان بولسىمۇ، پۈتىنىڭ ئاغرىشى ئۇنى چەكلەپ قويىدى. ئۇ پۈتىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرۇپ، تاملىرى باشقا ئۆيلەردىن پەرقلىق ئېگىز ئېتىلگەن، دەرۋازىسىدىن پىكاپ بىمالال كىرىپ - چىقالايدىغان بۇ ھەشەمەتلىك ئۆيگە قاراپ ئويلىناتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە سېمىز ئايالنىڭ ئاھانەتلىك سۆزلىرى ئەمەس، تۆت يىل ئىلگىرى «توختاخۇن، بەكمۇ كۈچلۈك ئىكەنلا، قوللىرى گۈل ئىكەن. تام قوپۇش بىلەن سۇۋاقچىلىقنى قاچان ئۆگەنگەن ئىدىلە؟ ئۇچاقلارنى خويمۇ ئوبدان ياساپ بەردىلە. بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىپ تۇرسىلا، ھەر قانداق ئىشلىرى بولسا تارتىنماي كەلسىلە، بۇ ئۆيدە سىلىنىڭ كۆپ ئەجىرلىرى بار» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلايتتى.

توختى ئۆينىڭ ئېمىغا قارىدى. قالغان قول ئىزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھەممىدىن بەكرەك مۇجىغىنى ئۆزىنىڭ ھېچ گۇناھسىز تۇرۇپ بۇ ئاھانەتكە قالغانلىقى ئىدى. توختى ئورنىدىن تۇردى. ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ئەلەم ئۇنىڭغا كۈچ بەردى. ئۇ پەقەت قۇم دۆۋىسىگە يامىشىپ قەدەم ئالالمىغان چېغىدىلا ئېسىنى يىغدى. ئۇ ئەتراپقا زەن سېلىپ قاراپ، كەنتتىن بىر نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى قۇملۇققا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. يۇمشاق قۇم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىر ھازا يىغلىدى. رەھمەتلىك ئاتا - ئانىسىغا، ئۆزىنىڭ «تەتۈر پېشانىلىكىگە» ئۆكۈنۈپ يىغلىدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ خىيالى چۇۋۇلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە ياندى، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان تېرەكزارغا قاراپ يول ئالدى.

نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن توختى شەھەرگە يېتىپ كەلدى. شەھەرنىڭ كەچكى مەنزىرىسى، ئالدىراپ كىنو - تىياتىرخانىلارغا مېڭىشقان كىشىلەر ئۇنىڭغا تولىمۇ يات تۇيۇلدى. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر خىللا - ئەسكى كۆرۈنەتتى. بىر چاغدا پۈتىنىڭ تېلىپ ئاغرىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يول ياقىسىدىكى تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇردى. ھارغىنلىق ئۇنى ئېزىۋەتتى. بارا - بارا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىندى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى. بىر چاغدا يېنىدا بىرلىرىنىڭ گودۇڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى. ئىككى كىشى ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇراتتى. يانغا قارىۋېدى، بىر لالما ئىتنىڭ ئېرىقتا بىر نېمە يەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇ ئەسنادا يېنىدا تۇرغانلارنىڭ بىرى دېدى:

- ھوي، قوپە ئورنىڭدىن، يېزىلىق ئوخشىمامدۇ بۇ.

- راست يېزىلىق ئوخشايدۇ . . .

ئۇلار ئۆزىچە شۇنداق پەرەز قىلىشىۋاتقاندا، توختى تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئارىدا ئېگىزرەك كەلگەن بىرى:

- ھوي غېرىپ ئاداش، سەنمۇ بىزدەك دەردمەن ئوخشايسەن، بىز بىلەن ماڭ، قاۋاقخانىغا كىرىپ ئىچىمىزنى بوشىتىپ چىقايلى، - دېدى يېنىدىكىسىگە مەنىلىك قاراپ.

بۇ ئىككىيلەن خېلى ئۇزۇن ئاۋارە بولۇشۇپ، توختىنى ئاخىرىيىقىن ئەتراپتىكى مەيخانىلارنىڭ بىرىگە ئېلىپ كىردى.

- ئىچە ئاداش، - دېدى ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا رومكىدا ھاراق تۇتۇپ، - ئوغۇل بالا دېگەن ھەممە

دەرىيادا ئاقىدۇ، دەرد دېگەننى يۇدۇپ يۈرمەي هاراق بىلەن يولغا سېلىۋېتەمسەن!

بۇ سۆز توختىغا تەسىر قىلدى. هاراق دېگەن دەردنى چىقىرالايدىغان بولسا، مەيلى، ئىچسەم ئىچتىم، ئۇ شۇنداق ئويلاپ قويۇپ يانچۇقىدىن بەش يۈەن پۇلنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئېگىز بويلۇققا تۇتقۇزدى.

— ئالە ئاداش، دەردكە داۋا شەربىتى كەۋسەر دېگەن مۇشۇ. تونۇشۇپ قالايلى. مېنىڭ ئىسمىم زاكىر. ماۋۇ پەشتاقنىڭ ئىسمى مەتتۇرسۇن سەكسەن. سەكسەن قېتىم قىماردا ئۇتقان نېمە.

توختىنىڭ دەسلەپتە پۈتۈن جىسمى ئوتتا كۆيگەندەك قىزىپ كەتتى. كېيىن بېشى قېيىشقا باشلىدى، هېلىلا شۇنچە ئاچچىق تېتىغان هاراق ئەمدى ئۇنىڭغا سۇدەك بىلىندى. ئۇ ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە رومكا ئىچتى. ئۇلارنىڭ بۇ «دوستانە» ئولتۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا، نېمىشقىدۇر توختىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرسۇن شۇجى، ئابدۇغېنى، ئوسمانلارنىڭ سىماسى پەيدا بولدى. ئۇ ئىنگاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى - دە، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قاۋاقخانىنىڭ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى. كېيىن ئىنگاڭلاپ تۇرۇپ، بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن شىرەگە بىرنى سالدى. ئۇلپەتلىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپلا قېلىشتى. توختى بۇلۇڭدا تۇرغان بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ غەزەپ بىلەن يەرگە ئۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— خەپ توختاپتۇر، ئالەم ئۇزۇن!

ئۇ قاۋاقخانىدىن چىققاندا هېلىقى ئۇلپەتلىرى قاياققىدۇر تىكىۋېتىشكەنىدى.

«تۈلكە ئۇۋىسىدىن چىقتى»

ئىبراھىم مۇئەللىم نىياز شاڭجاڭنىڭ زامانىغا خاس بېزەلگەن مېھمانخانىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ يېرىم سائەتتىن بېرى سېمىز، دېقماق ئالقىنىدا گاز چاقمىقىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشىپمۇ بولدى.

— يېزا خىزمىتىدە سەگەك بولمىسا بولمايدۇ. مەن شاڭجاڭ بولغىلى ئون يىلدىن ئاشتى. دېھقان خەق دېگەنگە راست گەپنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، سىز گېپىنى قىلغان توختى پاسارنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۆزىنى چاغلىماي گەپ قىلىپ قويىدۇ. ئۇنداق گەپلەر دېگەننىڭغۇ كارى چاغلىق. بىراق دېھقان خەق دېگەن ئەخمەق كېلىدۇ. سۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشتان سېلىپ قويىدۇ. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن ئادەم كېلە - كەلمەيلا مەسئۇم شۇجى ئۈستىدە ئۇنداق گەپلەر بولۇپ كەتسە قانداق بولغىنى؟ مەسئۇم شۇجىنى سىز ئوبدان بىلىسىز، ئۇ مۇشۇ يېزىدىن يېتىشىپ چىققان كادىر. هېلىقىدەك گەپلەر مەندەك سىرتتىن كەلگەن ئادەم ئۈستىدە بولسا بولمامدۇ؟ ساۋاتسىز بولغان بىلەن تۆھپىسى باردە. ئەتىدىن - كەچكىچە دېھقانلارنىڭ غېمىنى قىلىپ يېزىدا سوكۇلداپ يۈرگەندىكىن، تۆت-بەش مو يەر تېرىسا نېمە بوپتۇ؟

شۇ تاپتا ئىبراھىم مۇئەللىم ئۆزىنى تېگى يوق هاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تولىمۇ ئارىسالدىلىق ئىچىدە سەزمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ سۆزلەر ئۇنى بىزار قىلسىمۇ، لېكىن نىياز شاڭجاڭنىڭ بىر خىل زىددىيەت يېپىنى ئۇدۇل مەسئۇم شۇجىنىڭ پۇتىغا چېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق سەزمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇ گەپنى ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىش مۇددىئاسىغا يۆتكىدى.

— كۈزگى بۇغداي تېرىش پەسلى ئۆتۈپ كەتكىلى ئازلا قالدى، شاڭجاڭ، توختىنىڭ يېرىنى هەل قىلىپ بەرسىلە، كەنجى قالسىمۇ تېرىۋالسۇن. كىچىك بالا ئىشنى ئاڭقىرالماي كادىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ

قويۇپتۇ. يەر قايتۇرۇش، يەر تاشلاشلار مۇشۇنداق بىر ئىككىدىن كۆپەيگىلى تۇرسا، بىزدەك يەر كۆپ، ئادەم ئاز بولغان يېزىدا دېھقانچىلىق ۋەيران بولىدۇ. ھۆكۈمەت دېھقانلارنى باي قىلىمىز دەپ چاقىرىق قىلىۋاتقاندا، يېزىمىزدا دۆلىتى ئۇچۇقلار كۆپەيگىلى تۇرسا قانداق بولغىنى؟ بۇ ئىشلارنىڭ سىلى مەندىن ياخشى بىلىلا، توختىمۇ ئەقلىگە كەلدى. ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويسىلا.

نىياز شاڭجاڭ ئويلىنىپ قالدى. ھەقىقەتەن، ئۇ ئىبراھىم مۇئەللىمنى «كىچىك باللارنى ئالداپ مەكتەپكە كۆندۈرۈشنىلا بىلىدۇ، يېزا خىزمىتىنى بولسا ئاڭقىرالمايدۇ» دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ: «ئوقۇتقۇچى دېگەن قىلنى قىرىققا يارىدۇ دېسە ئىشەنمەيتىمەن، راست ئىكەن ئەمەسمۇ؟» دەپ پىچىرلاپ قويدى.

- مۇئەللىم، - دېدى ئۇ تولىمۇ سىپايە ئاۋازدا، - سىز باغچىگە يېزىسىغا مەندىن كونا. سىز بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنى ئوبدان بىلىسىز، بۇ خەق كىچىككىنە ئىش بولسا داۋراڭ سېلىشىپ، بوران چىقىرىشىدۇ. يېزا خىزمىتى دېگەن مۇرەككەپ خىزمەت. مەسىلىگە ئېيتساق، مەسۇم شۇجى ئۇنچىلىك يامان ئادەم ئەمەس، بىز ئۇنىڭغا شامال تېگىپ بولغىچە كوچىغا چىقىپ داپ چالساق قاملىشامدۇ؟ ئۇنىڭ بۇ يېزىغا تۆككەن تەرى ئاز ئەمەسقۇ؟

- شاڭجاڭ، مېنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق. توختىنىڭ يېرىنى . . .

- مۇئەللىم، ئۆزىڭىزنى چەتكە ئالماڭ، سىز گېزىتلەرگە ئانچە - مۇنچە بىر نېمە يېزىپ، يېزىمىزدا بولغان ئىشلارنى ھۆكۈمەتكە ئىنكاس قىلىسىز. مەن دەللىك ئادەم. قورسىقىمدا گەپ ياتمايدۇ. ھېلىقى توختى دېگەننىڭ يېرىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشىنى ئاشۇ تۇرسۇن شۇجىدىن كۆرۈڭ. گەرچە مەسۇم شۇجى ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئەسلى ئەھۋالنى ئاشۇ شۇجىنىڭ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ.

- مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، تۇرسۇن شۇجىمۇ سىلىنىڭ ئاغزىلىرىغا قارايدۇ. شۇڭا . . .

- ھا . . . ھا . . . ھا. . . تازا قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ! مۇئەللىم، سىز يېزىدا شۇجى دېگەن ھوقۇقنى شۇنچە كىچىك دەپ ئويلامسىز؟ مەنمۇ شاڭجاڭ بولغىنىم بىلەن شۇجىنىڭ ئاغزىغا قارايمەن. يۇقىرى-تۆۋەن ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ قويساڭ، ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. قاراڭ، قۇرۇق گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ بىر ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن. سىزنى ئابدۇللا ھاكىم بىلەن ساۋاقداش دېيىشىدۇ، تۈنۈگۈن ناھىيىدە ھاكىم مەندىن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى سورىدى. ئەمما، سىزگە ئوبدان ياردەم قىلالمىدۇق. ھاكىمنىڭ يۈزىنى قىلمىساقمۇ، سىزنىڭ يېزىمىزدىكى تۆھپىڭىزنى ھېسابقا ئېلىپ ئاز-تولا يار - يۆلەك بولساق بولاتتى . . .

ئىبراھىم مۇئەللىم تىت - تىت بولۇپ كەتتى.

- شاڭجاڭ، مېنىڭ ئىشىمنى قويۇپ توختىنىڭ يېرى توغرىسىدا تۇرسۇن شۇجىغا خەت يېزىپ بەرگەن بولسىلا.

- مۇنداق بولسۇن، تىكەننى كىرگەن يەردىن ئالايلى، بۇ ئىشتىن تولۇق خەۋىرىم يوق. مەن مەسۇم شۇجىغا ئەھۋالنى دەپ باقاي، ئىشقىلىپ مۇزخانىغا چۈشۈپ كەتكەن تۆگىنى پارچىلىماي ئالغىلى بولمايدۇ، مۇئەللىم.

ئىبراھىم مۇئەللىم شاڭجاڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ پەرىشان بولۇپ، چىگىش

خىياللار مېڭىسىنى بىر ئالغانىدى.

* * *

باغچىگە يېزىسىنىڭ يىللىق خۇلاسە يىغىنى يېزا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئامما ۋەكىللىرى قاتناشقان بۇ يىغىن نىياز شاڭجاڭنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ خېلى بىر چاغقىچە ئېچىلماي تۇردى.

ئاخىرى نىياز شاڭجاڭ يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلدى.

نىياز شاڭجاڭ ئومۇمىي ئەھۋاللار ئۈستىدە بىر ئاز سۆزلەپ ئاندىن خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ دادۇيلەرنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن ئورۇندالغان قىسمىنى سېلىشتۇرۇپ بولۇپ، پىلاننى ئاشۇرۇپ تاماملىغان ئالتە دادۇيگە 500 يۈەندىن مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا بۇلۇڭدا گىدىيىپ ئولتۇرغان تۇرسۇن شۇجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپلا قالدى. چۈنكى مۇكاپات ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن 100 يۈەندىن جەرىمانە قويۇلغان دادۇيلەرنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ئىسمى چىقىپ قالدى. ئىش ھەقىقەتەن كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقتى. ئۇ بويىنىنى سوزۇپ، كاتىپقا قارىدى. كاتىپنىڭ چىرايىدا «مەن جەدۋەلنى ئىشلىگەندە ئۇنداق ئەمەس ئىدى» دېگەندەك مەنە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. كېيىن تۇرسۇن شۇجى جەرىمانە تاپشۇرۇش ۋاقتىدا يانچۇقىدىن ئاران 30 يۈەن چىقىشى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەلەم قىلدى. ئۇ ئاران دېگەندە، يېنىدا ئولتۇرغان ئەترەت باشلىقلىرىدىن پۇل يىغىش قىلىپ بۇ خاپىچىلىقتىن قۇتۇلۇۋالدى، ئۇ تولىمۇ ھەيران بولاتتى. شۇ چاغدا نىياز شاڭجاڭ ئۇنىڭ ھالىنى چۈشەندىمۇ قانداق، ئەسكەرتىش بەردى:

— ئارا ئۈستەڭ كەنتى گەرچە پىلاننى ئىجرا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتتە ئارقىدا قالدى. شۇڭا ساۋاقنى يەكۈنلىشى لازىم!

يىغىن ئاخىرلىشىپ ھەممەيلەن تارقاشقاندا تۇرسۇن شۇجى ئورنىدىن قوزغالمىدى. كەنت مۇدىرى بىلەن ئابدۇغېنى بولسا ئۇنىڭ يېنىدا پۈشۈلداپ ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا، قوشنا دادۇينىڭ شۇجىسى قېرىشقاندەكلا دېدى:

— ھوي، شۇجى، قاقشان قوزۇقتەك ئولتۇرماي قوپۇڭلار، كېتەيلى، خاپا بولماڭلا، سىلە بىلەن بىز ئۈچۈن ئۇنچىلىك پۇل دېگەن نېمىتى؟ قىمار ئويناپمۇ ئۇتتۇرۇۋەتكىلىقۇ؟

تۇرسۇن شۇجى نېمىشقىدۇر ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەن قوشنا دادۇي شۇجىسىدىن ئاستا سورىدى:

— ئەجەپ ئىش، شاڭجاڭدىن خېلى چاتاق چىقىپتۇ دېيىشەتتى، بىكار گەپ ئوخشايدۇ. بەخىرامان يۈرمەمدۇ!

— سىز بىلەن بىز مەدىكارنىڭ ئورنىدىكى بەندىلەر. بۇيرىغاننى قىلىشتىن باشقا يەنە نېمىلەرنى بىلەتتۇق. ئىشقىلىپ شاڭجاڭنىڭ ئىچى پۇشۇق.

قوشنا كەنت شۇجىسى تۇرسۇن شۇجىغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، پەس ئاۋازدا دېدى:

— بۇ خەۋەرنى تۈنۈگۈن ئاڭلىدىم. تالا ـ تۈزگە يېيىلىپ كەتمىسۇن، سىلىنىڭ دادۇيدىكى ھېلىقى ئىبراھىم مۇئەللىم شاڭجاڭنىڭ ئۈستىدىن ھاكىمغا ئەرز بېرىپتۇ. ھاكىم شاڭجاڭنى چاقىرتىپ كېلىپ تازا تەككەنىمىش. ھېلىقى داۋۇت پاسارنىڭ بالىسىنىڭ يەر مەسىلىسى بولسا كېرەك ھە قاچان. ئۇ مۇئەللىم داۋۇت پاسار بىلەن تۇغقان كېلەمدۇ؟

(ئاخىرى 123 ـ بەتتە)

uyghurkitap.com

ئەركىن نىزامى

## مېۋىلەر شائىردىن چېچەك سورايدۇ

### مەن چارچىماس يولۇچى

بولمىغان ئەزەلدىن ماڭار يول تۈپتۈز،
تارتىلغان تاناپ، يا ئاتقان ئوقسىمان.
ئەگىيمەن قوسۇرچى ئالايتقاندا كۆز،
چۈنكى مەن زېمىندا ئاددىي بىر ئىنسان.

ئەمەسمەن بۇ يولدا تەنھا يولۇچى،
رەقىبتىن دوستلىرىم كۆپتۇر ھەرقاچان.
ئەگرىنى تۈزەشتۇر ئادەملىك بۇرچى،
مەن ھەم شۇ ئويدىمەن ھەر چاغ-ھەر زامان.

دوستلىرىم يۆلەنچىم، جەڭدە قالقىنىم،
قوغدايدۇ كۆكسىدە ئەجەلنى توسۇپ.
ۋاقىت يېتىپ تۇپراققا ئايلانسا تېنىم،
روھىمنى يىللارغا بېرىدۇ ئۇلاپ.

شۇ سەۋەب يۈرىكىم ئۈزۈمدە ئەمەس،
دوستلارنىڭ كۆكسىدە سادىق جىسەكچى.
ئېيتقىنىم توقۇلما - ئەپسانە ئەمەس،
ئۇلارنىڭ يۈرىكىمۇ مەندە دېمەكچى.

* *

ئىزدەيمەن تاشلاردىن گۆھەرنى تىنماي،
تاشلارنىڭ كۆزىدە خىجىللىق، ھەسرەت.
بېرەلمەس تەسەللى تاغ-دالا ھەم ساي،
شۇڭقارنىڭ پېيىنى قىرقىدۇ ھەسەت.

مەن گۈلگۈن ئۈپۈقتا باغلىسام رىشتە،
كەسمەكنى قەستلەيدۇ كىمدۇر يېپىمنى.
دوستلىرىم مەن ئۈچۈن مەبۇت - پەرىشتە،
قوغدايدۇ خەتەرگە مەھكۇم بېشىمنى.

بەزىلەر ئامەتلىك كۆڭلىرىمگە دوست،
يىقىلسام ئۈركسۈدۈم ئەمالىقىمدىن.
بىھاجەت ئۈركسۈشلەر، بۇ ئىشمۇ دۇرۇس،
تۇغۇلدى دانالىق تەنھالىقىمدىن.

بولمىغان ئەزەلدىن ماڭار يول تۈپتۈز،
تارتىلغان تاناپ، يا ئاتقان ئوقسىمان.
ھايات شۇ، تويمايدۇ بۇ دۇنياغا كۆز،
چۆرگىلەر بىر چەمبەر ئىچىدە ئىنسان.

### ياخشىلىق ۋە يامانلىق

ياخشىلىقتىن تۇغۇلار ياخشىلىق دېمەك،
يامانلىقنىڭ ئەپتى قىش، مۇزلايدۇ يۈرەك.
يامانلىقنى ئازدۇرغىن بۇندىن ئەي پەلەك،
ياخشىلىقنى قالدۇرغىن بىزگە شۇ كېرەك.

كۆڭلى دەريا ياخشىلار سەجدىگاھىمدۇر،
روھىمدىكى ئابىدە، بېغىمدا شەمشاد.
نادامەتلىك كۆنلەردە سەبرىگاھىمدۇر،
زېمىنىمغا مىراسخور، بىساتىمغا يات.

ياخشىلارنى ئىزدىسەڭ باھاردىن سورا،
گۈل-چېچەكلەر خىيالچان كۆزلىرىدە جەم.
ئېتەكلىرى سىغىنغان قۇشلارغا ئۇۋا،
بۇلبۇللارنىڭ تىلىدا ھۆرمەت مۇجەسسەم.

ياخشى بىلەن يامانغا جەڭگاھتۇر ئالەم،
سۇ ئىچىدۇ بىر غولدىن گۈل بىلەن تىكەن.
بولمىغاندەك زېمىندا رەقىبسىز ئادەم،
ئويلاپ باقسام تىكەنسىز گۈلمۇ يوق ئىكەن.

كۆپ ئىشلارنى بىلمەيمىز تېخى بىز كۆدەك،
بولالمىدۇق تۇرمۇشنى تونۇپ يەتكۈدەك.

## بۇ قانداق ئىش

كۆلسەڭ ئەگەر
باھاردىكى بۇلاقتەك
ئاقىمەن قىيغىتىپ تېشىپ.
تۆكسەڭ كۆز ياش
دەردىلىك ئاشىقتەك
غەم تۇمانلىرىغا قالىمەن پېتىپ.
كۆرسەم لۇتپىڭنى،
كەپتەر بولۇپ گۈل چىشلەپ،
ئەگىشىمەن ھىدىڭنى ھىدلاپ.
سەنسىز سىنەم قان،
ئىڭرايدۇ ئارمان،
ھويلامدا بوران،
كۆز ئاسمىنىدەك قالىمەن يىغلاپ.
ئانام كۆرۈپ،
خۇدا سالغان كوي دەيدۇ.
دادام كۆلۈپ،
مەندىن قالغان خوي دەيدۇ.
قاچان تۇگەر زارىقىش،
قاچان تۇگەر دەردىلىك چۇش.
ئېيتقىنا يار،
يوقمۇ سەندە قىزىقىش،
يوقمۇ سەندە قىزىرىش،
شۇنچە كۈتسەم يوق تىۋىش.
بۇ قانداق ئىش
قانداق ئىش...

## چۆلدىكى ئالۋۇن

ئۇ بىر ئويناق شوخ دەريا،
ئۇسسۇزلۇقىلا قانمايدۇ.
ئۇ بىر باغچە گۈل-گىياھ،
سەن بارغىچە قالمايدۇ.
ئۇ بىر دېڭىز چېكى يوق،
دولقۇنلايدۇ، ئاقمايدۇ،
ئۇ بىر يالغان پەرىشتە،
يۈرىكىمۇ سوقمايدۇ.
ئۇ بىر ساختا ئالۋاستى،
قارانچۇققا ئوخشايدۇ.
ئۇ بىر كەمەك ـ ئالدامچى،
ھەر بالادىن قورقمايدۇ.
ئۇ بىر ساياق يولۇچى،
ھالاكەتكە باشلايدۇ.
ئۇ بىر سەزگۈ ئوغرىسى،
ساراڭ قىلىپ تاشلايدۇ.
ئۇ بىر سىرلىق چۆل قىزى،
يېقىنلاشساڭ قاچىدۇ.
ئۇ بىر چۆلنىڭ يىلپىزى،
قاچساڭ قوغلاپ چاپىدۇ.
ئۇ بىر رەڭۋاز سېھىرگەر،

قومدىن شەھەر سالىدۇ.
ئالدانسا كىم ئۇنىڭغا،
ئۆز يولىدىن ئازىدۇ.
بولسالڭ بىخۇد بۇرادەر،
بولماس سەپەر بىخەتەر،
يۈرىكىڭنى قىلار خۇن،
چۆلدىكى ئالۋۇن...

## دوستلۇق تەگلىمىسى

ئالبوم قىلىپ يۈرىكىڭنى تۇتقازغاچ ماڭا،
بۇلبۇل تىللىق مىسرالىرىم ھەدىيە ساڭا.

ئوتتا كۆيسەڭ بىللە كۆيدۇق، يالغۇز كۆيمىدۇق،
تەڭ قانىدى داۋانلاردا تىرناقلىرىمىز.
ئات ئويىنتىپ ئوۋ ئوۋلىساق قوشماق ئوۋلىدۇق،
تۆزدى مۇشكۈل سىناقلارغا ئورتاقلىقىمىز.

بوران قوتراپ سوقۇلغاندا تاشقا يەلكىنىم،
قوتۇلدۇردۇڭ غەۋۋاس بولۇپ ئەجەلنى قوغلاپ.

سولدىن كەلگەن دوقاللاردا تىترىسە تېنىڭ،
مېھرىمنى ئوت-گۈلخان قىلىپ ئاسرىدىم قوغداپ.

لېكىن ساختا كۆلكىسىگە قوروپ قىلتاقنى،
قۇش ئورنىدا دوستلىرىنى يۇگدار بەزىلەر.
شىرنىسىنى ئۆزى شۇمۇپ، بېرىپ شاپاقنى،
بار زىيانىنى دوستلىرىغا يوللار بەزىلەر.

بېرىپ قانات، لاچىن قىلىپ قوندۇرسا ئايغا،
قانات بەرگەن دوستلىرىنى چوقار بەزىلەر.
مېھمان قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قوي تويغۇزسا مايغا،
يەنە بەر دەپ باش-كۆزىگە نوقار بەزىلەر.

بىز دوستلۇقتىن ئېچىلدۇردۇق باغچىمىزدا گۈل،
بولدى مىزان بىر مۇقەددەس تەگلىمە بىزگە،
«ب» «ۋاپا»غا قوشۇلسا گەر خوللاس كالام نۆل،
گەر قوشۇلسا «ۋاپا»غا «دار» تەڭ دېمەك يۈزگە.

1995-يىل ماي، غۇلجا

**ئابدۇللا ساۋۇت**

# غەزەللەر

1

خىيال ئەرشىمدە دىل سۆيگەن يېگانە بىر ئىلاھ مەۋجۇت،
ئۇنىڭ بىر جۈپ قۇياشىدا ماڭا ئوتلۇق نىگاھ مەۋجۇت.
ياشايمەن شۇ نىگاھلاردىن تېپىپ قۇت، شاد-خۇرام دائىم،
پىغانۇ نالىدىن خالىي، ئەمەس قەلبىمدە ئاھ مەۋجۇت.
ئەقىدەم زەنجىرى باغلاپ تۇرار ھەر ئىككى ئالەمنى،
دوزاخ ھەم جەننىتىم ئۆزرە ماڭا پۇشتۇ پاناھ مەۋجۇت.
ئۈمىدلەر قەسرىدە كەلگەي خىيالەن بىر ۋىسال پەيتى،
شۇ چاغ ياڭراق نىدالاردىن كېلەر كۆپ خەيرىخاھ، مەۋجۇت.
لېۋىدە جۇش ئۇرۇپ تاشقىن ياسايدۇ سۆيگۈ دەرياسى،
يۈزىدە كەئبىدىن ئەلا مۇقەددەس قىبلىگاھ مەۋجۇت.

ھىلالى، سۇمبۇلى ئاسمان - زېمىننى چۈمكىگەن گۈلشەن،
چېچەكلەر بەرگىدە دىلغا ئاراملىق سەيلىگاھ مەۋجۇت.
خىيال چۈلغانمىسا دەيمەن، ھەممىشە باش ئۇرۇپ تۇرسام،
گۈزەل كۆكسى ئارا مەڭگۈ يېقىلماس سەجدىگاھ مەۋجۇت.
تەسەۋۋۇر ئەينىكىم روشەن قىلارگۈل قەددىنى كۆندە،
قاچانكىم ئالدىغا بارسام مېنىڭچۈن دادىخاھ مەۋجۇت.
جاھان رەناسىغا سۆيگۈ تەمەسىدە كۈلۈپ باقسا،
ئاشۇ قۇت، سەلتەنەت ئىچرە پىدائىدا گۇناھ مەۋجۇت.

2

ئېلىپتەك قامىتىم ئىشقىڭ ئوتىدا دالغا ئايلاندى،
ۋىسالىڭ ئىزدىسەم يوللار پېتىق - ئازگالغا ئايلاندى.
يىقىلدىم، كەتتى ھوش-ئەقلىم، يۆلەرگە خەيرخاھىم يوق،
بۇ جىسمىم بولدى خاك-تۇپراق، ئەجەب پايمالغا ئايلاندى.
ساداقەت گۈلشىنىم جانان سېنى چىللار ئىدى ھەرتاڭ،
جۇدۇن ۋەھىمى بىلەن ھازىر قاقاس جاڭگالغا ئايلاندى.
مۇھەببەت - سۆيگۈ تەپتىڭدە سىمابتەك ئېرىگەن قەلبىم،
جۇدالىق پەنجىدە مۇزدەك قېتىپ داڭگالغا ئايلاندى.
مالامەت ئوقلىرى باغرىم ئارا سانجىلسا تىنماستىن،
مېنىڭ بەختىم ئۇچۇن شەيتان گويا رەمبالغا ئايلاندى.
ۋىسال دەپ قول ئۇزاتقاندا پەلەكنىڭ گەردىشى شۇ دەم،
ساناقسىز ھالقىسىن سىلكىپ يېڭى دەججالغا ئايلاندى.
پىدائىي مەيلىغۇ ئۆلسە، لېۋىڭگە بىر قېتىم سۆيمەي،
سېنى دەپ دىلبىرىم مەڭگۈ بۇ روھ ئابدالغا ئايلاندى.

3

گۈللەر ئارا، گۈلشەن ئارا باقتىم، سېنى يار، ئىزدىدىم،
ھىجرىڭدا ئاھ قەلبىم يارا، بىر ۋەسلى دىدار ئىزدىدىم.
ھۆسنۈڭنى گۈللەر ئەۋجىدە كۆردۈم قىزارغان بەرگىدە،
كىرپىكلىرىڭدىن تائەبەت سۇلماس چىمەنزار ئىزدىدىم.
ھەر بىر چىمەنگە خۇش ھىدىڭ بىرلە ئۆزۈڭ سىڭگەن ئىدىڭ،
ئوتلۇق تىنىقلار زوقىدىن ئىشقىمغا ئەسرار ئىزدىدىم.
تۇرساڭ قېشىمدا يانمۇيان، نىچۇن يەنە تىترەيدۇ جان،
چەككەندە چەكسىز ئىزتىراپ، كۆكسۈڭنى تەكرار ئىزدىدىم.
گۈلگۈن لېۋىڭنىڭ شەربىتى، مەست قىلدى شېرىن لەززىتى،
ئاھۇ كۆزۈڭدىن بالقىغان نۇردىن مەدەتكار ئىزدىدىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نازنىپ تۇرۇپ باقسالىڭ قىيا، بولدى ۋۇجۇدۇم ئوت گويا،
ئۇچقاندا لەپ-لەپ قاشلىرىڭ ئۇچماقنى زىنھار ئىزدىدىم.
تەۋرەنسە قەددىڭ گۈل كەبى، لەرزانىغىنا سۇمبۇل كەبى،
ئۆمرۈڭنى شاد كۆلدۈرگۈچى پەرى - نىجادكار ئىزدىدىم.
گەر بولمىسا شۇ كۈن نېسىپ، بۇ تەننى زۇلپۇڭغا ئېسىپ،
دەيدۇ پىدائىي: ھەر تالا چاچتىن ئېگىز دار ئىزدىدىم.

**ئابدۇكېرىم مەخسۇت**

## سۆيگۈدىن تۆرەلگەن كۈيلەر

### سۆيگۈنىڭ ئىقرارى

ئالدىمدا تۇرسەن خىيالچان،
قول سوزسام يەتكۇدەك باغدا.
يۈرىكىم بىر خىلدا ئۇرۇپ تۇرىدۇ،
ئارىمىزدا بىر ئېقىم ھەغدا.

چاچلىرىڭنى چىلاپ ئېقىمنغا،
كۆۋرۈك سالدىڭ كىرپىكلىرىڭدىن.
يانغاق ئاتتەك ئامرىقىم لېكىن،
مەن ئۆتمەسمەن كۆۋرۈكلىرىڭدىن.

نەپەسلىرىڭ ئۇرۇلۇپ تۇرار،
مەبۇدەسەن جانسىز، سېھرىگەر.
ماڭا بۇنداق بېقىشىڭ ئەمەس،
زارىقىپ كۈتۈپ يىغلىشىڭ ياقار.

1995-يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

روھلار ئىسيان بىلەن تۈنلىرى،
چۇشلىرىمدە قىلىدۇ سوراق.
ئەيىبلەشكە بېشىڭنى سىلىپ،
ئۇن-تىن قىلماي ئۆتكىنىڭ قانداق!؟

ئادەملىكىڭ، غۇرۇرۇڭ قېنى؟
سوۋۇغانمۇ جىسمىڭدا قېنىڭ.
كۆزىمىزگە بىر باقمىنا تىك،
بارمۇ سېنىڭ تېنىڭدە جېنىڭ.

ئەيىبلەشتىن جاق تويدۇم مەنمۇ،
نېرۋىلىرىم كۆتۈردى ئىسيان.
تۆھمەتلەرگە، ئەيىبلەشلەرگە،
پەرۋا قىلماي ياشايمەن ھامان.

1994-يىل 21- دېكابىر، ئۈرۈمچى

### پەرۋايىم پەلەك

ئەيىبلەيسەن مېنى ھەر كۈنى،
ئەيىبلەرگە ئەمەسمەن ئىقرار.
بەزەن سۆرەپ بارىسەن سوتقا،
تۆھمەت ئوقى ئاتىسەن قاتار.

### سالام، دېڭىز

سالام دېڭىز،
سالام شاۋقۇن،
ئارزۇ مەن ئىدىم سېنى كۆرمەككە.
كۆز ئالدىمدا بولدۇڭ نامايان،
باغرىم ئاچتىم سېنى سۆيمەككە.

بۈگۈنلەرنىڭ قوچۇپ يۈتۈمدىن،
يەلپۈپ ئۆتتى چايكا چېچىمنى.
كۆزلىرىمگە تىكىلدىڭ ئۇزاق،
تارتىۋالدىڭ مېھىر-ئىشقىمنى.

مەزىپىڭنى تۇتىمدىڭ پىنھان،
يوشۇرمىدىڭ شادلىقىڭنىمۇ.
تەبىئەتنىڭ سىرلىق بىر ئالەم،
يوشۇرمىدىڭ پاكلىقىڭنىمۇ.
سالام دېگىنىز،
سالام بۈگۈنلەر،
خوش-پەيلىمىز گوخشاش نەقەدەر.
تىنچىتمايدۇ بىزنى بىر ئارزۇ،
يول ئىزلەيمىز قىلماققا سەپەر.

1994- يىل 23- نويابر، چىڭداۋ

**ئابلىمىت ھاجى**

# ئىككى شېئىر

## بىر ئېغىز سۆز

بەزى سۆزلەر بەكمۇ ياخشى، دىلغا ئارام،
بەزى سۆزلەر جاننى قىلار بەك بىئارام.
ياخشى سۆزلەر خۇددى جەننەت، ئاتا-ئانام،
يامان سۆزلەر گويا دوزاخ، ياكى ھارام.

بىر ئېغىز سۆز دەردلىك دىلنى خۇشنۇد قىلغاي،
بىر ئېغىز سۆز خۇشنۇد دىلنى چەيلەپ، تىلغاي.
بىر ئېغىز سۆز تېگىمرقىغاندا يول كۆرسەتسە،
بىر ئېغىز سۆز غاپىل قىلىپ، جاننى ئالغاي.

بىر ئېغىز سۆز رىشتىمىزنى چاتسا باغلاپ،
بىر ئېغىز سۆز ئارىمىزغا توساق قۇرغاي.
بىر ئېغىز سۆز قاتىللىقنى قىلسا پەيدا،
بىر ئېغىز سۆز قاتىللىققا ئارا تۇرغاي.

بىر ئېغىز سۆز سۆزلىسەكمۇ بولسۇن گۈزەل،
ياڭرىسۇن ئۇ ئەل ئىچىدە بولۇپ غەزەل.
ھاجەتمەندى دىل ئەلچىسى ئاشۇ تىلدىن
زەھەر چېچىپ، ئاخىرىدا بەرمەك بەدەل؟
1987-يىل يانۋار، قەشقەر

## مىسۋاك رىۋايىتى

دولان دەريا دولقۇن ياساپ ئاقار ھەيۋەت،
گىرۋەكلىرى گۈلىستان ھەم ئەجەب مۇنبەت.
بىر بوۋايكى خوش پۇراقلىق مىسۋاك بىلەن،
چىشىن يۇيار، چىشلىرىغا بېرىپ زىننەت.

دېدىم: بوۋا، خىسلەت نېمە بۇ مىسۋاكتا؟
بوۋاي كۈلدى: ياراق بولغاي بۇ بىر ۋاقتا.
ئۇن جەڭ بولسا، بىلكى ئوغلۇم، بىرىلا جەڭ،
قالغىنىنچۇ، تاقەدىمدىن رەڭ ھەم ساختا.

بار بۇ ھەقتە بۇ دىياردا بىر رىۋايەت،
ھەم كۈلكىلىك، ھەم قىممىتى زوركى غايەت.
ياۋ كېلىپتۇ بۇ دىيارغا كۆز ئالايتىپ،
دىلغا پۈكۈپ كۆپ خىيانەت، كۆپ جىنايەت.

ياۋ كۆزىتىپ تۇرۇپ ئۇزاق ئۇ قىرغاقتا،
كۆرۈپ قاپتۇ بىر يىگىتنى بۇ قىرغاقتا.
چىش يۇيار كەن يىگىت شۇ چاغ چوڭچۈكبۇيا
يىلتىزىدىن ياسىۋالغان بىر مىسۋاكتا.

ياۋ ئويلاپتۇ، بۇلارمۇ جەڭ ئىشلىرىنى
پۇتكۈزۈشۈپ، بىلەر چېغى چىشلىرىنى...
ياۋ قويرۇقى خادا بولۇپ قايتىپ كەتمىش،
بەربات قىپتۇ مىسۋاك ياۋنىڭ چۈشلىرىنى.

1990-يىل ئاۋغۇست، قەشقەر

www.uyghurkitap.com

ئابابەكرى توختى

# چېچەكلەر جامىدا چايقىلار سۈبھى

### ئانام خاتىرىسىگە

كۆز مۇنچىقىم يىتىپ كەتتى جېنىم ئانا،
ئوغلىڭىزنى باستى يەنە ھەسرەت تېغى.
گاڭگىرىدىم بۇ ھاياتلىق ئۆتىڭىدە،
ئەمەس ئىكەن ھايات ماڭا سىزدەك سېخىي.

مەن سېغىنغان، ئارزۇلىغان ھېچ نەرسىنى
بېرەلمىدى ھېچكىم ماڭا سىزدەك تولۇق.
يەتمىدىمۇ ئىلاھىمغا دۇئايىڭىز،
مېنى بارچە خۇشاللىقتىن قويدى قۇرۇق.

ھەر قەدەمدە ئۇسسۇپ ماڭدىم تۇمۇر مىخقا،
ھەر قەدەمدە زۇغۇيلارنىڭ ئورىسى بار.
بەخت ئۇچۇن كۆتۈرۈلگەن قەدەھلەردە،
پىتنە-ئىغۋا، ھەسەتخورلۇق دورىسى بار.

كۆز مۇنچىقىم يىتىپ كەتتى جېنىم ئانا،
يىتىپ كەتتى غەم-تەشۋىشسىز باللىقىم.
بولالمىدىم شۇندىن بېرى غەمدىن يىراق،
چاندى شۇڭا كۆپ ئىشلاردا چاللىقىم.

سىز بولسىڭىز سىلاپ دەردلىك بۇ بېشىمنى،
كۆل ئوغلۇم دەپ قۇياش كەبى باقاتتىڭىز.
ئەمدى مەڭگۈ كۆز تەگمىسۇن بويۇڭغا دەپ،
يەنە بىر رەت كۆز مونچاقنى ئاساتتىڭىز...

### ئايرىلىش

شۇنداق، سەن كەتتىڭ مەن بىلمەس جايغا،
سىلكىپ قويۇپ ئاستا ئاق بىلىكىڭنى.
ئارقاڭغا يېنىشلاپ باقتىڭ ئۇزاق،
جاكار ئەيلەر ماڭا ئاق تىلىكىڭنى.

يوللار تولدى شۇ دەم سارغۇچ خازانغا،
يوللار تولدى شۇ دەم سارغۇچ ئاھاڭغا.
تەۋەررۇك ئىزلىرىڭ ئۆچتى ھايالسىز،
سايەڭمۇ يوقالدى چۈمۈلۈپ چاڭغا.

ئايرىلدۇق، ئىشەندىم ئايرىلغانغا بىز،
ئەقلىم يەتمەس يەنە ئايرىلغىنىمغا.
خىيالچان سىمايىڭ غايىب خەنجەردەك،
يىراقلاشقانسېرى پاتتى جېنىمغا.

بۇ ھايات يەنىلا گۈزەل ۋە شېرىن،
داۋام قىلدۇرۇۋېرەر داغدام يولىنى.
بۇ ھايات يەنىلا بىزگە قەدىرلىك،
پۇرىيالمىساقمۇ سۆيگۈ گۈلىنى.

شۇنداق بىز ئايرىلدۇق ئەي مەسۇمە قىز،
كىمدىن ئايرىلمىغان ئىدۇق ھىجراندا.
ئايرىلىش بىلدۈرەر ئىنسان قەدرىنى،
ھە، شۇڭا ياشايمىز مۇشۇ جاھاندا...

### قارامايغا بېغىشلانغان ناخشا

قاراماي
خەرىتىنىڭ بىر بۇرجىكىدە
چاقىرسەن مېنىڭ ئىسمىمنى.
گاھى مەن
سېلىم بوۋاينىڭ ئېشىكى بولۇپ
كېزىپ چىققۇم كېلەر باغرىڭنى تولۇق.

تارىختا قاراماي
رىۋايەت قالدۇرۇپ كەتتىڭ جاھانغا،
بىراق سېنى كۆرگەن مىنۇتلار،
خىيالچان كۆزۈمدە زادى ئۇيقۇ يوق.

قەلبىمدىن ياسالغان كوچىلىرىڭدا،
ئىزدىسەم ۋەسلىڭنى ياڭرىتىپ قوشاق،
ماي ھىدى پۇرىغان ئىلاھىي قوللار،
سۇنىدۇ گۈلدەستە قۇچاق ۋە قۇچاق.

قاچانكى تەلمۈرۈپ باقسام چېھرىڭگە،
قۇياشتەك نۇرلىنىپ كۈلىسەن ئۇنسىز.
قاراماي، قاراماي، مەرۋايىت شەھەر،
«سەن تېخى ئونبەشكە تولمىغان بىر قىز.»

بىغۇبار قەلبىڭدە بار تالاي ئىستەك،
ئۈمىدۋار قەدەملەر ساڭا يار- ھامىي.
يۇلتۇزلار تىڭشىغان ناخشىلىرىڭدىن،
سۇنىسەن ھاياتقا مۇھەببەت جامى.

سەندىكى بۈيۈكلۈك، مەندىكى ھىجران،
ئىبە، ئاشۇ ناخشىدا بوپكەتكەن بىر تەن.
بىلەمسەن مەن شۇتاپ بىر چەكسىز ئالەم،
سېنىڭدىن باشلىنىپ سەندە تۈگىگەن.

بىر ئۆلمەس تىلەكنى قىلىسەن بايان،
خوش، دېسەم تامدۇرۇپ ھىجران يېشىمنى.
كۆكسۈڭنى تولدۇرغان شۇ ياشتىن ساڭا،
بىلىۋال مەڭگۈگە ئاشىقلىقىمنى.

## لەگلەكىم

ئۇپۇقنى سۆيۈپ ياتقان يېشىل دالا
بالىلىق ھېسلىرىمنى كۈلدۈرەتتى.
ئۇچۇرسام ئۇندا ئويناپ لەگلەكىمنى،
خىيالىم يۇلتۇزلارغا گۈل بېرەتتى.

لەگلەكىم، نەلەردىسەن، سېنى يىللار
مېنىڭدىن ئېپقاچتىمۇ لالىلاردەك.
سەن بىلەن بالىلىقتا باسقان ئىزلار
يالتىرار ئۇيۇقتىكى شولىلاردەك.

ئۇ چاغلار ئەسلىمەمنىڭ پىلتىسىگە
ئوت ياقار ئەمدى پەقەت ھىجران سېلىپ.
ئىزدەيدۇ يوللىرىمدىن شۇ ئىزلارنى،
كۆمۈش رەڭ ساقاللىرىم جىلۋە قىلىپ.

سېغىنچىمىڭ سۆيگۈ قۇيۇپ يۈرىكىمگە،
ھە، بۇگۈن باقسام ئاشۇ دالىغا مەن.
ئايلاندىم ئۇنتۇپ دۇنيا غەلۋىسىنى،
ئاھ، سېنى ئويناپ يۈرگەن بالىغا مەن...

## چېچەكلەر جامى

سۇبھىنىڭ لىۋىدە يانغان تەبەسسۇم،
سۇبھىدەك ھېسلارنى كۆيگە باي قىلار.
سۇبھىنىڭ قوينىدا كۈلگەن سۇبھىدەك،
چېچەكلەر جامىدا سۆيگۈ چايقىلار.

شىپالىق خوش ھىدلار ئەيلىشەر پەرۋاز،
ھاۋادىن-ھاۋاغا، دىللاردىن دىلغا.
بار ئۇندا ھاياتنىڭ ئۆلمەس تىنىقى،
چاقناق ئوي-پىكىرلەر ئۇچماقتا ئالغا.

چېچەكلەر جامىدا سۆيگۈ چايقىلار،
نەقەدەر بۈيۈكتۇر سۆيگۈ دەپ ياشاش.
چېچەكلەر كۆز ئاچتى گۈلگۈن سۇبھىدە،
ياشىسۇن سۇبھىنى ياراتقان قۇياش!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



مەتقاسىم مەتنىياز

# بىر باشلىقنىڭ ھاراقتىن زارى

زورلىماڭ سىز، ئەمدى ھاراق ئىچمەيمەن،
مەيلى جىقراق، مەيلى ئازراق ئىچمەيمەن،
بولسا كاتتا توي ۋە چىللاق ئىچمەيمەن،
باسسا دەۋرەپ تەنە-چاقچاق، ئىچمەيمەن،
ئۆرسىڭىزمۇ باشقا توقماق، ئىچمەيمەن.

ئىچمەيمەن دېسەم يەنە خوش-خوش، دېمەڭ،
دوستلىرىمدىن كۆڭلى قايتقان، بوش، دېمەڭ،
تەڭ ئىچەيلى، ماڭا كەلدى قوش، دېمەڭ،
ئۆرغىسۇن ياشلىق بولۇپ بىھوش، دېمەڭ،
ساقلىمىغا سانجىدى ئاق، ئىچمەيمەن.

دېگىنىم راست ئىلگىرى: قوشلاپ ئىچەي،
ئىچ دېگەن دوستلار ئۈچۈن جاندىن كېچەي،
ئاشقازىنىم گاڭ - پولات، مىستۇر ئۈچەي،
ياق دېسەم يوق بوپ كېتەي، شامدەك ئۆچەي،
شۇ «ئىچەي» كەتكۈزدى مايماق، ئىچمەيمەن.

ھاللىنىپ قاپتۇ دېمەڭ، ئىچمەي دېسەم،
چۈشتى ئاغرىق قايغۇسىدىن باشقا غەم،
كېچىلەپ ۋاي-دادلىدىم، ئىشتەيمۇ كەم،
مەززىلىك تائامدىمۇ يوق قىلچە تەم،
سىڭمىدى ھەتتاكى قايماق ئىچمەيمەن.

بۇ كەيپكە ئەسلى مەيلىم يوق ئىدى،
خۇي-مىجەزىم كۆپكە ئارزۇلۇق ئىدى،
زېھنىلىكتىم، كۆزلىرىم نۇرلۇق ئىدى،
ساقلىقىم ئاشۇ ھاراقتىن ئوق يېدى،
ئەستىدۇر ئۆتكەنكى ساۋاق، ئىچمەيمەن.

بىر كۈنى ئەل مېنى باشلىق سايلىدى،
كۈندە چىللاپ، نەچچىسى ئاي - ھايلىدى،
بەزمە قىلدى ناخشىچى «ناي-ناي»لىدى،
دوستلىرىم دېدى: ئېغىزنى مايلىدى،
بولدى ئالۋان ئۇندا بارماق، ئىچمەيمەن.

بىرى دەيدۇ: كەلدى چوڭ مېھمان بۈگۈن،
دېگىنىم راست، كەلسە مەن بار كۈنۈ تۈن،
ياخشى كۈتكىن، ئالدىدا تىزلان-يۈكۈن،
يېشىلىپ قالغاي بىرەر تۇساق-تۈگۈن،
بولمىدى مەقسەتكە ئورتاق، ئىچمەيمەن.

مەيدىدىن ياندى ھاراق، مەن يانمىدىم،
ياندۇرۇپ ئىچتىم يەنە، ھېچ قانمىدىم،
رومكا ئاتلىق ئۆلپىتىمدىن چانمىدىم،
خەلق ئۈچۈن دېدىم تېخى، دادلانمىدىم،
ئەل-جامائەت قىلدى مازاق، ئىچمەيمەن.

ئۆتتى كۈن ھاي-ھاي بىلەن، لىق قۇي بىلەن،
داستىخاننى راسلا، پاقلان سوي بىلەن،
ۋەدە كۆپ، مەنمۇ تۈمەن خىل ئوي بىلەن،
تاجۇ مەنسەپ تۆگىدەك چوڭ بوي بىلەن،
ئاتلىپ يولدا پېلىشقاق، ئىچمەيمەن.

چوڭ يېمەسكە كەلدى بۇيرۇق قاتمۇ قات،
ھە، كۈتەي ئۆلچەمدە، ياق-ياق ئېھتىيات،
دەمدۇ يوق، ئىسراپچىلىق مىزانىغا ياد،
دېمىدى: ئاش-گۆشنى يەي، رومكاڭنى تارت،
پاكلىقىمغا قويما قىلتاق، ئىچمەيمەن.

«جىق جۇۋاپسىز» دېدى پاھ، بولدى يۆلەك،
تۈگىمەس ئۇمۇمدا بايلىق، تومى يۈرەك،
مەردلىكىمنى شاشلىشىپ قىلدىم كۆرەك،
بى كېرەك ھۆججەتتىكى سانسىز «كېرەك»،
«بى كېرەك» دەپ يۈتتى پانقاق، ئىچمەيمەن.

كاۋىپىغا توخۇ، ئۆردەك، غاز قىلىپ،
لىق ئۈزۈمنىلىڭ، مېھمىنىمغا ئاز قىلىپ،
ئەل جاپادا، قىشتا ئۆينى ياز قىلىپ،
كۆڭلىنى ئۆتماقتا تانسا-ساز قىلىپ،
يەتمىدى بورداققا بورداق، ئىچمىدىم.

ھەرقاچان مېھمانغا رومكا تەڭلىسەم،
ئاز ئىچەي مەن، سىز ئىچىڭ، جىق يەڭ دېسەم،
قاملاشامدۇ ماڭا خوش ئەتمەڭ دېسەم.
مەيلى رازى بولسا ئۇ، دەلدەڭلىسەم،
ھە دېسە ئىچتىم قوشۇپ، تاق ئىچمىدىم.

چوڭلىرىم چولڭ باقمىسا، ئاز-ئاز تېتىپ،
قىزىتاي دەپ مەن ئۆزۈم قىزىپ كېتىپ،
باش قېيىپ قاملاشمىغان گەپنى سېتىپ،
يىقىلىپ قان قەي قىلىپ ھەپتە يېتىپ،
تارتقىنىم ئازابى دوزاخ، ئىچمىدىم.

بۆكنى ئالدىمغا قويۇپ، جىق ئويي سۈرۈپ،
كېسىلىمگە خەت ئېلىپ، تەدبىر كۆرۈپ،
دالدىلاندىم، چىلىلدى ئىزدەپ يۈرۈپ،
ئېگىلىپ تۇرسا كىشى، قاپاق تۈرۈپ،
دېمىكىلىڭ بەك تەس ئىكەن: ياق ئىچمىدىم.

نەگە قاچسام تېپىشىپ قوغلاپ يۈرۈپ،
«ياق»لىرىمنى يوقىتىپ، ياغلاپ يۈرۈپ،
تۇزلۇكۇمنى ئېگىشىپ چاغلاپ كۆرۈپ،
نەپتىمۇ ھەم گەپتىمۇ باغلاپ يۈرۈپ،
ئىچكۈزۈشتى، زادى قانداق ئىچمىدىم؟

ئۆتتى شۇنداق كېچىلەر ھۇق سوپىدەك
ۋە قاۋاقنىڭ ئىدىشىدەك - كۈپىدەك،
چىڭقىلىپ تېرەمگە قونغان ئۆپكىدەك،
لاس مىجەزىم ئۇششۇگەن خەس-تۇپىدەك،
قېنى ئۇ مەزمۇت قورام ساق، ئىچمىدىم.

چاقچىقىم چىللاغا چىقتى مەست بولۇپ،
سىرلىرىم تالاغا چىقتى مەست بولۇپ،
چەكچىيىشتى يۈرتمۇ ھەيرانھەست بولۇپ،
يافدى لەنەت، چەتتە قالدىم پەس بولۇپ،
ئىچ دېگەنلەر بولدى خۇشۋاق، ئىچمىدىم.

«كۆڭلى ئوچۇق، زېھنى يۇلتۇز»دىن كېتىپ،
خەت غوۋا ئىمىر-چىمىر، كۆزدىن كېتىپ،
كاللا گاس، بولدۇم خىجىل، سۆزدىن كېتىپ،
كۈلكە ئىچرە سەھنىدە يۈزدىن كېتىپ،
ئۆلمىدىم، تەس بولدى قاچماق، ئىچمىدىم.

ئىچكۈزۈشكە شۇنچە بەس-بەس ئەيلىدى،
تەنگىمۇ، ئەقلىگىمۇ تەس ئەيلىدى،
ۋەدىسى كۆپ، گېپى ئۆتمەس ئەيلىدى.
ھېچبىر ئىشقا قۇربى يەتمەس ئەيلىدى،
دېدى «ئۆزگەردى بۇ ھايتاق» ، ئىچمىدىم.

ئىچكۈزۈشتى، ئىچكۈزۈپ قىلدى گاراڭ،
نەگاراڭكى، ئاقىۋەت دېدى ساراڭ،
ئىلگىرى قانداق ئىدىم، يۈرتتىن سوراڭ،
تىڭشىماس چىقتى تالاي قارغىش، پاراڭ،
چىقمىدى يامانغا ياندىم، ئىچمىدىم.

مەستلىكىم-مايمۇنلىقىم، قويدۇم سېرىك،
ئۆلدى روھ، ئەقلىممۇ كور، جىسمىم تىرىك،
ئەسلى ساقنى شۇ ھاراق قىلدى چىرىك،
مەن زېرىكتىم، ئىچكۈزۈشتىن سەن زېرەك،
چىشلىدىم ھەسرەتتە بارماق، ئىچمىدىم.

ئىبرىتىم شۇ، مېنى ھەرگىز دورىماڭ،
رومكا، تەخسە ئىچىدە كولدۇرلىماڭ،
سىزمۇ ھەم باشلىقنى ئىچ دەپ زورلىماڭ،
پەم بىلەن ۋەيرانە قىلماڭ، خورلىماڭ،
ئىچمىدىم دەپ پۈتتى قوشاق، ئىچمىدىم.

1992-يىل دېكابىر

www.uyghurkitap.com

ئابدۇللەھەد قادىرى

# ئارمان قەسىدىسى

يىغلاپ كەلدىم دۇنياغا، ئەمما كۈلۈپ ياشايمەن،
يۈلۈپ ئېلىپ يىغلاشقۇ قىسمەتلەردىن كۈلكەمنى.
خىيالىمدا دۇنيانى چۇۋۇپ قايتا ياسايمەن،
ئۇمۇرتقامنى خىش-كېسەك، تىيەك قىلىپ يەلكەمنى.

يىغلاپ كەلدىم دۇنياغا، ئەمما ھايات كۈلدۈردى،
قاقاقلىغان كۈلكەمدىن سۆيۈندۈردۈم ئالەمنى.
دىلپايەمدە يېڭىدىن يېڭى ئارمان ئۈندۈردى،
ھايات ھامان كۆمەركەن ئارمانلارغا ئادەمنى.

يىغلاپ كەلدىم دۇنياغا، ئارمان قىلىپ كۈلكىنى،
بىر كۈلكىگە بىرىيغا يۈرەر لېكىن سوغدىشىپ.
قىزىلگۈلنىڭ يېنىدا بولغىنىدەك تىكىنى،
كۈلكە، يىغا مۆكۈلەڭ ئوينار ھامان قوغلىشىپ.

يىغلاپ كەلدىم دۇنياغا، ئون ئاي، ئون كۈن، ئون دەقىق...
ياتقان ئانام باغرىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي.
يىغلىشارمىز يەنە بىر ئۇرۇق-تۇغقان، يار-رەپىق،
چاپلاشقاندا سالجىدەك ئۆلۈم دېگەن رودۇپاي.

يىغلاپ كەلدىم دۇنياغا، يەنە يىغلاپ كېتەرمەن،
ئىككى يىغا ئارىسى غەنىيمەتتۇر مەن ئۈچۈن.
قىزىق دېسەڭ ھاياتنى بەلكىم تەستىق ئېتەرمەن،
قوشۇلمايمەن ۋە لېكىن دېسەڭ سىرلىق ھەم يوچۇن.

يىغلاپ كەلدىم دۇنياغا ئارمانلارنى ھاپاشلاپ،
كېتەرىمدە ئارماننى يەنە يۈدۈپ كەتكىم يوق.
ئېسەنگىرەپ باش قاشلاپ، قۇرۇق كۆلگە تور تاشلاپ،
ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە پۇشايمان يەپ ئۆتكۈم يوق.

يىغلاپ كەلدىم دۇنياغا، ئارمان پەۋەس دىلىمدا،
ئۈگۈتلەنسەم ھاياتنىڭ غەلۋىرىدە تاسقىلىپ.
پۈچەك ياكى چار ئەمەس، مەرۋايىتتەك دىنىمدا
چىقسام دەيمەن دوستلىرىم ئالدىڭلارغا ئاش قىلىپ.

يىغلاپ كەلدىم دۇنياغا ھېزى بولۇپ ئۆزۈمگە،
ھايات ئالار ئىمتىھان چۈنكى ھەر بىر ئىنساندىن.
نۆل ئالامسەن ياكى يۈز، پەقەت باغلىق ئۆزۈڭگە،
تاپالمايسەن تىلەپمۇ لاياقەتنى ئېھساندىن.

يىغلاپ كەلدىم دۇنياغا دېمەك، كۈلۈپ ياشايمەن،
يولۇپ ئېلىپ يىغلاڭغۇ قىسمەتلەردىن كۈلكەمنى.
ئارمىنىم شۇ: دۇنيانى چۈۋۈپ قايتا ياسايمەن،
قوۋۇرغامنى پەلەمپەي، شوتا قىلىپ يەلكەمنى.

1995-يىل. يانۋار



سۇلتان ھاشىم

# يۇلتۇزلۇق كېچە

(ھېكايە)



ھېكىم ئەپەندى سورۇنغا كىرگەندىن تارتىپ، مېھمانلار قىزىپ قويۇق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكىچە ئۆزىنى چۈلغىۋالغان قورۇنۇش - قىسىنىشتىن قۇتۇلالمىدى.

مېھمانلار يېيىشتى، ئىچىشتى، كۈلكە - چاقچاق قىلىشتى. ئەرلەر دۇتارغا تەڭكەش بولۇپ ناخشا ئېيتىشتى، كېيىن ئاياللارنىڭ ئىككى - ئۈچتىن باش قوشۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنلىرىنى كۆرۈپ، سورۇن كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىشتى. ئۈنئالغۇدىن شوخ ئۇسسۇل پەدىلىرى ياڭرىدى. ئۇستەل - ئورۇندۇقلار چەتكە سۈرۈلۈپ، ئېچىلغان كىچىككىنە مەيدان بىردەمنىڭ ئىچىدە يېنىك يورغىلاش، بېقىشىش، تارتىشىش بىلەن جانلىنىپ كەتتى. ھېكىم ئەپەندىكى بىئاراملىق ئەمدى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ئۇسسۇلغا تارتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، سەمرىشكە باشلىغان بەستىنى يوشۇرغىدەك جاي ئىزدەپ ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە قاراپ چىقتى. ئەمما، ئۇشۇ ئۆيدىلا بولىدىغان بولسا، قىستىلىپ ئولتۇرغان مېھمانلارنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ھىيلە ئىشلەتمەكچى بولدى. ئۇ، باشقىلار كۆرسۇن دەپ بىر تال تاماكىنى لېۋىگە قىسىپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا، ساھىبخان كېلىپ ئۇسسۇلغا تارتتى.

- رەھمەت . . . رەھمەت، - ئۆيدىكى مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىققىتى ئۆزىگە چۈشكەنلىكىنى سەزگەن ھېكىم ئەپەندى ھوپپىدە قىزاردى، - كەچۈرۈڭ، ئوينىيالمايمەن، ئۆمرۈمدە قولۇمنى كۆتۈرۈپ باققان ئەمەسمەن . . .

ساھىبخان بوش كەلمەي ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى:

- قول كۆتۈرمىگەن بولسىڭىزمۇ، مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر - ئىككى پىرقىراپ قويۇڭ-دە، ئۆگىنىپ قالىسىز، ئۆگەتمىدىغان ئادەم ئىچىمىزدىن چىقىپ قالىدۇ.

پاراقتىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھېكىم ئەپەندىگە تىكىلگەن كۆزلەر خۇددى كوماندا بېرىلگەندەك، تۆر تەرەپتە ئولتۇرغان كېلىشكەن جۇۋانغا يۆتكەلدى. لېكىن بۇ ئايال ھېكىم ئەپەندىدەك ھودۇقۇپ كەتمەي تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

- ھازىرچە زورلىماي تۇرۇڭلار، ئاۋۋال مەن ئۆگىتەي، كېيىن سىلەر تارتىماسڭلارمۇ، ئۆزى چۈشۈپ

ئويناىدىغان بولىدۇ.

كۆلكىدىن ئۆي ئىچى گۈرۈلدەپ كەتتى، كەيپى ئۆرلەپ قالغان بىر نەچچىسى تىزىغا شاپىلاقلىدى.

ھېكىم ئەپەندىنىڭ دۈمبىسىدە چۈمۈلە ماڭغاندەك بەدىنى چىمىرلاپ، پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى يالتىرىدى. ئۇ چاقچاقتا گال ئىدى، تەڭتۇشلىرىنىڭ چاقچاقلىرىدىن جىم ئولتۇرۇۋېلىش، كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا قۇتۇلۇپ قالاتتى، بۇ قېتىم غۇرۇرى ئۈستۈن كەلدىمۇ قانداق، ئۆزىنى تېزلا ئوڭشىۋېلىپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى چىقىرىۋېتىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى:

- بىزمۇ ئاسانلا يېتىلەككە كېلىدىغىنىدىن ئەمەس، ئاۋۋال ئۆگىتەلىگۈدەك يېرى بارمۇ - يوق قاراپ باقىمىز - دە.

ئويلىمىغان يەردىن مېھمانلار ئاۋۋالقىسىدىنمۇ كۈچلۈكرەك قىقاس سېلىشتى. ئاياللاردىن بىرى:

- كۆردۈڭمۇ زەينىسا، يىگىت بوش كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

ھېكىم ئەپەندى چاقچاقنىڭ يەنە داۋاملىشىپ قېلىشىدىن چۆچۈپ ئۆزىنى بالكونغا ئاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئوسسۇل ئويناشتىنمۇ قۇتۇلۇپ قالدى.

دېرىزىلىرى ئېچىۋېتىلگەن بالكون سالقىنلىقى بىلەن ھېكىم ئەپەندىنىڭ تەرلىگەن بەدىنىنى راھەتلەندۈردى. ئۇ قولىدىكى تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ھوزۇرلىنىپ شورىدى. لېكىن، ھېلىلا بولۇنغان گەپلەر خىيالىدىن كېچىپ، تاپقان كىچىككىنە ئارامىلىقىنىڭ ئورنىنى ھېچ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتقان قورۇنۇش - قىسىنىش يەنە ئىگىلىدى. مۇنداق چاقچاق، گەپ - سۆزلەرنى مۇندىن كېيىنكى ئۇچرىشىشلاردا قىلىنمايدۇ دېگىلى بولامدۇ. بۈگۈنكىغۇ مەيلى قاملاشمىسۇن - قاملاشسۇن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ تېپىپ دېيەلىدى. كېيىنچۇ؟

ھېكىم ئەپەندى دېرىزىنىڭ تۈمۈردىن قىلىنغان سوغۇق رامىغا قولى بىلەن تايىنىپ، نېپىز تۇمان ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسمانغا تىكىلدى. ئىچىدە: ئەمدى ماڭا ئۆگىتىدىغان ئوسسۇل بىلەن چاقچاق قېلىۋىدى، دەپ ئاچچىق كۈلدى. بۇغۇ كىچىك، ئادىي، ھەتتا ئەرزىمەس ئىش. يامىنى، بولۇنغان گەپ - سۆزلەردىن قارىغاندا، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زەينىسا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلىدىكەن. ساھىبخانىنىڭ قەدەھ سۆزىدىكى «. . . ئۆزىمىزدىن بىرى ھېكىم ئەپەندى بىلەن تونۇشۇش ئارزۇسىدا ئىدۇق. قەدىرلىك مېھمىنىمىز سورۇنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ ھەممىمىزنى خۇشال قىلدى . . .» دېگەن سۆزى بۇنى كەم - كۈتىسىز ئىسپاتلاپ بېرەتتى. ئەخمەق، - دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ يەنە ئاچچىق كۈلدى ھېكىم ئەپەندى، - سىر ساقلىيالايدىغان ئايال زادى نەدە بار. ئايال خەق كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىنى ھەرگىز سىر تۇتالمايدۇ. ئۇنىڭمۇ سىرداش دوستى بولىدۇ، زەينىسا بۈگۈنكى ئولتۇرۇشقا كېلىدىغانلارنى ئەڭ يېقىن ئارىلىشىدىغانلىرىم دېگەن، بىلمەي قالارمۇ ئۇلار.

ھېكىم ئەپەندىنىڭ ئولتۇرۇشقا كەلگۈسى يوق ئىدى. بىراق زەينىسا مەن ۋەدە قىلىپ قويۇپتىمەن، دەپ يېلىنغاندەك قىلدى. ھېكىم ئەپەندىدەك 50 تىن ئېشىپ كەتكەن ئادەمگە، تولغان قامىتىدىن گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان 32 ياشلىق ياش ئايالنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تەلمۈرۈشى، ئەركىلىشى تولىمۇ لەززەتلىك بىلىندى، شۇنداق ياش ئايالنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان ئۆزىدىن زوقلاندى. شۇنىڭ بىلەن ھېكىم ئەپەندىنىڭ ئاغزىدىن «ماقۇل» جاۋابى چىقىپ كەتتى. سورۇنغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



كېيىنلا، كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى زەينىسا دېمەتلىك ياشلاردىن ئىدى، بىرىنىمۇ تونۇمايتتى . . .

- بۇ يەرگە چىقىۋالغىنىڭىزنى قاراڭ، - بالكونغا چىقىپ كەلگەن زەينىسا يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك خۇشال كۈلۈمسىرەپ، ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، - مېھمانلار سىزنى سوراپ مېنى ئۆلتۈرغۇزمىدى، چاقچىقىم ئېغىر كېلىپ قالمىغاندۇر، ئەپەندىم؟

ئىككىسى يالغۇز بولسىلا زەينىسا ئۇنى «ئەپەندىم» دەپ ئاتايتتى. ئەركىلەشمۇ، ئەركىلىتىشمۇ سىڭگەن بۇ ئاتاش كۆكرەكلىرى نېپىز كۆڭلىكىدىن ئۆسۈپ لىغىرلاپ تۇرىدىغان، قورۇق دىدارى يوق ئاپئاق، سىلىق يۈزلۈك، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان بۇ ئايالنىڭ مەيلىنى ئىپادە قىلىدىغان بىشارەت بولۇپ قالغانىدى.

ھېكىم ئەپەندى ئۇنىڭ ئاپئاق ئوچۇق بىلىكىگە قول ئۇزارتتى.

- ھاي - ھاي، ئەپەندىم، ئۆزىڭىزنىڭ قەيەردىلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ - ھە؟ !

زەينىسا بىلەكلىرىنى قاچۇرمىدى، ھېكىم ئەپەندىنىڭ ئىسسىق ئالقىنى سىلاپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، شۇ قولى بىلەن ئۇنىڭ گۆش يىغىلىشقا باشلىغان ئېڭىكىدىن چىمدىپ، مەڭزىنى يېنىككىنە شاپىلاقلاپ قويدى.

- بۈگۈن خىيال سۈرىدىغان كۈن ئەمەس، ئەپەندىم.

- ئىسسىپ كەتتىم، بۇ يەر سالقىن ئىكەن.

- ئۇلار باشقىچە ئويلاپ قېلىشمىسۇن.

- مانا ھازىر . . .

ھېكىم ئەپەندى بوشاشتى. زەينىسا بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرگەن ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، ئۇ زەينىسانىڭ گېپىنى يىرالماس بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىغا ھەم ھەيران بولاتتى، ھەم ئاچچىقى كەلگەندەك قىلاتتى. ئۆزى يالغۇز قالسىلا بۇنىڭدىكى سەۋەبنى تېپىشقا ئۇرۇنغاندەك قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى ئەركىن - ئازادە مىجەزى ئۆزگىرىپ، گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغان ئادەمدەك، باشقىلارنىڭ كۆزىگە تىك قارىيالمايتتى، ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇزۇنراق تىكىلىپ قاراپ قويسا، خۇدۇكسىرەپ، دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالاتتى. كۆڭلىدىكى تۈگۈن بارغانسېرى چىگىشلىنىپ، خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلاتتى. بىر ئۇچى زەينىساغا باغلانغان بۇ تۈگۈننى يەشمەكچى، ئىچ - قارنىنى تۆكۈپ بوشاتماقچى بولاتتى - دە، زەينىساغا تېلېفون بېرىپ ئۇچرىشاتتى. ئۇچرىشاتتى-يۇ، سېھىرلىنىپ قالغاندەك دېمەكچى بولغانلىرىنى ئۇنتۇپ، زەينىسانىڭ ئاجايىپ كۆتۈشلىرىدىن روھلىنىپ قايتاتتى.

* * *

ھېكىم ئەپەندى ئىچىدە ئۇسسۇل، تانسا ئوينىماسلىقتا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماقچى بولۇپ، بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغىمۇ ھەمراھ تېپىلىپ قالدى. تۇرقىدىن ھاراقخۇمۇ، ئۇسسۇل - تانسىغىمۇ مەيلى يوقتەك كۆرۈنگەن بىر يىگىت ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ئىككىسى بىر - بىرىنى چۈشەنگەندەك كۈلۈپ قويۇشتى.

- سىز بۇرۇن ئۆيلەنگەنمۇ؟

ھېكىم ئەپەندى چۆچۈپ كەتتى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر كۈنى ئۇنى ئانچە ياخشى بىلىپ كەتمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان سوئالنى سورىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتى، سوئالنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدىن بالدۇرراق، يەنە كېلىپ ئادەم كۆپ سورۇندا سورىلىشىنى كۈتمىگەنىدى.

ئۇ بارماقلىرى بىلەن پېشانىسىنى ئۇۋۇلاپ بىردەم سۈكۈت قىلدى. ئىچىدە: مۇشۇ ياشقا كەلگىچە ئۆيلەنمەي بويتاق يۈرگەن بىر نېمە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىۋېدىمىكىنە، دەپ تېرىكتى. چىرايىغا تېپىمىپ چىققان ئاچچىقىنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن، سوئال سورىغۇچىغا قارىماي، ئۇ ئاڭلىغۇدەكلا جاۋاب بەردى:

- ئۆيلەنگەن . . .

ھېكىم ئەپەندىنىڭ نەپىسى قىسىلدى. بەزىدە قارشى تەرەپ گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي كۆلكىلىك سوئال تاشلاپ قويىدۇ، لېكىن، بۇ پەقەت گەپ تېپىشنىلا مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئاڭلىغۇچى قىسقا جاۋاب بەرگەن بولسا، ئارقىدىنلا ئىزاھات بېرىپ، سوئال سورىغۇچىنى قانائەتلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بىراق ھېكىم ئەپەندى ئىزاھات بېرەلمەيتتى. خوتۇنى، ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان ئىككى بالىسى بار ئادەم يەنە قانداق ئىزاھات بېرەلەيتتى. ئوغلى داشۆنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى، قىزى بولسا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇيتتى. خوتۇنى . . . ھەممە گەپ مانا مۇشۇ يەردە ئىدى. بوغالتىر بولۇپ ئىشلەيدىغان ئايالى يېشى چوڭايغانسېرى مىجەزى سەپرالىشىپ، ئورۇن تاللىماي چېپىلىدىغان، تېرىكىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. خۇددى ماشىنا ئادەمدەك ئۆيدىمۇ، ئىدارىسىدىمۇ تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغان بۇ ئايال ئىلغار بولدى، بايراقدار بولدى، قىلغان ئەجرىگە يارىشا مۇكاپاتلاندى. ئەمما ئورۇقلاپ، قىز ۋاقتىدا ھېكىم ئەپەندىنى كەينىدىن ئىككى - ئۈچ يىل سوكۇلداشقا، شۇ ۋەجىدىن كېچىكىپ توي قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ھۆسن - جامالىدىن بۇرۇنلا ئايرىلدى. ئەمدى ئۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايدىغان بولۇپ قالدى. ھېكىم ئەپەندى دىلىغا سۇ يۇگۇرۈپ قالغان چاغلىرىدا، قورايدەك بولۇپ قالغان خوتۇنىغا سۈركىلەتتى، ئۇنىڭ ئىككى ئېغىز سوغۇق گېپىنى ئاڭلاپلا، كۆڭلى لەسسىدە بولۇپ قالاتتى - دە، ئېغىر پۇشۇلداپ يىراقلىشاتتى . . .

- باللىرىڭىز باردۇر؟

ھېكىم ئەپەندىنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى، سۆھبەتدىشى ئۇنىڭ جېنىنى قاقشىتىدىغان سوئالغا جاۋاب كۈتۈپ بەخىرامان ئولتۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتەلمەيتتى، باشقىلار ئۈچۈن ئادەتتىكىچە بولغان بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەيمۇ بولمايتتى. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئادىتى نېمىدېگەن ياخشى، بالاڭ بارمۇ - كالاڭ بارمۇ دەپ سوراۋېرىشنى ئەيىب، ھۆرمەتسىزلىك دەپ بىلىشىدۇ. بىزدە ئۇنداق ئەمەس، يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سوراپ كەتسەڭمۇ، ئاغزىڭنى يېرىپ خاپىلىقىڭنى بىلدۈرەلمەيسەن، ھېكىم ئەپەندى ئىچىدە قاقشاپ: ئەمدى، خوتۇنىڭىز بىلەن قاچان ئاجرىشىپ كەتكەن دەپ سورايدۇ، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى:

- بار، ئىككىسى . . .

باللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىن ھاسىل بولغان تەسىرچان بىر ئېقىم ئۇنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرگەن تىترەكنى سۈرۈپ چىقىرىۋەتتى. ھېكىم ئەپەندى باللىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا خوتۇنىدىن كۆڭلى سوۋۇپ، ئارىلىق يىراقلاشقانسېرى ئۆيدىلا بولسا باللىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

پاراڭلىشىپ ئۆزىنى ئاۋۇندۇراتتى. باللىرى ياخشى تەربىيىلەندى، بىرىنچى سىنىپتىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەي ئوقۇپ كېلىشىۋاتاتتى. ھېكىم ئەپەندىنىڭ قىزىق بىر مىجەزى بار ئىدى، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ ئاتا - ئانىلار يىغىنىنىڭ بىرىنىمۇ چالا قويماي قاتنىشىپ كېلىۋاتاتتى. باشقا ئاتا - ئانىلارنىڭ ئالدىدا سىنىپ مۇدىرىنىڭ باللىرى، توغرىسىدىكى ماختاشلىرىنى، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان نەتىجىلىرىنى ئاڭلاش ئۇنى چەكسىز خۇشال قىلىۋېتەتتى، ئۆزىنى بىلىپ - بىلمەي مەغرۇرلۇق بىلەن كېرىلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، سىنىپ مۇدىرىغا ماسلىشىپ، بالا تەربىيىلەش ھەققىدە پىكىر قىلاتتى. ئۆيدە بولسا باللار ئۇنىڭدىن ئەمەس، كۆپرەك ئانىسىدىن ياردەم سورىشاتتى. چۈنكى ھېكىم ئەپەندى بىلىم دائىرىسى يىلدىن يىلغا چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋاتقان باللىرىنىڭ مۇرەككەپ سوئاللىرىغا بەزىدە جاۋاب بېرەلمەي تېرىكەتتى. ئانا ئۇنداق قىلمايتتى. كىر يۇيۇۋاتقان، تاماق ئېتىۋاتقان، ھەتتا ئۆيدە مېھمان بار ئالدىراش چېغىدىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ، دەرس تەييارلاۋاتقان باللىرىنى يوقلاپ تۇرۇشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايتتى. باللىرى ئۈچۈن قىلغان ئىشىنى، تارتقان جاپاسىنى ئېرىنىڭ يۈزىگە سېلىپ ئولتۇرمايتتى. ھېكىم ئەپەندى ھەر قېتىملىق ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا ئۆزىنىڭ بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، ئانا يېرىم كۈنلۈك خىزمەتتىن قالدۇرىدىغان مۇشكۈل بىر ئىشتىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغاندەك مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ ئۆزىتىپ قوياتتى.

ئىككى ئاي بۇرۇنقى بىر شەنبە ئاخشىمى ئوغلى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلمەكچى بولۇپ چىقىپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى:

— دادا، يېقىندىن بېرى ئاپام بىلەن بىر يەرلەرگە بارمايدىغان بولۇپ قالدىڭغۇ؟

ھېكىم ئەپەندى تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ باللىرىنىڭ ئۆزىگە مۇنداق سوئال قويۇشىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق، قويۇق دولقۇنسىمان چاچلىرى ئۆزىگە خوپ ياراشقان، كۆزلىرى ئۆتكۈر بىر بالا ئۇندەش بەلگىسىدەك تىك تۇراتتى. تىلى تۇتۇلغان، يۈرىكى جىغ قىلىپ قالغان ھېكىم ئەپەندىنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان ئانا ھەرقاچانقىدەك شەپىسىز ھالدا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى:

— ياش چوڭايغانسېرى بېرىش - كېلىشلەرمۇ قىسقىراپ قالىدىكەن، بالام. داداڭنىڭ سالامەتلىكىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، كۆپرەك دەم ئالسۇن دەپ، مەنمۇ زورلىمايدىغان بولدۇم.

بالا ئانىسىغا قاراپ قويۇپ، كۆزىنى يەنە دادىسىغا يۆتكىدى. ھېكىم ئەپەندىگە بۇ بىر نەچچە سېكۇنت ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشقاندەك ئازابلىق بىلىندى، بالا ئۈنچىقماي چىقىپ كەتتى. ھېكىم ئەپەندى ئوغلىنىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلىپ قالغاندەك، قاتتىق ساراسىمە ئىچىدە قالدى. ئايالىمۇ يېنىدا بىردەم تۇرماي ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپ چىقمىدى. بۇرۇن ئۇنداق قىلمايتتى، سوغۇق، يېقىشسىز بولسىمۇ بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ چايغا ياكى تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئۈندەپ قوياتتى. ھېكىم ئەپەندى ياندىكى ئۆينىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، كىيىملەرگە دەزمال سېلىۋاتقان قىزىغا قارىدى. قىزى ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى تاشلاپ قويۇپ ئىشىنى قىلىۋەردى. ئادەتتە خىزمەتكە ئەتىگەنرەك بارىدىغان - ئۆيدىن ھەممىدىن بۇرۇن چىقىپ كېتىدىغان دادىسىنىڭ گالستۇك، قول ياغلىقلىرىدىن تارتىپ تەكشۈرۈپ، كىيىملىرىنى تاتىشتۇرۇپ تۈزەپ يولغا سالىدىغان قىزىنىڭ چىرايى ئۇنىڭغا تونۇق ھەم سوغۇق بىلىندى. ھېكىم ئەپەندىنىڭ كۆڭلى باللىرىنىڭ

ئوتتۇرىسىدا بىر گەپ بولۇنغانلىقىنى، ئايالىنىڭمۇ نېمىدۇر بىر نېمىنى سېزىپ قالغانلىقىنى تۇيدى. ئۇنىڭ بېشى ئايلاندى، كۆزلىرى تورلىشىپ، قىزىنىڭ سەل ئىگىلگەن قەددى چوڭ بىر سوئال بەلگىسىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ھېكىم ئەپەندى بالىلىرى بىلەنمۇ ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. ئايالىنىڭ سوغۇق مىجەزىگە ئۇخشىنىش قوشۇلدى، كېپى تېخىمۇ كەملەپ كەتتى. قىزىنىڭ زورى بىلەن قولى ئاش - تاماق، كىر - قاتتىن تارتىلىپ، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ قالغان ئايال قايتىدىن تارتىنىشقا باشلىدى.

* * *

- ئەمدىغۇ بىرەر رومكا ئىچىپ قويارسىز؟

ھېكىم ئەپەندى بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا كىچىك پەتنۇستا بىر رومكا ھاراقنى تەڭلەپ، سورۇننى باشقۇرۇۋاتقان ئەپچىل، ھەرىكىتى چاققان ساقىي تۇراتتى. ئۇ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئىچەلمەيدىغانلىقىنى، ھاراق كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى تەكرار ئېيتتى. ياردەم سورىغاندەك يېنىدىكى ھەمراھىغا قارىدى.

- ئىچىپ قويۇڭ، ماڭىمۇ بىر رومكا ئىچكۈزۈۋەتتى. ئىچمەي قۇتۇلالمايسىز، سالجىدەك يېپىشقىنى يېپىشقان بۇنىڭ ...

ھېكىم ئەپەندى شۇ قىسقىغىنا ئارىلىقتا خىيالغا پېتىپ، ھەمراھىنىڭ بىر رومكا كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلمەي قالغىنىغا ئوڭايسىزلىنىپ، بوينىغىچە قىزىرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ رومكىغا قول ئۇزاتمىدى.

ساقىي ئەتراپىغا بويۇنداپ، مۇزىكا توختىغان ئارىلىقتا پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن زەيىنسانى چاقىردى.

- بۇ قانداق گەپ، كۆڭۈلنى دەپ تۇتقان ھاراقنى ياندۇرۇۋەتسە كۆڭۈل ئاغرىمامدۇ، - دېدى ئۇ شۇ ھامان يېتىپ كەلگەن زەيىنساغا شىكايەت قىلىپ، - مەن ئاياللارنىڭ كۆزىگە قارىماي ھەم ئىچىپ، ھەم ئىچۈرۈپ ئۆگىنىپ كەتكەن ئادەممەن. ھازىر بولمىدى، ھېكىم ئەپەندى بۇ رومكىنى ئىچمىسە، بىزنى ئۆزىگە تەڭ كۆرمىدى دەپ ئويلاپ قالىمىز. ئۆزىڭىز بىر نېمە دەڭ، ئەمدى ...

- ھاراق كۆتۈرەلمەيدىغانلىقى راست، سىزمۇ ھەجەپ زورلاپ كېتىمسىز، - زەيىنسا ساقىغا جىمىلگەندەك قاراپ قويدى، - بوپتۇ، بىرنى ئىچسە ئىچسۇن، كېيىن زورلىمايسىز، ماقۇلمۇ؟

- باش ئۈستىگە، ھەجەپ ئايايدىكەنسىز - ھە.

ھېكىم ئەپەندى ئىچمەيتتى ئەمەس، ئىچەتتى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىمۇ بىلەتتى. بۈگۈن ياشلارغا قېتىلىپ قالغاچقا، ئۆزىنى ھاراقتىن قەتئىي چەكلىگەنىدى. ئۇ زەيىنسانىڭ كېلىشتۈرگىنىگە ئىچىدىن رازى بولۇپ ھاراقنى ئىچىۋەتتى. لېكىن، شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە زەيىنسانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ: كاساپەت، يەنە شۇنىڭ دېگىنى دېگەن بولۇپ قېلىۋاتىدىغۇ، دەپ رەنجىدى.

مۇزىكا چېلىندى، ئۆرە تۇرغان زەيىنسا ھېكىم ئەپەندىنىڭ قولىدىن تارتىپلا ئوتتۇرىغا سۆرىدى، چېكىنىشكە يول قالمىغانىدى. بۇ ھېكىم ئەپەندىنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزىچە زەيىنسا بىلەن بىرىنچى قېتىم تانسىغا چۈشۈشى ئىدى. شۇ سەۋەب بولدىمۇ، بەكلا ھودۇقۇپ كەتتى. باشقىلار ئۇنىڭ كېلەڭسىز قەدەم ئېلىشلىرىنى، ئېغىر چۈرگىلەشلىرىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈۋاتقاندەك بىلىنىپ، كۆز ئالدى

غۇۋالاشتى، ئۇ يەرنى دەسسەۋاتامدۇ، يەر ئۇنى دەسسەۋاتامدۇ، بىلمەيتتى. ئۇنى بەدىنىگە چاپلاپ يۆلىگەندەك ئېلىپ مېڭىۋاتقان زەينىسا قۇلاقلىرىغا پىچىرلايتتى. بۇ پىچىرلاشلار ھېكىم ئەپەندىگە باشقا بىر ئالەمدىن – غايىبتىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى:

– سىز كۈتۈنۈشكە مۇھتاج، ئەپەندىم. بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشاشقا خاتىمە بېرىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالدى. ياشاشنىڭ قىممىتى ئۇنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلىشتە، سىز كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى ئەمدى كۆرىسىز ...

ھېكىم ئەپەندىنىڭ بېشى غۇڭۇلدايتتى، ئۆزىگە يېپىشىپ تۇرغان چىلىڭ، ئىسسىق بەدىنمۇ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەيۋاتاتتى. قىزىق، ئۇ قاچان زەينىساغا بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتقان بولغىيتتى. ئېيتقان، كېيىنكى چاغلاردا زەينىسانىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئويلىغانلىرىنى تۆكۈۋېتىپ، ئىچىنى بوشىتىشقا ئادەتلىنىپ قالغان، بولمىسا زەينىسا ئۇنىڭغا راھەت تۇرمۇش توغرىسىدا بېشارەت بېرىپ ئولتۇرمايتتى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېيىن قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدىمۇ ئوچۇق گەپ بولۇنمىغانىدى. ئەمدى، ئۆتكەنلەرگە «خاتىمە» بېرىپ، كېيىنكى تۇرمۇش توغرىسىدا ئويلىنىشقا، ئېغىز ئېچىشقا توغرا كېلەمدۇ – قانداق! ؟

ھېكىم ئەپەندى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىلا، قاتتىق تەرلەپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ قول ياغلىقى بىلەن يۈز – كۆزى، بويۇنلىرىنى ئېرتتى، سوۋۇپ قالغان چايدىن ئوتلىدى. ھەمراھى ئۇنىڭغا سىڭايان بولۇپ كۈلۈمسىرىدى:

– ياخشى ئايال، – دېدى زەينىسا ئولتۇرغان تەرەپنى ئىما قىلىپ، – ھەممىلا تەرەپتىن كېلىشكەن ئايال. بۇرۇنقى ئېرى ھاراقكەش، تاياقچى، ئۇسال بىر نېمە ئىدى. ئەمدى بەختى ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، قىلغاننى بىلىدىغان ئايال.

ھەمراھىنىڭ بۇ سۆزلىرى ھېكىم ئەپەندىگە بىزارلىق ھېس قىلدۇرمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ خوتۇنىڭىزدىن قاچان ئاجرىشىپ كەتكەن دېگەن سوئالنى سورىمىغىنىغا ئىچىدىن خۇش بولدى.

ھالاللىق بىلەن ئېيتقاندا، ھېكىم ئەپەندى مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە خوتۇنىدىن باشقا ئايال زاتىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقان ئادەم ئەمەس ئىدى. يات ئايالنى سىغدۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن كۆڭلى دىلغۇل قىلدىمۇ، زەينىسا بىلەن تونۇشقان دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنىڭ يېقىنچىلىقىدىن گۇمانلانغان، شاللاقراق ئايالمۇ نېمە، دەپ، گەپ – سۆز، مۇناسىۋەتتە ئېھتىياتچان بولغانىدى. ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا ئۆزىگە: مېنى شەيتان ئازدۇرۇۋاتامدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۆزى شەيتانمۇ، دەپ سوئال قوياتتى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ ئەركەك، غورۇرى بار ئادەم ئىدى. ۋەسۋەسە ھەم باشقا بىر ئايال بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلىپ بېقىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېتىپ بېقىش ئىستىكى ئاخىرى ئۈستۈن كەلدى. زەينىسانىڭ تولغان ئاياللاردا بولىدىغان ئوتلۇق مېھرى ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان تەسىرچان سېزىم – ھېسسىياتتىن يىراقلىشىپ، قۇرۇشقا باشلىغان ۋۇجۇدىغا يۆسۈپ كىردى.

– مەن ئۆزۈم تاللاپ، ياخشى كۆرۈپ تەگكەن ئەردىن خورلۇق، تۆھمەت، چىدىغۇسىز ئازابتىن باشقىغا ئېرىشەلمىدىم، – دېگەنىدى زەينىسا ئۇنىڭغا، – ماڭا جېنىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاجرىشىشتىن باشقا يول قالمىدى. تۇغما يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بەش ياشلىق ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، دۇنيادا ئۆزۈمنى تەنها چاغلايدىغان بولدۇم، ئەركەك زاتىغا قارىغۇم كەلمىدى. بىراق تۇرمۇش

سىزنىڭ خالىغىنىڭىز بويىچە ماڭمايدىكەن. ياش ئەر ۋاپا قىلمىغاندىن كېيىن، چوڭراق بولسىمۇ كىشىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلىدىغان بىر ئادەمگە تېگەي دېدىم ئاخىرى. سىزنى ئۇچراتقىنىمدا، سىزنىڭ دەل ماڭا لايىق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى كۆڭلۈم تۇيدى. سىزنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىڭىز بار، بۇنى بىلىمەن. مۇھەببەتنىڭ شەخسىيەتچى كېلىدىغانلىقىنى ئۆز بېشىمغا كەلگەندىلا چۈشىنەلىدىم. كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ، باشقىلار نېمە دېسە دېسۇن، ئۆزۈم تاللىغان يولدىن يانمايمەن. سىزنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىڭىز بار ئادەم، ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بولسىمۇ، ئاخىرقى تاللاش يەنىلا سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا.

ھېكىم ئەپەندى خۇش پېئىل، ئۇلپەتچى ئادەم ئىدى. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسىدا ئىشلىسىمۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئىشقىۋاز ئىدى، كۆپ ئوقۇيتتى. ئەدىب ۋە سەنئەتكار بۇرادەرلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ قالسا، كۆپنى بىلىشى، مۇنازىرىگە قىزغىن ئىشتىراك قىلىشى، ئورۇنلۇق پىكىر ۋە مۇلاھىزىلىرى بىلەن باشقىلاردا ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغىتالايتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلپەتلىرى ئارىسىدا ئەسلى ئىسمى ئابدۇسەمەت بىلەن ئەمەس، فامىلىسى ھېكىمگە «ئەپەندى» قوشۇلۇپ «ھېكىم ئەپەندى» دەپ ئاتىلاتتى ۋە بۇ ھۆرمەتلىك نام ئۇنىڭغا خىزىر قويۇپ قويغاندەك سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ خىزمەتنىمۇ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيتتى، شۇنداق بولغاچقا ئۇ ھەممە رەقىبلىرىنى يېڭىپ، ئىدارىغا مۇئاۋىن باشلىق بولدى. ھاياتتا بولىدىغان خېلىلا مۇرەككەپ ئىشلارغا سوغۇق قانلىق بىلەن قاراپ، زۆرۈر بولغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدىغان بۇ ئادەم ئۆزى مۇھتاج بولۇپ قالغان ئىللىقلىقنى سېخىيلىق بىلەن ھەدىيە قىلىپ بېرىۋاتقان زەينىسانى ئويلاش ۋە تەلپۈنۈشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى. قويۇقلىشىپ ھەم چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋاتقان مۇناسىۋەتنىڭ ئاقىۋىتى ھېكىم ئەپەندىگە كۈندەك ئايان ئىدى. ئۇ خوتۇنىنى قويۇپ بېرىپ زەينىساغا ئۆيلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۆزىمۇ شۇنىڭغا مايىل بولۇپ قالغان. بەزىدە ئۇ زەينىساغا ئۆيلەنگەندىن كېيىنكى ئائىلە تۇرمۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، كۆزلىرىنى يۇماتتى. ئەمما، ئۆزى ئويلىغاندەك بەختىيار ئائىلە كۆرۈنۈشىنى ئەمەس، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن سوغۇرۇلۇپ، ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئوغلى بىلەن قىزىنى كۆرەتتى. ئوغلىنىڭ چىرايى غەزەپلىك، كۆزلىرىدىن كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان ئوت چاچراپ تۇراتتى. قىزى چىرايىنى كۆرسەتمەيتتى، ئېھتىمال ئۇ ئاتا مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، نەپرەت ۋە مۇڭ - ھەسرەت قاپلىغان چىرايىنى كۆرسىتىشنىمۇ خالىمايدىغاندۇر. بالا چوڭ قىلغان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە ئوخشاش ھېكىم ئەپەندىمۇ بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىشنى تۇرمۇشنىڭ قىزىقى دەپ قارايتتى. بالىلىرى چوڭ بولدى، ئۇلارنىڭ قىزىقىنى كۆرۈشكە ئازلا قېلىۋېدى . . .

- ئۇسسۇلغا تارتىۋاتسا تۇراي دېمەيسىزغۇ؟

ھېكىم ئەپەندى سوغۇق سۇ سەپكەندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئاۋۋال سۆز تاشلىغان ھەمراھىغا، ئۇنىڭ كۆز ئىشارىسىدىن دەرھال ھوشىنى يىغىپ، نەپەس ئەزا ھەرىكىتى بىلەن ئۇنى ئۇسسۇلغا چىللاۋاتقان زەينىساغا قارىدى. زەينىسانىڭ دائىم ئوچۇق چېھرىسىگە ئۆگىنىپ قالغان ھېكىم ئەپەندى ئۇنىڭ قوشۇملىرى سەل تۈرۈلۈپ، رەنجىش ئالامەتلىرى سايە تاشلىغان چىرايىنى كۆرۈپ ئورنىدا ئەپسىز قىمىرلاپ كەتتى. كۆزى پارقىراپ تۇرۇپمۇ زەينىسانىڭ ئۇسسۇلغا تارتىۋاتقىنىنى كۆرمەي خىيالغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىدىن بەكمۇ ئىزا تارتتى. تۇرۇشنىمۇ، ئولتۇرۇشنىمۇ بىلمەي تەمتىرىدى. ئويۇن-كۈلكىگە باھانە تاپالمايۋاتقان مېھمانلار قىزىق ئەمەك تېپىۋالغاندەك تەرەپ - تەرەپتىن سۆز

www.uyghurkitap.com



تاشلايتتى:
- جايىنى تاپتى، ھەركىم جۆپى بىلەن . . .
- بۇ بەخت بىزگە قونماپتۇ، بولمىسا ئۇچۇپ چۈشەتتىم.
- يۈتىنىڭ مادارىنى كۆرسىتىدىغان يېرى كېلىپ قالدى.

ھېكىم ئەپەندى قانداق ئوينىغانلىقى، قانداق ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىختىيارىدىن سىرت، قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، شۇ كۈچنىڭ خاھىشى بويىچە بولغاندەك بىلىندى. مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇرۇلغان چاۋاك، كۈلكە - چاقچاقلار قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى، ئاياللارنىڭ ئىغىز - بۇرنىنى توسۇپ كۈلۈشلىرى كۈلەڭگىدەك كۆز ئالدىدا لەيلەيتتى، سەكرەيتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى تامامەن يوقىتىپ قويمىغاندى، پىكىر قىلالايتتى. سورۇن كۆرگەن ھېكىم ئەپەندى ئولتۇرۇشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، قىزىغان چاغدا ئىغىزنى تىزگىنلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت تېرىكمەي، چېچىلماي جىم ئولتۇرۇۋالسىلا، باشقىلارنىڭ پەسكويىغا چۈشىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما بۈگۈنكىسى قايسىلا تەرىپىدىن بولمىسۇن ئۇ كۆرگەن سورۇنلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ، ئەگەر باشقا چاغلار بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ياش قورامىدىكى پەرق ۋە سالاپىتىدىن، قىزىق پاراڭلىرىنى يىغىشتۇرۇپ شۈكلىشىپ قالىدىغان ياشلارنىڭ ئىچىدە شۇلارغا تەڭتۇش بولغان مەھبۇبى بىلەن ئولتۇراتتى ۋە خۇددى مۇشۇ تەرىپى بىلەن ھەممىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلىشىپ قالغاندى.

ھېكىم ئەپەندى ياشلارغا ماسلىشالمىغانلىقىنى ھېس قىلالىدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن مانا مۇشۇنداق قىران، جۇشقۇن، ھارماس - تالماس ئۇلپەتلەر بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلىشى كېرەك ئىدى، ھېچ بولمىغاندا ئارىلىشىپ ئۆتۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرالمايتتى. زەينىسامۇ ئۇنىڭ ئويۇن - كۈلكىدىن كۆپرەك ھال - مۇڭ ئېيتىشىشنى، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلار ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشنى خالايدىغان، ھاراق - شاراپتىن چىقىپ، ئۆزىنى كۆتۈشكە تولاراق ئەھمىيەت بېرىدىغان قەدىناس بۇرادەرلىرىگە، ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ئارىلىشىپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا زەينىسامۇ ھېكىم ئەپەندىدەك قىسىنىپ - قورۇنۇپ قالار.

ئىككى يىل بۇرۇنقى يېڭى يىل ئاخشىمىدىكى مېھماندارچىلىق ھېكىم ئەپەندىنىڭ ئېسىگە چۈشۈپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇلار ناھايىتىمۇ ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇشقانىدى. يېڭى يىلنى قارشى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تارتىلغان چۈچۈرىنى يەۋېتىپ، ھېكىم ئەپەندىنىڭ چىرايى بىردىنلا پۈرۈشۈپ كەتتى.

- قىر شاكاراپ خېمىر چاينىۋالدىم، - دېدى ئۇ ئاغزىدىكىنى يا يۇتۇۋېتىشنى، يا چىقىرىۋېتىشنى بىلمەي.

- «تەلەيلىك» سېلىپ قويغان، - دېدى ئايال ساھىبخان خۇشاللىق بىلەن، - سىزگە چىقىپتۇ - دە، تەلەيلىك ئىكەنسىز.

نەچچە يۈزلىگەن چۈچۈرىدىن بىر تال «تەلەيلىك»نىڭ شۇنچە ئادەمنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە چىققىنىدىن قىن - قىنىغا پاتماي سۆيىنىپ كەتكەن ھېكىم ئەپەندى «تەلەيلىك»نى غورتتىدە يۇتۇۋېتىپ:

- تەلىيىم بار ئىكەن، - دېدى.

- تەلەيلىك ئىكەنلىكىڭنى ھېلىغىچە بىلمەي يۈرگەندەك گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ، - دېدى بۇرادەرلىرىدىن

بىرى، ـ ياخشى ئايال ئۆينىڭ بەرىكىتى دېگەن گەپ بار. سەن ياخشى ئايال، ئىناق ئائىلىدە جەننەتتە ياشىغاندەك ياشاۋاتىسەن، ئەركىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق تەلەي بولماس.

شۇ چاغدا ھېكىم ئەپەندى كۆزلىرى نۇرلىنىپ، مەڭىزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئايالىغا مېھرىبانلىق بىلەن قارىغان ھەم ئۆزىدە ئاجايىپ بىر ئارامبەخشلىك ھېس قىلغانىدى.

يەنە بىر قېتىم زەينىسا بىلەن تونۇشۇشىنىڭ ئالدىدىلا، ئۇ بىر ئاغىنىسىگە ئەسلى مۇددىئاسى خوتۇنىنىڭ مىجەزىنىڭ ئوساللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېيىشكە تىلى بارماي، ئۆزىنى كۈتۈشكە ئەھمىيەت بەرمەي، ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ھال ئېيتتى. ئاغىنىسى:

ـ ئايالىڭ سەنۋەر بالىلىرىڭ ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان شام، ـ دېدى دەررۇ جاۋاب قايتۇرۇپ، ـ بۇ شام كۆيۈپ تۈگەپ كەتسە ئائىلەڭدىكى يورۇقلۇقمۇ تۈگەيدۇ. ئايالىڭ كۈتۈنۈشنى بىلمىسە ئۈگەت، كۈت، ئاسرا، بېشىڭدا كۆتۈر. قانچە قىلساڭمۇ ئەرزىيدۇ . . .

چېلىنىۋاتقان مۇزىكا، چاقچاق ـ كۈلكىلەرنىڭ شاۋقۇنى ئۈستۈن كېلىپ، ئۇنىڭ پىكىر ـ خىياللىرى چېچىلىپ كەتتى. ھېكىم ئەپەندىنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئويلىغۇدەك ئەھۋالىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى قويۇۋەتتى، كىم نېمە دېسە شۇنىڭغا ماقۇل بولىدىغان رايىشلىقتا ئۆتتى. كىمدۇر ھاراققا زورلىۋىدى، تارتىنىپ تۇرمايلا ئىچىۋەتتى، بىرى ئۇسسۇلغا تارتتى، زەينىسا بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن بىر نەچچە رەت تانسا ئوينىدى. ئۆزىگە چاقچاق قىلغانلارغا جاۋاب قايتۇردى، كۈلگەنلەرگە قوشۇلۇپ كۈلدى. كاللىسى سەگەكلىشىپ قالسىلا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا بەرگەن ئەھدىنىڭ بۇزۇلۇشىغا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشتى ۋە بۇنىڭ جاۋابىنىڭ ئاددىيلىقىدىن ھەيران قالدى. ئۇ، بۇ ئولتۇرۇشنىڭ تېزراق ئاخىرلىشىشىغا تەشنا بولۇپ قالغانىدى. تىرەجەپ تۇرۇۋالسا، پەقەت شۇ سەۋەبتىنلا ئولتۇرۇش سوزۇلۇپ كېتىدىغاندەك، ھەممىگە ماقۇل بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

* * *

ئۇزىتىش، ئىشىك ئالدىدىكى تۈگىمەس پاراڭ ـ تەكەللۇپلاردىن كېيىن، ئادەم شالاڭ كوچىغا ئەگىلگەندىلا ھېكىم ئەپەندى ئاۋازلىق ئۇھ تارتتى. زەينىسا ئۇنىڭ قولتۇقىدىن ئېلىپ:

ـ چارچاپ قالدىڭىز ـ ھە؟ ــ دېدى.

ـ ھە . . . ياق، سالقىن ھاۋا خۇش يېقىۋاتىدۇ.

ھېكىم ئەپەندى چارچاپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرۇپ، يالغان ئېيتتى. ئاھ خۇدا، بۇ نېمىدېگەن بىھۇدە ئورۇنۇش! ئۇ پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى نېمە ئۈچۈن يوشۇرۇشقا ئورۇنىدۇ؟ ياش ئايالىغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىش كېرەكمۇ ـ يا! سۈنئىيلىك، ھەممىسى ياسالمىلىق! قاچاندىن تارتىپ ئۇنىڭ مىجەزىدە ياسالمىلىق پەيدا بولۇپ قالدىكىن.

ئۇ ئەتراپىغا ئوغرىلىقچە نەزەر تاشلىدى. ئادەم شالاڭ بولغىنى بىلەن، يول ياقىسى، ماگىزىن ۋە دۇكان چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا كوچا كۈندۈزدەك يورۇپ تۇراتتى. ئۇ بىرەر تونۇشىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى، ئۇچراپ قالسا نېمىمۇ دەرمەن، دېگەن ئەندىشە بەدىنىنى يېنىك تىترىتىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ـ ئولتۇرۇش سىزگە ياقتىمۇ؟

www.uyghurkitap.com



- ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى.

- باشتا بىر ئاز تارتىنغانىدەك بولدىڭىز.

- تونۇشمىغاندىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ - دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە . . .

ھېكىم ئەپەندى دۇدۇقلاپ قالدى. «ئۇنىڭ ئۈستىگە» دىن كېيىن، ھەممىسى ياشلار ئىكەن، دېمەكچى ئىدى. بۇ سۆز ئېغىزدىن چىقىپ كەتسە سىرى پاش بولۇپ قالىدىغاندەك، قېلىن لەۋلىرىنى ھىم يۇمۇپ، گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ يېقىندىن بېرى «ياش» قا مۇناسىۋەتلىك گەپ - سۆزلەرگە زېرەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. زەينىسا بىلەن بىللە بولۇپ قالسىلا، ئۆزىنى روھلۇق، تېتىك، بەزىدە شوخ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى، شۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. ياش ئايالدىكى جەزبىلىك سېھىرىي كۈچ ئۇنىڭدىن ئەرلەرگە خاس ئىنتىلىش ۋە قاندۇرۇشنىڭ بولۇشىنى تەبىئىي ھالدا تەلەپ قىلاتتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ھەممىسى پىنھاندا، ھېكىم ئەپەندىنىڭ سېغىنىشى كۈچىيىپ، ئۇ ئۆزى خالىغان بىر كۈندە بولاتتى ھەم شۇ كۈنى ئۇنىڭ يىگىتلىك رولىنى قانداق ئورۇندىغانلىقىنى زەينىسانىڭ بىر ئۆزىلا بىلەتتى . . .

- بېشىڭىز چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ، كەيىپ بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

- شۇنداقتەك تۇرامدۇ . . .

ھېكىم ئەپەندى ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئاستا كۆتۈردى. ئۇنىڭ روھىمۇ چارچىغان، سالقىن ھاۋاغا چىقىپ پەسىيىپ قالغان غۇڭۇلداش قۇلاق تۈۋىدە يەنە ئىش باشلىغانىدى. ئۇ، شوپۇر بىلىپ قالسا سەت بولار، دەپ ماشىنا بۇيرۇمىغىنىغا ئىچىدە قاتتىق ئۆكۈندى. بىلسە بىلمەسمىدى، ئۆيى يىراق ئىكەن، ئاپىرىپ قويايلى، دېگەن بولسا گۇمانلىنىپمۇ كەتمەسىدى. يەنە شۇ خودۇكسىرەش! ماشىنا بۇيرۇماسلىقى، كەچ بولسىمۇ ئەركىن - ئازادە ماڭالماسلىقى، باشقىلار تونۇپ قالمىسۇن دەپ بېشىنى سېلىۋېلىشى . . . ھەممىسى خودۇكسىرەشتىن بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ماشىنا بۇيرۇماسلىقىدا يەنە بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى، ئولتۇرۇشتىن يانغاندا زەينىسانىڭ قولتۇقلاپ مېڭىشىدىن ھوزۇرلىنىشىنى، ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بىردەم كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قايتىشىنى خىيال قىلغانىدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چاپسانراق بېرىۋېلىشىنى، پۇت - قولىنى تاشلاپ سوزۇلۇپ يېتىشنى ئويلايتتى. ئويلىغانېرى زەينىسانىڭ ئۆيى شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى.

- ھاراقتا ئەجەبمۇ زورلاپ كېتىشتى، ئۇلار، - زەينىسانىڭ ئاھاڭىدىن ھېكىم ئەپەندىگە ھاراق زورلىغانلارغا راستىنلا ئاچچىقى كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، - شۇنچە توسۇسامۇ ئۇناشمىدى. كېلىڭ، ماڭا يۆلىنىپ مېڭىڭ.

- ئولتۇرۇش دېگەن شۇنداق بولىدۇ.

زەينىسا ھېكىم ئەپەندىنىڭ قولتۇقىدىن چىڭ تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. ھېكىم ئەپەندىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ بىر قىسمى سىلىق، يۇمشاق گەۋدىگە چۈشتى، قەدەم ئېلىشى يېنىكلىگەندەك بولدى. ئۇ بەدىنىگە ئورۇلغان ھارارەتنى سەزدى، باشقا چاغدا زەينىسانىڭ تۇتۇقلۇق ياسىداق ئۆيىدە مۇنداق ھارارەتتىن ئېرىپ مەست بولۇپ كېتەتتى، ھازىر ئۇنداق بولمىدى، زەينىسانىڭ قولتۇقلاپ مېڭىشىدىن ھوزۇرلىنىشنى ئىستىگەن ھېكىم ئەپەندى ئۇنىڭ بەدىنىنى بەدىنىگە چاپلاپ مېڭىشىدىنمۇ ئۆزى ئويلىغان ھوزۇرنى ئالالمىغىنىغا ئەجەبلەندى، بۇنىڭ ئورنىغا نەچچە يىللار ئىلگىرى مانا مۇشۇنداق قولتۇقلىشىپ مېڭىشتىن

جېنى سۆيۈنگەن چاغلىرى ئېسىگە چۈشتى.

ئۇ تويى قىلىپلا ئۆزىنى بەختىيار چاغلىغانىدى. ئايالى گۈزەللىكى بىلەنلا ئەمەس، ئۆي تۇتۇشتىكى پاكىز - سەرەمجانلىقى، قانائەتچانلىقى، مېھماندوستلۇقى بىلەنمۇ ئۇنى بەختىيار قىلغانىدى. ئۇ چاغلاردا نەرسە - كېرەكلەر قىس، قىممەت ئىدى. ئىككىسىنىڭ مائاشىمۇ تۆۋەن، تۇرمۇشى غورىگىلەرەك ئۆتەتتى، ئايالى زارلانمايتتى، ئارتۇقچە تەلەپلەرنى قويۇپ ئېرىنىڭ بېشىنى قاتۇرمايتتى. ھېكىم ئەپەندى دەم ئېلىش كۈنلىرى بازار ئايلىنىشقا ياكى بىرەر يەرگە مېھمانغا بارسا، شۇنداق گۈزەل ئايالىنىڭ بارلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ ماڭاتتى، كەچ قالسا ئاپتوبۇسقا چۈشمەي، قولتۇقلىشىپ، پاراڭلىشىپ مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتى، بۇنىڭدىن ئىككىيلىسى خۇشال بولۇشاتتى، ھارغان - چارچىغانلىقى بىلىنمەيتتى، قىش كۈنلىرى بالىلار تېيىلىپ ئويناپ مۇز قىلىۋەتكەن تار يوللاردا ئايالىنى غاز - غاز قىلىپ سۆرەيتتى، يىقىلىپ چۈشسە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى . . . كېيىن ئىككىيلىسىلا خىزمەتكە بېشىچىلاپ كىرىپ كېتىشتى. ھېكىم ئەپەندى كاماندىروپكىغا كۆپ چىقاتتى، تۇرمۇشىدا خىزمەتتىن باشقا مۇھىم ئىشى يوقتەك، نەگىلا بارسا ئائىلىسى توغرىلىق ئانچە ئويلىنىپ كەتمەيتتى، ئويلىسىمۇ كۆڭلى توقلۇقتىن باشقىنى ھېس قىلمايتتى. ئايالىنىڭ خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىشى كەمدىن كەم بولاتتى، ئەمما ئۆيدىن قانچە كۈن ئايرىلسا، ئائىلىنىڭ غېمىنى شۇنچە كۈنلۈك تەق قىلىپ قويۇپ ماڭاتتى، شۇنداقتىمۇ ھېكىم ئەپەندى ئايالى قايتىپ كەلگەندە پۈتۈن جاپا ئۆزىگە قالغاندەك غۇدۇراپ قوياتتى . . .

- بۈگۈنكى سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى، كېيىنكى ئولتۇرۇشلاردا سىزگە ھاراق زورلاشقا قەتئىي يول قويمايمەن.

ھېكىم ئەپەندى يېڭىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك، مەستخۇش ھالەتتە ئەتراپىغا سەپسالدى. ئارىلاپ ئۆتۈپ قالىدىغان ماشىنىلاردىن باشقا، كوچىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ۋاقىتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، سول قولىنى كۆتۈرمەكچى بولدى ۋە شۇ چاغدىلا پۈتۈن ئېغىرلىقىنى دېگۈدەك زەينىساغا ئارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، زەينىسانىڭمۇ پۈكۈلۈپ، مۈدۈرۈپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەڭزىلىرى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقاندەك قىزىپ كەتتى.

- سىزنى قىيناپ قويۇپتىمەن، ئۆزۈم ماڭاي، - ھېكىم ئەپەندى قەددىنى رۇسلىدى.

- شۇنداق ماڭىۋەرسىڭىز بولاتتى.

- قويۇڭ، سەت ئەمەسمۇ.

زەينىسا ھېكىم ئەپەندىنىڭ قولتۇقىدىن قولىنى بوشاتمىدى. ئايال كىشىگە ئارتىلىپ ماڭغۇدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن قوشۇملىرى تۈرۈلگەن ھېكىم ئەپەندىنى ئۇنىڭ «كېيىنكى ئولتۇرۇشلاردا» دېگەن گېپى ئويلاندۇرۇپ قويدى. زەينىسا ئۇنى بۈگۈنكى ئولتۇرۇشقا پەقەت بىرلا قېتىم، دەپ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئېلىپ كەلگەنىدى، قارىغاندا، بۈگۈنكى ئولتۇرۇش ئۇلارنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا يۈرۈشىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە باشلىنىشى بولۇپ قالدىمۇ - نېمە! ؟ ئۇ بۈگۈنكى ئولتۇرۇشتىلا داد دېگۈدەك يەرگە كېلىپ قالدى، كېيىنكى ئولتۇرۇشلاردا نېمە بولماقچى! ياشلارغا تەڭ بولۇش ئۈچۈن، سۆز - ھەرىكەتتە ياشلاردەك بولۇش كېرەك، مۇنداق قىلىش ھېكىم ئەپەندىنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ، ياش ئايال تەلەپچان بولىدۇ، ھېكىم ئەپەندىنىڭ تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلاشقا چامى يېتەمدۇ- يوق؟ ئۇ ئائىلىسى ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلدى ۋە شۇ ئائىلىگە ئۆگىنىپ كەتتى. ئۇنىڭمۇ شېرىن مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىغان، پەيزىنى سۈرگەن چاغلىرى بولغان، ئەمدى ياشلىق جۇشقۇنلۇقى سوغۇلۇپ قالغان بىر چاغدا، مۇھەببەت بۇلىقى ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان ياش ئايالنىڭ سۆيگۈ تەشنالىقىنى قاندۇرالامدۇ؟

www.uyghurkitap.com



ئاخىر يېتىپ كېلىشتى. ھېكىم ئەپەندى ھەرقاچانقىدەك، مۇشۇ بىنانىڭ ئالتىنچى قەۋىتىگە چىقىش ئالدىدا بولىدىغان ئەتراپىغا ئوغرىلىقچە قاراش، ھودۇقۇش، بېشىنى يەردىن ئۈزمەسلىك، دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قېلىش ئالامەتلىرىنىڭ بولمىغانلىقىنى سەزدى.

- يۈرۈڭ، ئىسسىق چاي دەملەپ بېرىمەن، ھاردۇقىڭىزمۇ چىقىپ قالىدۇ، دېيىشىدىغان بەزى گەپلىرىمىزمۇ بار.

ھېكىم ئەپەندىنىڭ كۆڭلى تويدى. بۈگۈن ئۇلارنىڭ يېقىنچىلىقى ئاشكارىلانغانىكەن، كۆڭۈل قېتىمدا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان گەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالى كۆپ ئىدى. زەينىسانىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ بۈگۈنكى پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەگەر شۇنداق بولسا، ھېكىم ئەپەندىمۇ سورىلىدىغان سوئاللارغا ئۇ قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىدى.

- چىقالمايدىغاندەك تۇرىمەن، - دېدى ھېكىم ئەپەندى بىر پەسلىك جىمىلىقتىن كېيىن،

زەينىسا ئۇنىڭ «چىقالمايدىغاندەك تۇرىمەن» دېگىنىنى چارچىغانلىقىدىن دەپ چۈشەندىمۇ، ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە تارتىۋالغان قولىنى يەنە قولتۇقىغا ئېلىپ، نازىلىق بىر ھەرىكەت بىلەن تارتتى:

- ئۆزۈم يۆلەپ چىقىمەن، قۇشتەك يەڭگىل بولۇپ قايتىسىز.

ھېكىم ئەپەندى ئۇنىڭ قولىنى ئاستا، ئېھتىيات بىلەن ئاجرىتىپ:

- رەھمەت، - دېدى قاراڭغۇدا ئېنىق كۆرەلمىسىمۇ، ئەجەبلىنىشتىن چوڭ ئېچىلغان كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سېزىپ، - چارچىدىم، ھەقىقەتەن چارچىدىم، بۇنى يولدا كەلگۈچە سىزمۇ كۆردىڭىز. نېمە دېسەم بولار، مېنى چارچاشتىن بەتتەررەك باشقا بىر نەرسە ئېچىمنى سىقىپ ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ.

ھېكىم ئەپەندى ھازىرقى روھىي ھالىتىنى نېمىدىن باشلاپ، قانداق چۈشەندۈرۈشنى راستىنلا بىلمەي، ئوڭايسىزلانغانلىقىدىن ئېڭىكىنى سىلاپ جىمىپ كەتتى. ئۇ زەينىسانىڭ چۈشىنىشىنى ۋە چۈشەنگەنلىكىنى بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن پۈرىتىپ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋېلىشىغا يول ئېچىپ بېرىشنى بەكمۇ خالايتتى.

- نېمە بولدىڭىز ئەپەندىم، بۈگۈن سىزنى خۇش قىلىمەن دەپ قىيناپ قويدۇممۇ - نېمە. باشقا چاغلاردىكىگە ئوخشىمايلا قېلىۋاتىسىزغۇ. سىزگە قاراپ مېنىڭمۇ ئىچىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

ھېكىم ئەپەندى ئىچىگە تولدۇرۇپ ئۇھ تارتتى.

- سىز كۆرۈپ يۈرگەنگە ئوخشىماي قېلىۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلىۋاتىمەن، - دېدى ئۇ تامىقى قۇرۇپ قالغاندەك سەل خىرىلداپ، ئاندىن ئاستا كېلىپ ئوچۇق ئىشىكنىڭ كېشىكىگە ئارقىسى بىلەن يۆلەندى، - يېقىندىن بېرى بۇ دۇنيانىڭ ئاجايىپلىقىنى ئويلىنىپ قالىدىغان بولدۇم. بىز ھەممىمىز ئوخشاش مۇھىتتا ياشاۋاتقان بولساقمۇ، ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر ئائىلە ئۆزىدىكى ئايرىمچىلىق بىلەن ئۆزىگە خاس يەنە بىر تار مۇھىتنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر - بىرىدىن پەرقلىق ياشايدىكەن. تۇرمۇشىدا جېنىغا پاتقان ياكى كەم بولسا بولمايدىغان يەرلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى ئۆزگەرتمەكچى، قولىغا كەلتۈرمەكچى بولۇپ، غەيرەت بىلەن ئىنتىلىدىكەن. مەقسىتىگە يېتەي دېگەندە، بايىقى ئۆزى ئۆگەنگەن تار مۇھىت ۋە ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان بىر قېلىپتىكى تۇرمۇشنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىدىن توختاپ قېلىشقا، بەزىدە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدىكەن . . .

زەينىسا گەپنى بۆلدى:

- ئەپەندىم، بۈگۈن نېمە بولدى سىزگە، بۇرۇن مۇنداق پەلسەپە گەپلەرنى قىلمايتتىڭىز، ھېچ چۈشىنەلمەي قالدىم سىزنى.

زەينەپسانىڭ ئاۋازىدىن تاقەتسىزلەنگەنلىكى ھەم سەل ئاچچىقى كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ ھېكىم ئەپەندى گەپنى بەكمۇ يىراقتىن باشلىغانىدى، ئۇنىڭغا شۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەقىدە قىلغان ئايالنى، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئالمىنى چىشلەپ بېقىپ، ئىچىمىسا ئاچچىقكەن دەپ تاشلىۋېتىدىغان نىيىتى يوق ئىدى. ئۇ، بۇ ئايالنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆردى، بېرىلدى، خوتۇن - بالىلىرىنى ئويلىدى - يۇ، بىر ئامالى بولۇپ قالىدىغاندەك بۇ يولدا مېڭىۋەردى. بۈگۈنكى ئولتۇرۇشقا قاتناشمىغان بولسا، بۈگۈنكىدەك چوڭقۇرراق ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىر دوقالغا دۈچ كەلمىگۈچە مېڭىۋەرگەن بولاتتى. ئولتۇرۇشقا كەلگىنىمۇ ياخشى بوپتۇ. ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن زەينەپسا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. يېڭى جاھاز كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ھېكىم ئەپەندى يېڭى ئەمەس كونىراپ قالغان جاھاز، سىرلاپ پەردازلىغان بىلەنمۇ، كۈن ئۆتكەنسېرى غىچىرلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا زەينەپسا ئۇنىڭدىن زېرىكىشى، تۇرمۇشنىڭ رېتىمى بۇزۇلۇشى مۇمكىن. زەينەپسا ھازىر بۇرۇنقى ئېرى تەرىپىدىن خورلىنىپ، ئىزىدىن چىقىرىۋېتىلگەن تۇرمۇشنى ئۆزىگە كۆيىنىدىغان بىر ئادەم بىلەن قايتىدىن تىكلەشكە چىن كۆڭلىدىن ئىنتىلمەكتە. ئۇنىڭ كۆزىگە ياش پەرقى، چوڭ ئادەم بىلەن ئۆتىدىغان تۇرمۇشنىڭ كېيىن قانداق بولىدىغانلىقى كۆرۈنمەيدۇ، ئويلايدىغىنى خاتىرجەم تۇرمۇش ۋە كىتابلاردىكىدەك گۈزەل كېلىچەك، چۈنكى ئۇ ياش، لېكىن تەجرىبىسىز، ھېكىم ئەپەندى تۇرمۇشتا پىشقان، كۆپنى كۆرگەن، شۇڭا ئۆزىنىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرغان ياش ئايالنىمۇ ئويلىشى كېرەك. كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن ئەسلىتىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق. ئارزۇ قىلغانغا ئېرىشمەك، ئېرىشكەندىن كېيىن تۇتۇپ تۇرماقمۇ ئاسان ئەمەسكەن. ئۇنىڭدىن چەتنەپ كۆڭۈلگە قارشى مېڭىش قوقاسقا دەسسەپ مېڭىشتىنمۇ ئازابلىق بولىدىكەن. بۇ دۇنيادا ئادەم بولماق، ياشىماق نېمىدېگەن قىيىن - ھە!

ھېكىم ئەپەندى تاماكىنى ناھايىتى ئاز چېكەتتى، ئېسىگە كەلمىسە نەچچە كۈنلەپ چەكمەيمۇ يۈرەلەيتتى، ئەمما يېنىدىن ئالىي سورتلۇق تاماكىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ شۇ تاپتا قاتتىق خۇمار بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ كۈچەپ شورىغانىدى، قېقىلىپ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، يۆتەل توختاي دېمەيتتى، نەپىسى قىسىلىپ خىرقىرىدى، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. زەينەپسا كېلىپ دۈمبىسىدىن بىر ھازاغىچە پەپىلەپ بەرگەندىن كېيىنلا ئاران تىنچلاندى.

- كۆردىڭىزمۇ، مەن تاماكىغىمۇ كۈچ ئېلىشالمايدىغان بىر ھالغا كېلىپ قالغاندەك تۇرىمەن، - دېدى ئۇ قول ياغلىقى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھالىتى ئارقىلىقمۇ زەينەپساغا ئاللىقانداق بىر مەنىنى بىلدۈرمەكچى بولاتتى.

- تاماكا دېگەن زىيانلىق نەرسە، چېكىۋەرسە ياش ئادەممۇ كېرەكتىن چىقىدۇ، - دېدى زەينەپسا.

- قېرىلىق يېتىپ كېلىۋاتىدۇ، زەينەپسا، كۆڭلىڭىزنى ئالالماي قالامدىمەنكىن دەپ ئۆزۈمنى تىڭشاپ قالدىم.

- ئۆزىڭىزنى ئۇنچىلىك چاغلاپ كەتمەڭ، كۆڭۈلدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق.

- شۇڭا ئۇنى تىزگىنلىگىلى بولمايدىكەن. سىزگە ئوخشاش مېھرىلىك بىر ئايالغا مۇھتاج ئىدىم، كېيىنكى تۇرمۇشۇمدا شۇ ئايالنى ئۆزۈمگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلىپ ئۆتۈپ كېتىمەن دېگەن نىيەتكىمۇ كەلگەنىدىم. بۈگۈنكى ئولتۇرۇش ئويلىمىغان يەردىن ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە دەڭسىتىپ قويدى. كۆپ ئويلىدىم، كۆپرەك سىزنى ئويلىدىم، مېنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن دېگىنىم ئاخىرقى ھېسابتا

www.uyghurkitap.com



سىز ئۈچۈن پايدىلىق.

— مەن پايدا - زىيىنىنى ھېسابلىشىپ كۆرمىگەن، ئەپەندىم. پەقەت كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى، سىزنى ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ راھىتىدىن بەھرىمەن قىلىشنى ئويلىغان.

ھېكىم ئەپەندى زەينىسانىڭ ئاچچىقى كەلگىنىنى بىلىپ جىم بولدى. ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن زەينىسا ئېغىز ئاچتى:

— شۇنداق قىلىپ چىقالمايمەن دەڭ؟!

ھېكىم ئەپەندى ئارىسالدىچىلىقتا قالغاندەك، بىر ئۇنىڭغا، بىر يەرگە قاراپ جاۋاب بەردى:

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى.

— قايتىپ كېتەلەرسىزمۇ؟

— كېتەلەيمەن، كىرا ماشىنىسى ئۇچراپ قالار

— بوپتۇ ئەمىسە، تۇتۇپ قالالمىغاندىن كېيىن . . .

— دېگەنلىرىمنى ئويلىشىپ باقارسىز.

— قېنى . . .

ئۇ ئىشىك ئالدىدا پەلەمپەيلەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تاقىلدىغان ئاياغ ئاۋازى بېسىققىچە تۇرۇپ، ئاندىن ئاستا، بەكمۇ ئاستا قوزغالدى. ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسە زەينىسانىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتىن يانمايتتى. ئىچىنى ئېيتىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر غەشلىك ئېچىشتۇراتتى. كۆڭلىنىڭ مەيلى بار، دىلى سۇ ئىچىدىغان ئادەمگە يۈرىكىدىكى گەپنى قىلالماي، ئۆزىنى چەتكە تارتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقىنىغا ئىچ - ئىچىدىن ئاچچىق قىلاتتى، دۇنيانىڭ تارلىقىغا ئاغرىناتتى. زەينىسا بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان، ئۆزىنى روھلۇق، ھېسسىياتلىق سېزىپ كېلىۋاتقان ھېكىم ئەپەندى بىردىنلا بوشاپ شالاقلاپ قالغاندەك مۈكچىيىپ قالدى. «ئادەمنى ياش ئەمەس، روھ قېرىتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ.

لېكىن، شۇنىڭغا قارىماي ھېكىم ئەپەندى كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان كىچىككىنە ئازادىلىكنىمۇ ھېس قىلدى. قولاق تۈۋىدىكى نېرۋىسىنى تىنچسىزلاندۇرغان غۇڭغۇلداشمۇ غايىب بولغانىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىلا كىنايە قىلغان «تار دۇنيا»غا قاراپ ماڭغانلىقىنى، زامان - زامانلاردىن بۇيان كىشىلەر ئۆزلىرى ياراتقان ۋە ئۇنى مۇقەددەس بىلىپ ئۆگىنىپ كەتكەن تار مۇھىتنى بۇزۇپ ئۆتۈپ كېتەلمىگەنلىكتىن شۇنداق بولغانلىقىنى بىلىپ قولىنى سىلكىپ قويدى. بەلكىم يامان قىلمىغاندۇر. تارازىغا سېلىپ باققاندا خوتۇنىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتى جىلىڭ باسىدۇ. ئادەملەرمۇ بىزىدە، ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ھۆرمىتىنى ئۇنى دەپ - بۇنى دەپ، ئاخىرى چاقچاقتا يۈلگەن بولۇپ، خوتۇنلىرىنىڭ ۋاپادارلىقى بىلەن ئۆلچەپمۇ قالىدۇ.

ھېكىم ئەپەندى ئاسمانغا قارىدى. بايا بالكون دېرىزىسىدىن قارىغاندا ئوچۇق ئاسمان غۇۋا، يۇلتۇزلار خىرە - شىرە كۆرۈنگەنىدى. ھازىر يۇلتۇزلار يۈزىنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتكەندەك روشەن، چىرايىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىدىن خۇشال بولغاندەك چاقناپ كەتكەنىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت

# ئەرۋاھ نۇتۇقى

(ھېكايە)



قۇربان ھېيتىنىڭ ھارپا كۈنى.

مەن قەبرەم ئىچىدە سىنىڭ قەدىمىڭنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم، دادام بىلەن ئاكام قەبرەم بېشىغا كېلىپ يۈزۈندىن ئۇزۇن دۇئا ئوقۇپ، ئالغاچ كەلگەن سېرىق قوناق دانلىرىنى قەبرەمگە چېچىپ قويۇپ كەتتى. يېقىنلا بىر قەبرە بېشىدا بىر ئايال ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاۋاتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك ماكانى بولغان بۇ قەبرە ئىچى مېنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرىقى ماكانىم. قەبرەم بېشىغا مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان بىراۋ بىر دەستە قىپقىزىل گۈلنى قويۇپ قويۇپ كەتتى. لېكىن سەن كېلەلمىدىڭ، دادامنىڭ سۆزى بويىچە ھېچقانداق قەبرىدىن قالغۇسىز قىلىپ ھەيۋەتلىك ياسالغان زەڭگەر رېشاتكىلىق قەبرەمگە بىر دەستە قىپقىزىل گۈل تېخىمۇ ھۆسن قوشتى. ئىنسانلار ھايات ۋاقتىدا بىر - بىرىدىن نام، ئەمەل، ئابروي تالىشىپلا قالماي، ۋاپات بولغاندىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئادەملەر بۇ ئالەم بىلەن ئۇ ئالەمنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنىڭ ئوخشايدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكىمۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان، ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ كەڭ بولۇشنى ئارزۇ قىلغاندەك، ۋاپات بولغاندا ياتقان گۆرىنىڭ چوڭ بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. دادام تويۇمدا خەجلىمەكچى بولغان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ، ئۆز ئابرويىغا ماس كېلىدىغان قەبرە ياساتتى، چوڭ قەبرە تېشى بېكىتتى. دادامنىڭ پۇل ئارقىلىق تاپقان ئابرويى يەنە پۇل بىلەن ئىپادىلەندى. مەن ئۆلۈپمۇ دادامنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدىم. تۆت چاسا زەڭگەر رېشاتكىلار تېنىم كۆمۈلگەن تۇپراقنى قورشىۋالدى. قەبرە تېشىمىغىمۇ مېنىڭ يەنىلا دادامنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئىپادىلەيدىغان «يۇسۇپ ئاخۇن قىزى

uyghurkitap.com

مۇھەببەت 1971 - يىلى 5 - ئايدا تۇغۇلۇپ، 1992 - يىلى 7 - ئايدا ۋاپات بولدى» دېگەن خەتلەر ئويۇلدى.

مېنىڭ ئىسمىم مۇھەببەت ئىدى، ماڭا بۇ ئىسىمنى ئاشۇ ھېسسىيات دېگەننى بىلمەيدىغان دادام ئەمەس، مۇھەببەت ئىلاھى قويغاندەك بىلىنەتتى. كىشىلەر مېنى سۆيۈش ئۈچۈن تۇغۇلغان گۈزەل رەنا دەيتتى، لېكىن مەن سۆيۈشنى، كۈندە نەچچە رەت چاقىرىلىدىغان ئىسمىمنىڭ مەنىسىنى بىلەلمەي بۇ يەرگە كەلدىم.

بىز مەڭگۈ بىللە بولۇشقا ۋەدىلەشكەن ئىدۇق. ئۆلگەندىمۇ بىر گۆردە ياتماقچى بولغان ئىدۇق. شۇ كۈنى مەن ئادەملەرنى يۇقىرى، تۆۋەن دەپ ئايرىشقا ۋاسىتە بولغان ھەشەمەتلىك قورۇيىمىزدىكى قىپقىزىل گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن خاس ھۇجرامدا، ئۈدۈنۈمدىكى پەرداز جاھازىسىغا قاراپ: خۇش ئەمىسە دىلشات، مەڭگۈلۈك بىر بولۇشىمىز ئۈچۈن دەپ د د ۋ قاچىلانغان بوتۇلكىنى كۆتۈردۈم، لەۋلىرىمدە ئازابلىق كۈلكە بار ئىدى. كۆزلىرىمدە بۇ بىۋاپا ئالەمگە قىيالماسلىق، ئۆز - ئۆزۈمگە ئېچىنىش. خۇدا ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە ئېچىنىشتىن ئارتۇق جازا بەرمەس، خۇدا مېنىڭ ئۆزى بەرگەن تېنىمنى قەدرلىمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھايات ۋاقتىمدىلا شۇنداق جازا بەردى، پەرداز جاھازىسىنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈزەل قامەتكە چىدىمىدىم، چوڭلاردىن جەسەتنى يۇيغاندا ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. ئادەم ئۆلۈم ئالدىدىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەمدۇ قانداق ياكى بۇ مېنىڭ ھاياتلىققا قىيالمىغاندىكى ھېسسىياتىممۇ؟ بىراق بۇ گۈزەللىكلەر بىچارە ئىدى. ئەمدى ئاشۇ سىيلىق، پارقىراق، كىشىلەر ئالمىغا ئوخشىتىدىغان يۈزلەر چىرىيدۇ، توپىغا ئايلىنىدۇ، مۇنۇ كېلىشكەن بەدەن قاق سۆڭەككە ئايلىنىدۇ، دىلشات، سەن بۇ گۈزەللىكلەرنى شۇ مىنۇت كۆرگەن بولساڭ - ھە! بىراق كۆرمىدىڭ. شۇ مىنۇت مەن سېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مېنىڭ بۇ گۈزەللىكىمنى تاماشا قىلىۋېلىشىڭنى، ئۆلۈم قورقۇنچىدا تۇرۇۋاتقان قىپقىزىل لەۋلىرىمگە مەستانىلارچە سۆيۈپ قويۇشۇڭنى ئارزۇ قىلغانلىقىمنى بىلمەي قالدىڭ. قولۇم، قاتتىق قولۇم تىترەۋاتاتتى. مەن مۇشۇ گۈزەللىكىم بىلەن بەختسىز بولدۇم. گۈزەللىك قىز بالا ئۈچۈن ئامەت ھەم ئاپەت. مېنى كىشىلەر خۇش پۇراق گۈلگە ئوخشىتاتتى. بىراق مەن بىرىنىڭ شەخسىي ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان، پەقەت پۇرىقىدىنلا لەززەتلىنىپ بوتۇلكىغا چىلاپ قويىدىغان گۈل بولۇشنى خالىمىدىم.

دادامنىڭ ئاپامغا ھەمىشە قىلىدىغان بۇيرۇقلىرى، بىزنىڭ كەپسىزلىكىمىزنىڭ دەردىنى ئاپامدىن ئېلىشلىرى بۇ بىر تۇراقلىق قانۇنىيەتمۇ؟ نېمىشقا مەن بىلىدىغانلىكى بارلىق ئەرلەر شۇنداق قىلىدۇ، بۇ ھوقۇقنى ئۇلارغا نىكاھ بەرگەنمۇ؟ ئائىلىدىكى ھەممىلا ئىش نېمىشقا دادامنىڭ ئارزۇسىچە، بۇيرۇقى بويىچە بولىدۇ. مەن ئاپامنىڭ بۇ ئىشنى مۇنداق قىلايلى، دەپ بىرەر قېتىم ئۆز پىكرىنى دەپ باققىنىنى بىلمەيمەن. ئاپامنىڭ يۈزى قانسىز، ئاقۇچ ئىدى. ئۇنىڭ ئاق قەلبىمۇ ئۇزلۇكسىز خورلۇقتىن

ئاشۇنداق قانسىراپ كەتكەندۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆز پىكرىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ دادامغا ئېيتىپ باقمايدۇ، نېمىشقا جاھىل، ھازازۇل ئاياللاردەك دادامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆز سۆزىنى دەۋالمايدۇ. بۇنداق بۇرۇختۇم نارازىلىق، ئۈنسىز شىكايەت زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

كىچىك چاغلىرىمدا سەن بىلەن بىرگە مەكتەپكە بارىدىغان، سۇدا ئېقىپ كەلگەن ئالمىلارنى سۇزۇۋېلىپ تالىشىپ يەيدىغان، مەھەللىمىزدىن گاھى چاغلاردا ئۆتۈپ قالىدىغان چوكا مۇز سانقۇچىنىڭ كەينىدىن تېيىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرىدىغان چاغلاردا كەلگۈسىمنى بەك گۈزەل تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئۇ چاغلاردا مەن ئۆز قەلبىمدە كەلگۈسىدىكى كىنو چولپىنى، ئۇلۇغ بىر شەخس ئىدىم. لېكىن يىللار ئۆتۈپ مەن ھېچنېمە بولالمىدىم، ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدىغان ئاددىي ئىش دەپ قارايدىغان نىكاھ ئىشىمۇ ئۆزۈم خالىمىغان تەرەپكە مېڭىۋاتاتتى. بۇ ئالەمدىن مەن يەنە نېمە كۈتمەكچى؟ باھار ئۆتۈپ، ياز كېلىدۇ، ئاندىن كۈز، قىش، تۆت پەسىل ئالمىشىۋېرىدۇ، يىللار ئۆتۈۋېرىدۇ. مەن دەسمالدەك بولۇپ كەتكەن كىر يوپكىسىنىڭ چېكى سىڭايان بولۇپ قالغان ھالدا ئۆيىنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرى بىلەن چېپىپ يۈرۈيدىغان جاپاكەش ئايال بولىمەن. ھەر بىر ئاتالغاندا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان لىرىكىلىق ئىسمىم، گۈزەل چىرايىم باشقىلارغا ئەل قاتارى كۆرۈنىدىغان بولىدۇ.

مەن ئاپامنىڭ قىزى ئىدىم، لېكىن ئۇنىڭدەك ياشاشنى خالىمايتتىم. مەن ئاپامدەك ھەددىدىن زىيادە جاپاكەش، سەۋرچان، تاقەتمەنلىك بىلەن ئېرى ۋە بالىلىرى ئالدىدا خار بولۇپ يۈرىدىغان، چىرايىدا ئايدا - يىلدا بىر كۈلكە پەيدا بولمايدىغان ئايال بولۇشنى خالىمايمەن. مەن ۋە ئاكام، ئۇكىلىرىم ھەممىمىزلا خۇددى شۇنداق بولۇشى - ئاپام نان يېقىشى، كىر يۇيۇشى، تاماق ئېتىشى، كالا - قويلارغا قاراشتەك تۈگىمەس ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشى كېرەكتەك ھېس قىلاتتۇق. ئاپام مەن ئەقلىمنى تاپسام شۇ ئىشلارنى قىلاتتى، تا ھازىرغىچە قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا سالامەتلىك، ئاياللىق گۈزەللىك، لاتاپەت دېگەن نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوقتەكلا، كونىبويى قوتان بىلەن قازان بېشى ئارىلىقىدا دادامنىڭ كونا باجىڭگىر ئايىغىنى سۆرەپ يۈرگىنى يۈرگەن. قوشنىلار «تىنىمسىز خوتۇن، يۇسۇپنى باي قىلىۋەتتى» دېيىشىدۇ. لېكىن ئاپام بىرەر قېتىم ئۆز ئەمگىكىنى مىننەت قىلغان، ئۇنىڭغا ھەق تەلەپ قىلغان ئەمەس. ئۇ مۇشۇ باي ئائىلىنىڭ ئايالى بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن ئالتۇن جابدۇقلىرى بار، لېكىن بۇلارنى بىرەر قېتىم تاقاپ باققان ئەمەس، مەن ئاپامنى چۈشەنمەيتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ خاپىغان، بۇلۇتلۇق ھاۋادەك چىرايى قەلبىدىكى بارلىق سىرلارنى مۇستەھكەم توساقتەك توسۇپ تۇراتتى. دادامنى بولسا تېخىمۇ چۈشەنمەيتتىم. ماڭا دادامنىڭ بارلىق سىرلىرى ئاشۇ تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ئارىسىغا يوشۇرۇنغاندەك، قوشۇمىسى ئېچىلىپ كەتسىلا ھەممە نەرسە

ئايان بولۇپ كېتمىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق مەن بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەر جاراڭلىق كۈلكىسى قەلبىمدىكى ئازاب، ھەسرەت دېگەندەك ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىۋەتكەن بولسا، ئۇلار ماڭا ئۈنچىلىك سىرلىق، ۋەھىمىلىك ۋە يات تۇيۇلمىغان بولاتتى. مەن ئۆزۈم چۈشەنمىگەن دۇنيادا ئۆزۈمنى چۈشەنمەيدىغان، مېنىمۇ چۈشىنەلمىگەن ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە 18 يىل ياشىدىم.

ئەينەك جاھازىغا قاراپ د د ۋ تۇتقان قوللىرىمنىڭ تومۇرىدا تېخىچە قان ئايلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئېسىمگە كەلدىم. سېنىڭ بۇ چاققىچە زەھەرنى ئىچىپ بولغىنىڭنى، روھىڭنىڭ ئۇ ئالەمگە كېتىپ بارغىنىنى ئويلاپ، ئالدىراپ بوتۇلكا ئاغزىنى لېۋىمگە تەگكۈزدىم.

مەن سەن بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن ھاياتلىقتىن ۋاز كەچكەن ئىدىم. بىراق سەن كېچەلمەپسەن. مەن زەھەر ئىچىۋاتقاندا سەن ئۆزۈڭگە يېڭىچە ھايات يولى تاللاپسەن. سەن ئالدىنقى يىللاردا كۈندە دېگۈدەك قەبرەمنى يوقلايتتىڭ. روھىم بىلەن مۇڭدىشاتتىڭ. مەن سېنىڭ مەن بىلەن بىللە كەلگىنىڭدىن كۆرە ئاشۇنداق ھايات يۈرگىنىڭنى كۆرگۈنۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھېس قىلىپ قالغانىدىم. لېكىن بۇ يىل سەن كەلمىدىڭ، يىلدا بىر كېلىدىغان، ھەممىلا ئادەم ئەرۋاھ يوقلايدىغان مۇشۇنداق بىر كۈندىمۇ كەلمىدىڭ.

مەن ياشاپ باققان بولسام، ئاۋۇ قەبرەم بېشىدىكى داننى چوقۇۋاتقان قۇشقاچلاردەك بالىلىرىمغا دان توشۇپ بېقىپ باققان، ئۆزۈمنىڭ ئۇ دۇنيادىمۇ ياشىغانلىقىمدىن بىرەر بەلگە قالدۇرۇپ كەتكەن بولسام بوپتىكەن. مەن بۇ يەرگە بەك بالدۇر كېلىۋاپتىمەن. مەن مۇشۇ ئالەمدە سەن بىلەن بىللە بولۇپ خۇشال - خۇرام يۈرىمەن دەپ كەلگەن ئىدىم.

ئۆتكەندە قەبرىستانلىقنىڭ ئۇ بېشىدا ياتىدىغان موماڭ سېنىڭ ھازىر شەھەردە ئىكەنلىكىڭنى بىرىگە ئېيتىۋاتقان ئىكەن، مەن ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان ئىدىم. شۇ چاغدا مەن سېنىڭ قەبرەم بېشىغا نېمە ئۈچۈن كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىڭنى چۈشەنگەن، سەن بۇ چەت سەھرا يېرىدىن كېتىپسەن، باشقىلارغا بۇ يەردە نېمە بار، توپا يەپ يۈرىدۇ شۇ، دېگۈدەكسەن.

ئەمدى بۇ قەبرىستانلىققا قەدىمىڭ يەتمىگۈدەك. مەن نېمىشقىمۇ قۇرۇپ كەتكەن گۈلدىن بوتۇلكىغا چىلاپ قويۇلغان گۈلنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق ئويلىمىغان بولغىيدىم. مەن ئەمدى سېنى كۈتمەيمەن دىلشات. بىر قىز بالا ئاشىقى ۋاپادار بولسا ھەممە نەرسىگە چىدىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشى مۇمكىن. زۆھرە، شېرىن، لەيلىلەر مانا شۇنداق قىلغان، لېكىن ۋاپاسىز يىگىتنى كۈتۈپ ئېگەك تۇتۇپ ئولتۇرىدىغان بىرمۇ قىز يوق. ئەگەر بار دېيىلسە، بۇنداق قىزلار ۋاپاسىزلىقنىڭ ھەسرىتى بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى يىگىتنىڭ دۈشمىنىگە باش ئېگىشىمۇ مۇمكىن. سەن مېنى بۈگۈنكى كۈندە بوتۇلكىغا چىلانغان گۈل بولۇشنى ئارزۇ قىلمىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدۇڭ.

سەن ھامان بىر كۈنى بۇ يەرگە كېلىسەن، لېكىن مەن ئاشىقلىق سۈپىتىدە ئالدىڭغا چىقمايمەن. خوش، بۇ خوشلىشىش ساڭا ئەمەس، ئىنتىزارلىقلىرىم ۋە كۈتۈشلىرىمگە.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئەخمەتجان تۇرۇپ

## يۈرىكىمدە بىر دەستە چوغلۇق



ئۈمىدلىك ياش قەلەم ئىگىسى ئەخمەتجان تۇرۇپ 1970- يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1990- يىلى خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكۇمىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ھازىرغا قەدەر گۇز يېزىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ 1990- يىلدىن بۇيان «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 200 دىن ئارتۇق شېئىر ۋە ئوبزور ئېلان قىلدى.

ئەخمەتجان تۇرۇپنىڭ شېئىرلىرىدا رېئال تۇرمۇش، بولۇپمۇ يېزا تۇرمۇشى، سەھرا تەبىئىتى، دېھقانلارنىڭ تەبىئىي ۋە ساغلام ھېسسىياتى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇ شېئىرلاردىن يېڭىچە ئىزلىنىشلەرنىڭ ئىزىنى كۆرىمىز.

### كەل سەھراغا شائىر بۇرادەر

سەھرايىمغا كەلسەڭ ئەي شائىر.
سىغماي قالار قەلبىڭگە بەلكىم
ھەر قەدەمدە
ئۇچراپ ساڭا بىر تۈركۈم شېئىر.
كۆرگەنلىرىم تاقىر دۆڭ، دېمە،
شېئىر ئەسلى كۆرۈنگەن ئىدىر.
جىگدىلىكتىن ئۆتسەڭ مۇبادا،
سۆيۈپ قاچار شېتىلە شامال.

خىلۋەتلەردىن ئاڭلانغىنى سۈس
قايسى ناخشا
(قۇلىقىڭنى سال.)

سالىمىنى ئالغايسەن ئىلىك
باشلىرىنى ئەگسە سۆۋادان.
كەپتەر تۇپى يېنىڭدا ئەگىپ
چۇچۇك تىلدا تۇرسا گۇ - گۇلاپ

uyghurkitap.com

چېچىپ بەرگىن بىرەر يانچۇق دان.

ئېغىرلاشقان كەتمەننى يۇدۇپ،
ئۇچراپ قالسا مىس چىراي دېھقان
يۈرىكىنى قويغىن سەگىتىپ.
ھەق جاۋابنى بەرگىن تېرىكمەي،
كۆز جىيىكى نەملەشكەن مومام
سوئالىنى قويسا ئەگىتىپ.

يېتىم قىماي ئاق كۆڭۈل شائىر،
مورىلاردىن چىققان تۈتۈننى
ھىدلاپ باققىن، قانداق پۇراق بار؟
سەنمۇ بىردەم بولۇپ باققىن قوش،
چاك - چاك كەتكەن يادا ئىغۇ بارماق
ئېزىقماستىن سايراتقاندا تار.
دېھقان بىنا قىلغان زېمىندا،
تۆت پەسىلدە مۇقام - كۈي ئاقار...

## كاچكۇل ئىزدىگەن بالا

يۇدۇڭىنىچە كىچىك قاپاقنى،
كاچكۇل ئىزدەپ يۈرەر بىر بالا.
ئوك - سولىغا تەلمۈرگەن پېتى،
قار ئۈستىگە گۈل چېكەر ئاستا.

تونۇگۇنكى كاچكۇلنىڭ كۆزى،
ئەپسۇس، قالغان قىلىن مۇز تۈتۈپ.
كايىپ قويارئۆزىگە ئۆزى،
پالتىسىنى تالغانغا ئۇنتۇپ.

يەتكۈزسىلا ئۆيىگە سۇنى،
مەكتەپ تامان ئۇچاتتى ئۇدۇل.
ئوۋۇلىماستا قەلبىنى يىغا،
ئېچىپ بېرەر كىم ئاڭا كاچكۇل؟

## قىز كېلىدۇ

قىزكېلىدۇ
پەردەك يېنىك قەدىمى بىلەن
توپىلىق يوللارنىڭ بۇزۇپ چۈشىنى.
قىز كېلىدۇ
غورۇرى ئاينىغان سۇۋادانلارنىڭ
سالامغا كەلتۈرۈپ مەغرۇر بېشىنى.

قىز كېلىدۇ
تۈتاش كەتكەن جىگدىزارلىقنىڭ
يۈرىكىگە تېرىپ مۇھەببەت.
قىز كېلىدۇ
قوۋزاقلارنىڭ ئاراشلىرىدىن
ئاستا - ئاستا دەرد تېمىتىپ، دەرد.

قىز كېلىدۇ،
قىز كېلىدۇ...

## سەن تالاشتا قالغان كۆنلەردە

سەن تالاشتا قالغان كۆنلەردە
ئىچ - ئىچىدىن كۆلدى قاقاقلاپ
بەختىڭنى تىلىگەن خىيالچان سەھرا.
كۆلكە بىلەن تېپىشقان چىملىق،
جىم تورالماي چۈشتى ئۇسسۇلغا.

سەن تالاشتا قالغان كۆنلەردە،
پىشىشقا ئاز قالغان كۆركەم باشاقلار
نومۇسچان كۆزۈڭدەك كەتتى چاراقلاپ.
ئاپئاق كېچە،
يۇلتۇزلار توپى
ئۆگزەڭگە خېلىلا كەلدى يېقىنلاپ.

سەن تالاشتا قالغان كۈنلەردە،
باغ تېمىڭنى قۇچاقلاپ ئۆسكەن
كۆيگە ئامراق زىلۋا قومۇشلار
ئىسقىرتىشقا باشلىدى يەنە.
ئىزلىرىڭنى ئىزدىگەن تورغاي
سايراپ كەتتى قىلىپ تەنتەنە. . .

سەھرا قىزى بەلكىم باغاقسىز
پەرىشتىلەر كېلەر تويۇڭغا.
كەچۈر نامرات بولسامۇ، شۇ كۈن
غورۇرۇغا باي مىسرالىرىمدىن
ياساپ تىل تۇمار
ئېسىپ قويىمەن ئالتۇن بويۇڭغا.

## چۈش كۆرىدۇ پادىچى بالا

سەھرا تەرلەپ كەتكەندە چىپ - چىپ،
پادىچى بالا
يۆلەنگەچكە تاقىر سايدىكى
بويۇن قىسىپ تۇرغان جىگدىگە
چۆكۈپ كەتتى شېرىن ئۇيقۇغا.
ئېلىپ كەتتى چۈشلەر ئۇنى ھەم
پەرىشتىدەك ئاستا، بەك ئاستا.
چۈشلىرىدە،
ئاپئاق چاچلىق ئاق كۆڭۈل موماي
يېڭى ئاياغ ئېلىپ كېلەرمىش.
قاشلىرىدەك ئىگىلگەن بوۋاي
قوندۇرغانچە كونا نېيىگە
رەڭدار - رەڭدار كېپىنەكلەرنى
ئالقىنىغا تاشلاپ بېرەرمىش.

چۈشلىرىدە
ۋىچىرلىشىپ ئونبەش جۇپ يۇلتۇز
ھەرپلەرگە سىڭىپ كېتەرمىش.
قاراپ گاھى ھەممە - ھەممىسى
بولۇڭدىكى بىر بوش ئورۇنغا
تىترەپ تۇرغان غەملەرنى يەرمىش.

## چىقىپ كەتسەم سەھرادىن ئەگەر

شىشىدەك تاڭ، ئانا سەھرادىن
(چاپىنىمنى سېلىپ يەلكەمگە)
ئۇزاپ كەتسەم چىقارماستىن ئۈن.
كېچىلىرى ئۇيقۇنى بۇزغان
ياش ناخشىچى كۆرۈنمەيدۇ دەپ،
چاڭقاق دىللار يوقلايدۇ بىر كۈن.

مەن بىلمەن راستتىنلا كەتسەم
كەپتەرلىرىم قالار ئورۇقلاپ،
ھەرسەھەردە بېرىلمىسە دان.
قىڭغىر ئىشىك قىلغان ھامان غىچ
دەپ قېلىشار:
كەلدى قەدىردان.

مەن بىلمەن راستتىنلا كەتسەم
مېھرى ئىسسىق كونا تۈگمەننىڭ
ئۇمۇرتقىسى سۇنىدۇ جەزمەن.
قورار ھەتتا دوناي ئېرىقتا
جان كىرگۈزگەن چىرايلىق چىمەن.

مەن بىلمەن، راستتىنلا كەتسەم
غېرىبسىنغان كۆلنىڭ بويىدا
قايىقنى يىتتۈرەر بىر قىز.
ئاۋۇ مەغرۇر ئۆيىنىڭ كەينىدە
ئەسلى قاۋاپ توختىماس بويناق
بوپ قالىدۇ ئەجەبمۇ ئۈنسىز.

نېمە دېدىم، نېمە ئويلىدىم،
مېنى قارا بېسىپتۇ دەھشەت.
خىيالىمنىڭ گاڭگىرىشىدا

چىققان چېغى ئاغزىمدىن غەلەت.
ئايان ماڭا، (ئايان ھەممىگە)
بۆشۈكۈمنى تاشلاپ كېتىشكە
يۈرىكىملا ئۇنىماس پەقەت.

## جىگدىلىك

پەرىشتىدەك كۆركەم جىگدىلىك،
قويماقچىمەن ساڭا جىق سوئال.
ئېيتىپ بەرگىن ئۇرۇقلىرىڭدەك
ئۇنۇۋالسۇن قاناتسىز خىيال.

غۇررەك - غۇررەك سۈزۈك يەلمىلار
قورشاپ ئاپتۇ قاتقان غولۇڭنى.
چاچ ئۆرۈشنى ئۇنتۇپ قالغان قىز
ئۇنتۇدىمۇ چىغىر يولۇڭنى.

ئىست - ئىست! ئاۋۇ كۆچەتكە
ئىسىم ئويۇپ قويغان قايسى قول.
چېچەكلەشتىن ئايرىلغاندا ئۇ،
ئېغىز تۇتۇپ كۈلدىمۇ سۇمبۇل.

ئېيتىپ بەرگىن، قاي كۈندىن بېرى
يېمەك بولدى يۈرىكىڭنى قۇم.
خەنجەر تۇتقان قوللىرىڭ بىلەن
ھەيۋىسىنى قىلدىڭمۇ كۆكۈم.

ئېيتقىن قېنى، جۈپ - جۈپ ئىزىمنى
يۇچۇق قىلدى قايسى كۈن قارغا.
ئالتۇن مېۋەڭ قاپتۇغۇ ئازلاپ،
جىم تۇردۇڭمۇ تۇشۇسا بىكارغا.

قۇرۇپ قاپتۇ بىر دەستە چېچەك،
كىملەر تاشلاپ كېتىشكەن ئۇنى.
چاڭقاقلىقتا تۇرساڭ يىگانە،
كىم باشلىدى سايلىققا سۈنى.

* *

پەرىشتىدەك كۆركەم جىگدىلىك،
سىردىشىڭمەن، سىردىشىڭ ئەبەد.
بار ئەلەمنى بىر ئۆزۈم چېكەي،
كۆز يېشىڭنى ماڭا بېرىۋەت.

## چىغىر يولدا كېلەر بىر بالا

كالىسىنىڭ بېلىگە قونۇپ،
چىغىر يولدا كېلەر بىر بالا.
يېسىڭگىنە تورىدۇ كۈلۈپ،
كۆز ئالدىدا تونۇش كەڭ دالا.
باردۇر بۇدۇرۇق قولىدا ئۇنىڭ
چىلىك چېكىلگەن بىر ئاياق قېتىق،
تولۇنئايدەك ئىككى نېنى ھەم.
ئېتىزدىكى دادىنى ئويلار،
چىرايىدا كۆرۈنمەيدۇ غەم.
خىيالىدىن ئۆتەر بىرمۇ بىر
چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ
يەر ھەيدىگەن جاپاكەش ئاتا.
ئارام ئالماي چىلان تۇپراقنى
تىلىۋاتقان ساپان - بوقۇسا...
قۇياش چاقنار كۆزىدە ئۇنىڭ
مۈزدەك قېتىق ئاشۇ ئاتىنىڭ
يۈرىكىنى قاندۇرالىسا...

## سەھراغا قايتىش

قايتىپ كەلدىم سەھراغا يەنە،
تېتىش ئۈچۈن ھايات تەمىنى.
ئاپتاپ چاققان ئۇلۇغ خىزىرنىڭ
سىزىش ئۈچۈن كىرسىز قەلبىنى.

قايتىپ كەلدىم سەھراغا يەنە،
مەست قىلسۇن دەپ جىگدە چېچەكى،
پەرىزاتنى كۆرمەككە بىر رەت
قايرىلغاندا سۆترەڭ لىچەكى.
قايتىپ كەلدىم سەھراغا يەنە،
سىغىنغاچقا بۇلاق سۈيىنى.

يۇلتۇزلارنى يىغىپ چۆرەمگە،
ئېيتماق ئۈچۈن بوۋام كۈيىنى.
قايتىپ كەلدىم سەھراغا يەنە،
تېرىش ئۈچۈن قەلبىمگە مۇقام.
ئۇركۈتكەندە زاۋالنى مەشرەپ،
تولۇن ئاينى رام قىلىشقا، رام.

ئىبراھىمجان تاش

## يىراق پەسىل لىرىكىلىرى

### چۆشۈمدىكى قىز

يامغۇر ياغقان يەكشەنبە كەچتە
كىرىپ كەلدىڭ چۈشۈمگە قىزچاق.
ئېيتىلمىغان ناخشا سەن تېخى
مىسرالىرى كۆزۈڭدەك ئوماق.
چەبياتتىن پارچىمۇ ئەمەس،
تېكستىنى بىلمەس ھېچ كىشى.
بەلكىم شۇنداق قالار ئۇنتۇلۇپ،
ئاھاڭىغا سىڭىپ كۆز يېشى.
سۆيگۈدەكمەن گىلاس لېۋىڭگە
ئۇنتۇپ تامام دۇنيا غېمىنى.
كەل، تارتىنما، كىرگىن چۈشۈمگە
قايسى پەسىل كۆرىمەن يەنە
شۇ يېقىملىق ناخشىدەك سېنى؟

### باھار خاتىرىسى

بالكونلاردىن مارايدۇ باھار،
قۇياش رەڭگە چىلانغان سەھەر.
بارماقلاردا تىترىمەكتە تار
نەۋ باھاردىن بېرىپ خوش خەۋەر.

ئابىھايات تۆكىدۇ بۇلۇت
گۈگۈملارنىڭ چېھرىنى يۇيۇپ.

جىرالاردا سۆكۈت يوقالغان
دەريا سۈيى تېشىپ-ئۆلگىمەپ. . .

### چۈش

كېلىسەن باغرىمدىن باشلانغان يولدا،
لەيلەيدۇ ھاراقتا چىلانغان ئاھاڭ.
مەنمۇ مەست ئۈيۈمنى تاپالماي يۈرگەن
ھەم قەيەر نىشانىم بىلمەيمەن ۋاي تاڭ.

سالامغا ئېگىلەر دوڭغاق جىگدىلەر،
يوق بۇندا ئاسماننى تىرىگەن تۈۋرۈك.
مۇساپىر قەلبىممۇ بەئەينى شۇنداق،
سەن بىلەن كۆڭلۈمنىڭ ئارىلىقى ئۈزۈك.

يۈرىمىز سېغىنىپ بىر-بىرىمىزنى،
يوق ئەمما يىلدىسمۇ يېرىم پارچە خەت.
بىلمەيمىز نېمە ئۇ تېلېفون دېگەن،
دىللارنى يالمىغاچ نادانلىق - غەپلەت.

خەيرلىك مىنۇتلار كەلمەسكە كەتتى،
نېمە ئۇ لەۋلەرنى يېقىشىپ سۆيۈش؟
ئېھتىمال ئويلايمەن ياشىغىنىمنى،
دەقىقە ئىچىدە كۆرۈپ ئۆتكەن چۈش.

www.uyghurkitap.com



ئۆمەرجان سىدىق

# چۈش ئىلكىدە ياتىدۇ چۆللۈك

## قۇرغاق ئېقىن

ھالسىراپ ياتىدۇ قەدىمكى ئېقىن،
تاتارغان قوچىقى يېرىلغان تامام.
بەزىدە يوقلىسا ئاداشقان يېغىن،
قىرغاقىنىڭ يۈرىكى تاپىدۇ ئارام.

قەدىناس ھەمراھى مۈكچەيگەن توغراق
تەسەللىي بېرىدۇ ئۆتمۈشنى ئەسلەپ.
چۈش كۆرەر كۈندۈزى تۇرۇپمۇ ئويغاق،
ئېگىدا زىلال سۇ تاشقىنلار لەپ-لەپ.

تارتىملىق كۈنلەرنى ئەسلەيدۇ بىرە
ئالۋۇندا بىردىنلا جىمىرلاپ ئۆتمۈش.
ياپيېشىل ئورمانلار كۆرۈنەر خىرە
توغراقىنىڭ يادىغا چۈشكەندە كەچمىش.

بۇ ئۇلۇغ ئېقىننىڭ ئىزناسى چوقۇم،
يا قەدىم دەريانىڭ ئۇنتۇلغان قىنى.
نە سەۋەب ھىجراندا ئۈزۈلگەن ئۇدۇم،
(ئاھ سېنىڭ سۇپسۈزۈك سۇلىرىڭ قېنى؟!)

* *

يېشىل چۈش ئىلكىدە ياتىدۇ چۆللۈك،
ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى ئىزنىڭ يىراقتا.
قۇرىغان ئېقىننىڭ تىنىقى ئۈزۈك،
تۆت پەسىل نامايان ئەمما توغراقتا...

## بېكەت

كۆڭلۈمدىكى پەرى يوق بازار،
بۇندا مەۋجۇت يىگانە بېكەت.
بۇندا گۈل يوق ۋە ياكى ئاق قار،
مەن بۇ يەردە يولۇچى پەقەت.

مەن بىر كىمنى كۈتمەن ئۈنسىز،
ھەم باقىمەن يولىغا زارىقىپ.
ئالدىمدا بار داۋانلار ئېگىز،
كېيىمدە كۆل كەلمەكتە تېشىپ.

يا كەلمەيدۇ بىردىن ئاپتوبۇس،
ياكى مەنمۇ قالمايمەن كېتىپ.
پەقەت ئۆكسۈش ئاڭلىنىدۇ سۇس،
كىرپىكتە ياش قالىدۇ قېتىپ.

يا بىر يانغا قىلمايمەن سەپەر،
يۈكۈم ئېغىر، مەنزىلىم ئۇزاق.
تۈن بولىدۇ، يورۇيدۇ سەھەر،
مەن تۇرىمەن ئۈمىدۋار بىراق.

* *

كۆڭلۈمدىكى پەرى يوق بازار،
بۇندا مەۋجۇت يىگانە بېكەت.
مەن بىر كىمگە تەشنا، ئىنتىزار،
يۈرىكىمدە ئۈمىد، مۇھەببەت...

## ئىلتىجا

نازاكەت بابىدا يېتۈكسەن گۈلۈم،
چېھرىڭدە ئوماقلىق پاكلىقتا شاھىت.
بىر ساڭا تەلپۈنۈپ ئۆتمەكتە كۈنۈم،
ۋەسلىڭگە يېتەلمەي بولىمەن تىت-تىت.

چىقىسەن كوچاڭدىن جىلمىيىپ مەسۇم،
قاپقارا كۆزۈڭدە پارلىتىپ قۇياش.
سېزىمەن ئەرشتە تۇرغاندەك ئۆزۈم،
نەزەرىڭ سېھرىدىن ئىشقىم بولار پاش.

ماڭساقمۇ كوچىدا بىللە يانمۇ يان،
ئىشقىڭدا ۋۇجۇدۇم ياپراق مىسالى.
بولدىلا باغرىڭغا يىقىلاي جانان،
مېنى بۇ پىراقتىن ئەيلىگىن خالىي...

ئېزىز ھېيىت

# مەن كۆرگەن يۈرەك

## ئۇيغۇر قىزى

ئانارىڭنى يۈزۈڭدە كۆردۈم،
قىلچىڭنى قەلەم قېشىڭدا.
چولپىنىڭنى كۆزۈڭدە كۆردۈم،
چۈشلىرىڭنى سۇمبۇل چېچىڭدا.

ھەسەن-ھۈسەن ئارتساڭ بېشىڭغا،
مەھرۇڭ بوپتۇ باھار رەڭگىدىن.
پاكلىق سىڭگەن تەبەسسۇمىڭغا،
زۆھرە باقار كۆكنىڭ قەرىدىن.

سۇمۇرۇۋالسا ئۇسما قېشىڭنى،
دورايدىكەن شەپەق مەڭزىڭنى.
ئەركىلەتسە شامال چېچىڭنى،
سۆزلەيدىكەن غۇنچە قەلبىڭنى.

سەنەملىكتە دىلغا ياقىسەن،
نوزۇكلۇقتا چاقماق چاقىسەن.
رىزۋانگۈلنى رەھنىما قىلىپ،
تالدىم دېمەي تاڭغا باقىسەن.

رەپىقلىقنىڭ قۇرىماس دەريا،
سەنسىز چىقماس ھاۋاغا تۈتۈن.
ئەللىيىڭدە ئۆسىدۇ دۇنيا،
ئىنسانلىقىمىز شۇندىلا پۈتۈن.

## ئالەمگە مۇھەببەت

ئۈپۈقتا بىر قۇياش، يەردە مىڭ قۇياش،
شادلىقتىن داۋالغۇر كۆزلەردە دېڭىز.
زېمىندىن تۇغۇلغان يامغۇرغا ئوخشاش
تۇپراقنىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىمىز.
بىز كىم؟
بىز بەلكىم گۆدەك بىر بالا،
ھېلىلا ئانىنىڭ باغرىدىن كەلگەن.
كەچۈرى ئۆي-ئالەمنى بىلگەن ئەسنادا
قىيالماي قەبرىگە ماڭىمىز جەزمەن.

ئەگىم ئاي بىر سوئال بىزگە قويۇلغان،
چۆلدىكى ھەر بىر قۇم ئۇنىڭ توچكىسى.
گەر توغراق بولۇشقا بولمىسا ئىمكان،
بولايلى يانتاقنىڭ بىر تال غۇنچىسى!

سىڭەيلى ھەر بىر قۇم، ھەر بىر گىياھقا،
كېتەيلى ئايلىنىپ بىزمۇ ئالەمگە.
يەر قوينى تەلمۈرمەس يولچى - سەيياھقا،
ئىنتىلەر ئۆزىنى سۆيگەن ئادەمگە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**تۆمۈر داۋامەت**

# *ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە سەپەر*

*(زىيارەت خاتىرىسى)* *

## ئۇزۇن تارىخقا ئىگە دوستلۇق

جۇڭگو بىلەن تاجىكىستاننىڭ تاغ - دەريالىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، 4000 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئورتاق چېگراسى بار. ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى قەدىمدىن باشلانغان.

قەدىمكى يىپەك يولىمۇ جۇڭگو ۋە تاجىكىستان خەلقلىرىنى بىر - بىرىگە باغلىغان. ئىككى دۆلەت خەلقى شۇ يول ئارقىلىق ئۆز ئارا ھاجەتلىرىدىن چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى تارقىتىپ كەلگەن. جاڭ چيەن مىلادىيىدىن 138 يىل بۇرۇن پادىشاھ يارلىقىغا بىنائەن غەربىي دىيارغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، تاجىكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تارىخىدا يېڭى يول ئاچقان. جاڭ چيەن پەرغانە، كانجۇت، تۇخار (باكتېرىيە - ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى) قاتارلىق جايلارغا بارغان. مىلادىيىدىن بۇرۇن 119- يىلى جاڭ چيەن يەنە بىر قېتىم ئەلچى بولۇپ بارغان، ھەمدە مۇئاۋىن ئەلچىنى پەرغانە، كانجۇت، تۇخار، ئارساك (بۇخارا) قاتارلىق ئەللەرگە ئەۋەتكەن. بۇ ئەللەرمۇ ئەلچىلىرىنى ئۇلارغا قوشۇپ خەن سۇلالىسىغا ئەۋەتىپ، جۇڭگو بىلەن بىۋاسىتە ھۆكۈمەت ئارا ئالاقە ئورناتقان. شۇندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە بىر يىلدا كۆپ بولغاندا ئون نەچچە تۈركۈم، ئاز دېگەندە بەش - ئالتە تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرۇشقان.

بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن يىپەك يولىدىكى سودا - سېتىق ئىشلىرى ئىنتايىن جانلانغان ئىدى. ھەر مىللەت سودا كارۋانلىرى جۇڭگونىڭ يىپەك، سىرلانغان ئەسۋاب - جابدۇق، تۆمۈر، ئالتۇن، مىس، نېكىللىرى ۋە ھاكازالارنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ بارغان، ئۆز نۆۋىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينەك بۇيۇم، گۆھەر - ياقۇت، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە باشقىلارنى جۇڭگوغا ئېلىپ كەلگەن. يىپەك ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئېسىل مال بولۇپ قالغان، جۇڭگونىڭ ئىلغار تۆمۈر تاۋلاش ۋە قۇدۇق قېزىش تېخنىكىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ، شۇ جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۈزۈم، بېدە قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقىنى ئېلىپ كەتكەن.

* بېشى ئۆتكەن ساندا

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان سوغدى سودىگەرلىرى يىپەك يولىدىكى سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئىنتايىن جانلاندۇرغان، شىنجاڭ ۋە ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن جايلاردا سوغدى مۇھاجىرلىرى رايونلىرى قۇرۇلۇپ، سودا ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى قامدالغان. لوپنۇر كۆلىدىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان لىنىيىدىكى قەدىمكى يىپەك خارابىلىرى ئاستىدىن سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان سودا - سېتىققا دائىر نۇرغۇن ھۆججەتلەر تېپىلدى. سوغدى سودىگەرلىرىمۇ سوغدى مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان. سوغدى يېزىقى شىنجاڭ، موڭغۇل يايلاقلىرى ۋە ئىچكىرىدىكى جايلارغا تارقىلىپ، يا سودا - سېتىق تىلى قىلىنغان، يا دىن يولىدا تەتبىق قىلىنغان، يا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز يېزىقىنى كەشىپ قىلىشىدا پايدىلىنىلغان.

1991- يىلى سېنتەبىردە تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي، تاشقى ئىشلار مىنىستىرىمىز چيەن چىچېن تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ۋە دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1992- يىلى 4- يانۋار جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى تاجىكىستاننى زىيارەت قىلغاندا ئىككى تەرەپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغرىسىدىكى ئاخباراتنى ئىمزالىدى. ئىككى تەرەپ تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا دوستلۇق- ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قوشۇلدى. تاجىكىستان ھۆكۈمىتى تەيۋەن بىلەن ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەت ئارا مۇناسىۋەت ئورناتمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد - سودا، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بېرىش - كېلىشنى كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم، دەپ ھېسابلىدى. شۇ يىلى مارتنىڭ باشلىرىدا دۆلىتىمىز تاجىكىستاندا ئىقتىساد - سودا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇردى. 18- مارت ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى باشچىلىقىدىكى ج ك پ ۋەكىللەر ئۆمىكى تاجىكىستاننى زىيارەت قىلدى. ئىيۇندا تاجىكىستان مۇئاۋىن زۇڭلىسى سەئىد مۇرادوۋ ئۆرۈمچىگە كېلىپ جۇڭگو قازاقىستان تۆمۈر يولىدا پويىز قاتناش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئاپرېل ۋە ئىيۇلدا تيەنجىن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى شېڭلىن ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تاھىر مەھەممەد ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىقتىساد سودا ئۆمەكلىرىنى باشلاپ تاجىكىستاندا زىيارەتتە بولدى. تيەنجىن بىلەن دۇشەنبە شەھىرى بىرلەشمە مەبلەغلىق ۋېلسىپىت زاۋۇتى قۇرۇشنى كېڭەشكەن بولسىمۇ، تاجىكىستاننىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقان بولغاچقا، ئەمەلگە ئاشماي قالدى. 31- ئاۋغۇست دۆلىتىمىزنىڭ تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن تۇنجى باش ئەلچىسى شى جاۋمىڭ تاجىكىستان زۇڭتۇڭى نەبىيېۋقا دۆلەت خېتىنى تاپشۇردى. تاجىكىستاندا 1992- يىلى يازدا سۇ ئاپىتى يۈز بەرگەن ۋە 1993- يىلىنىڭ باشلىرىدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىغان مەزگىللەردە ئېلىمىزنىڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 10 مىڭ دوللار نەق پۇل ۋە 200 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدە دورا ئىئانە قىلدى.

تاجىكىستان دۆلەت باشلىقى، ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى راخمانوۋ دۆلەت رەئىسىمىز ياڭ شاڭكۇننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 1993- يىلى 8- مارتتىن 11- مارتقىچە ئېلىمىزدە رەسمىي زىيارەتتە بولدى. رەئىس راخمانوۋ جۇڭگودا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، باش شۇجى جياڭ زېمىن، رەئىس ياڭ شاڭكۇن ۋە لى پېڭ زۇڭلىلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇنىڭ بىلەن دوستانە، ئەمەلىي كەيپىياتتا ئۇچراشتى ۋە

سۆھبەتلەشتى. تاجىكىستانلىق ئەزىز مېھمانلار نەنتۇك، شاھخەي، ئۈرۈمچىلەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. ئىككى تەرەپ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان خەلقئارا مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردى، ئۆزئارا ھەمكارلىقتا دائىر ھۆججەتلەرنى ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى بىرلەشمە بايانات»نى ئىمزالىدى.

ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بېرى، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتىدە بەلگىلىك تەرەققىياتلار بولدى. تاجىكىستاندا ئىچكى ئۇرۇش بولۇۋاتقان، ئىقتىساد ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلەشكەن ئەھۋالدا، ئېلىمىز تاموژنىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1992- يىلى ئېلىمىزنىڭ تاجىكىستان بىلەن بولغان ئومۇمىي سودا مىقدارى 2 مىليون 760 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ ئېكسپورتى 1 مىليون 960 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورتى 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

## سۈرەتتەك گۈزەل پايتەخت

يەرلىك ۋاقىت سائەت توققۇزدا ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز چۈشكەن مەخسۇس ئايروپىلان دۇشەنبە ئايرودرومىغا قوندى. تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋىتىنىڭ 1- مۇئاۋىن رەئىسى ئا. دوسكىيېۋ، ئالىي سوۋېت خەلقئارا ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ر. ئاتويېۋ، دۇشەنبە شەھەرلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى مەنسۇروۋ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە باشقا تارماقلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ئايرودرومغا چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالدى. دۆلىتىمىزنىڭ تاجىكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋەكالەتچىسى يىڭ سۈگلىن ۋە خىزمەتچىلەرمۇ ئالدىمىزغا چىقتى. تاجىك خەلقىنىڭ ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتىكى ئەنئەنىۋى رەسىم - قائىدىسى بويىچە، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزگە بولكا ۋە تۇز تەقدىم قىلىندى. چىرايلىق مىللىي كىيىم كىيگەن قىزلار گۈل تۇتتى. مەن ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزگە ۋەكالىتەن سۆز قىلىپ، تاجىكىستان ئالىي سوۋىتىنىڭ چىللىشى ۋە كۈتۈۋېلىشىغا رەھمەت ئېيتتىم، بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىز ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىشىمىزنى ئاشۇرۇشنى، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى دوستلۇق ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم، ھەمدە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ تاجىكىستان خەلقى ۋە دۇشەنبە ئاھالىسىگە بولغان ياخشى تىلەكلىرى ۋە سەمىمىي سالىمىنى يەتكۈزدۈم.

قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز دوسكىيېۋ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا تاجىكىستان دۆلەت مېھمانخانىسىغا قاراپ يول ئالدۇق. ماشىنا ئىككى تەرىپى سايىلىق تۈپتۈز كەتكەن ئاسفالت يولدا يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ نەپىس لايىھىلەنگەن ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئەتراپى بۈك - باراقسان دەرەخلەر بىلەن قورشالغان. بىنا ئالدىدىكى گۈلزارلىقتا گۈل - چېچەكلەر بەس - بەستە ئېچىلغانىدى.

دۆلەت مېھمانخانىسى دۇشەنبىنىڭ يىغىنچاق كارتىنىسى بولۇپ، پۈتكۈل دۇشەنبە شەھىرى چوڭ بىر باغقا ئوخشايتتى. دۇشەنبە شەھىرى گۈزەل مەنزىرىلىك ھىسسار ئويمانلىقىغا جايلاشقانىدى. ۋارزوب دەرياسى شىمالدىن جەنۇبقا، كافىرنىگان دەرياسى شەرقتىن غەربقە ئاقاتتى. شەھەر كۆلىمى 120 نەچچە كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 600 نەچچە مىڭ ئىكەن. ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بەرپا قىلىنغان

يېڭى شەھەر بولۇپ رەتلىك سېلىنغان كوچىلىرىغا دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى، كوچا مەركەزلىرىدە گۈللۈكلەر بەرپا قىلىنغانىدى. كوچىلارغا گۈرۈنتىلغان خىلمۇ خىل گۈزەللىكتىكى ھەيكەللەر جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۆسۈپ- يېتىلىش تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. قاتار-قاتار كەتكەن ئېگىز بىنالار زامانىۋى شەھەرنىڭ ھۆسن -جامالىنى نامايان قىلاتتى.

دۈشەنبە جۇمھۇرىيەتنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، ئىقتىساد، قاتناش ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىكەن. بۇ يەردە جۇمھۇرىيەتنىڭ ماشىنىسازلىق ۋە مېتال پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ كارخانىلىرىدىن: توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرىنى ياساش زاۋۇتى، سۇ كۆچى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى، ئېلېكتر كابېل زاۋۇتى، يول ياساش ماشىنىلىرى زاۋۇتى، توڭلاتقۇ زاۋۇتى؛ يېنىك توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىدىن پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، يىپەك توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، ئاياغ كىيىملىرى زاۋۇتى، تىككۈچىلىك زاۋۇتى، خۇرۇم پىششىقلاش زاۋۇتى؛ يېمەك- ئىچمەك سانائىتى كارخانىلىرىدىن ماي پىششىقلاش زاۋۇتى، كەمپۈت زاۋۇتى، گۆش زاۋۇتى، ۋىنو زاۋۇتى، سۈت بۇيۇملىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى قاتارلىقلار؛ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كارخانىلىرىدىن سېمۇنت زاۋۇتى، ياغاچ ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، بېتون زاۋۇتى قاتارلىقلار بار ئىكەن.

دۈشەنبە جۇمھۇرىيەتنىڭ قاتناش تۈگۈنى ئىكەن. تېرمىز- ئوردژونىكىدزې تۆمۈر يولى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كالىنىنئابات ۋە كۆلياب تار رېلىسلىق تۆمۈر يولىغا تۇتىشىدىكەن. تەرەپ -تەرەپلەرگە سوزۇلغان تاشيوللىرى پايتەخت بىلەن جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي شەھەرلىرىنى بىر- بىرىگە باغلاپ تۇرىدىكەن. دۈشەنبە ئايرودرومى جۇمھۇرىيەت ھاۋا بوشلۇقىنىڭ دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا موسكۋا، تاشكەنت، يېڭى سىبىرىيە ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي شەھەرلىرىگە ئۇچىدىغان قەرەللىك نۆۋەتچى ئايروپىلانلار بار ئىكەن.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۈشەنبىنىڭ ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپتۇ. بۇ يەردە جۇمھۇرىيەت پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە نۇرغۇن پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بار بولۇپ، پەن تەتقىقات خادىملىرى يەر تەۋرەشنى ئالدىن مەلۇم قىلىش ۋە يەر تەۋرەشتىن ساقلىنىش، بىناكارلىق تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيانىڭ نەزەرىنى تارتىدىغان نەتىجىلەر قازىنىپتۇ. جۇمھۇرىيەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇ يەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى، سانائەت ئىنستىتۇتى، يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، رۇس تىل- ئەدەبىياتى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، تەنتەربىيە ئىنستىتۇتى ۋە سەنئەت ئىنستىتۇتى قاتارلىق سەككىز ئالىي مەكتەپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىكەن. ئون نەچچە ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە 20 نەچچە كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدە 30 نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى بار ئىكەن. جۇمھۇرىيەتنىڭ رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە مەركىزى، ئاخبارات ئاگېنتلىقى ۋە نەشرىياتى بار ئىكەن. مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىمۇ بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپ، ناخشا- ئۇسسۇل ئانسامبىلى، تاجىك تىياتىرى، رۇس تىياتىرى، تاجىك ياشلار تىياتىرى، مۇزىكا زالى، سىركخانا، نەچچە ئونلىغان كىنوخانا ۋە كىنو قويۇش پونكىتلىرى؛ جومھۇرىيەت كۇتۇپخانىسى، پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەركىزىي كۇتۇپخانىسى ۋە 100دىن ئارتۇق كىچىك تىپتىكى كۇتۇپخانا، تارىخ- تەزكىرە مۇزېيى، گۈزەل - سەنئەت مۇزېيى، ئەدەبىيات مۇزېيى، خەلق ئىگىلىكى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىخانىسى؛

چوڭ تىپتىكى تەنتەربىيە مەيدانى ۋە سارىيى، ئۈسمۈرلەر سارىيى، ئۈسمۈرلەر تەبىئىي پەن - تېخنىكا پائالىيەت مەركەزلىرى بار ئىكەن. داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار مائارىپى ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىمۇ بىر قەدەر تولۇق ئىكەن.

دۇشەنبە شەرەپلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە شەھەر ئىكەن. 1920 - يىلى ئۆكتەبىردە بۇخارا فېئودال خانلىقى ئىنقىلابىي ئامما تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، يېڭى سوۋېت ھاكىمىيىتى- بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپتۇ. 1920 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇخارا خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ئەمىرى سەئىد ھېلىمخان دۇشەنبىگە قېچىپ كېلىپ، باسمىچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپتۇ. دۇشەنبە خەلق ئاممىسى تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارمىيىسىنىڭ دۇشەنبىنى ئازاد قىلىشىغا پائال ماسلىشىپتۇ. سەئىد قاتارلىقلار ھاپىلا - شاپىلا چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، باسمىچىلار دۇشەنبىنى قورشىۋاپتۇ. دۇشەنبىدىكى ئارمىيە، خەلق مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، باسمىچىلارغا قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، شەھەرنى ئۈچ ئايغىچە تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئاخىرى ئوق - دورا ۋە ئاشلىقى تۈگەپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. 1922 - يىلى 14 - ئىيۇل دۇشەنبە قايتىدىن ئازاد قىلىنىپ، خەلقنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ.

## كۆنسايىن مۇقىملىشىۋاتقان ۋەزىيەت

ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، تاجىكىستان زېمىنىگە قەدەم قويۇشىمىز بىلەنلا، بۇ يەردىكى ئىچكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ جىددىي كەيپىياتىنى ھېس قىلدۇق. ئايرودرومنىڭ ئەتراپىدا بىرونېۋىك ۋە تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر تۇراتتى. ئايرودرومدىن دۆلەت مېھمانخانىسىغا بارىدىغان يولدىمۇ بىرونېۋىكلارنى كۆردۇق، كوچا ئېغىزلىرىنى قوراللىق خادىملار ساقلاپ تۇرۇشاتتى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى قوراللىق خادىملار قوغداپ ماڭدى. دۆلەت مېھمانخانىسىنىمۇ قوراللىق خادىملار مۇھاپىزەت قىلىدىكەن. كېچىچە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى.

تاجىكىستاننىڭ مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى تەرەققىيات يولى ئانچە تەكشى بولمايۋېتىپتۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى ئىككى مەزھەپكە تەۋە سىياسىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش ۋە قوراللىق توقۇنۇشلار دۆلەتكە غايەت زور زىيانلارنى، خەلق تۇرمۇشىغا چەكسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كېلىپتۇ. تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى دۆلەتنى 250 مىليارد رۇبلى زىيان تارتقۇزغان، 150 مىڭ كىشىنى خانىۋەيران قىلغان ئىكەن، 1993- يىلى فېۋرالدا ئىشسىزلارنىڭ سانى 700 نەچچە مىڭ كىشىگە يېتىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ھۆكۈمەت مالىيىسىدىكى قىزىل رەقەم خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىراقلا تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ.

1991- يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا «19- ئاۋغۇست» ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، تاجىكىستان ۋەزىيىتى داۋالغۇشقا باشلاپتۇ. جۇمھۇرىيەتنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان سىياسىي كۈچلەر ئاساسەن ئىككى ئېقىمغا تەۋە ئىكەن، ئۇنىڭ بىرى تاجىكىستان كومپارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىكىدە، يەنە بىرى تاجىكىستان دېموكراتلار پارتىيىسى، ئىسلام گۈللىنىش پارتىيىسى ۋە «راستوخىس» خەلق

:

ھەرىكىتى ۋەكىللىكىدە ئىكەن. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە تىغمۇ تىغ قارشى بولۇپ، كۆرەش خېلىلا كەسكىن ئىكەن. «19 - ئاۋغۇست» ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىنكى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىلا جۇمھۇرىيەت ئالىي رەھبەرلىرى ئۈچ قېتىم ئالمىشىپ بولۇپتۇ.

ك. ماخكاموۋ جۇمھۇرىيەتتە زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغانىكەن. «19 - ئاۋغۇست» ۋەقەسى يۈز بەرگەندە بۇ ۋەقەنى ئاشكارا ئەيىبلىمىگەنلىكى ئۈچۈن، دېموكراتلار پارتىيىسى باشچىلىقىدىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شۇ چاغدىكى ئالىي سوۋېت رەئىسى ك. ئارسلانوۋ مۇۋەققەت زۇڭتۇڭ بولۇپتۇ. ئۇ دەرھال تاجىكىستان كومپارتىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى توختىتىشنى، مال - مۈلۈكلىرىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى جاكارلاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقى تاجىكىستان كومپارتىيىسى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپتۇ. نۇرغۇنلىغان خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەلەپ قىلىشى ئاستىدا جۇمھۇرىيەت ئالىي سوۋېتى پەۋقۇلئاددە يىغىن چاقىرىپتۇ. كەسكىن بەس مۇنازىرە ۋە ئاۋازغا سېلىشلار ئارقىلىق، ئارسلانوۋ ئالىي سوۋېت رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. تاجىكىستان كومپارتىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى توختىتىش ھەققىدىكى پەرمان بىكار قىلىنىپتۇ. ن. نەبىيېۋ ئالىي سوۋېتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپتۇ.

1991 - يىلى 24 - نويابىر جۇمھۇرىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئومۇمىي خەلقنىڭ زۇڭتۇڭىنى بىۋاسىتە سايلىشى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. جۇمھۇرىيەتنىڭ شەھەرلىرىدىن تاغلىق كەنتلىرىگىچە بايرام كەيپىياتىغا چۆمۈپ كېتىپتۇ. كىشىلەر تۇشمۇ تۇشتىن ئاۋاز بېرىش پونكىتلىرىغا بېرىپ ئاۋاز بېرىپ، ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىزھار قىلىپتۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى سايلىغۇچىلارنىڭ %86 تى ئاۋاز بېرىشكە قاتنىشىپتۇ، بۇنىڭ %57.5 تى كومپارتىيە قوللايدىغان نامزات نەبىيېۋقا ئاۋاز بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئومۇمىي خەلق بىۋاسىتە سايلاپ چىققان تۇنجى جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭى بولۇپتۇ.

دېموكراتلار پارتىيىسى ۋە دىنىي كۈچلەردىن تەشكىللەنگەن ئۆكتىچىلەر كوممۇنىستلارنىڭ داۋاملىق ھوقۇق تۇتۇشىغا ئىنتايىن نارازى ئىكەن. ئۇلار مەملىكەت ئىچىدىكى قىيىن ئەھۋالدا تۇرغان ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە تەسىرى بار دىنىي كۈچلەردىن خىلمۇ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق پايدىلىنىپ توسالغۇ پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىشقا ئۇرۇنىدىكەن.

1992 - يىلى مايدا دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن ئىسلام گۈللىنىش پارتىيىسى قورغانتۆپە ۋە كۆلياب ئوبلاستلىرىدىكى قەبىلە توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىچكى داۋالغۇشتىن پايدىلىنىپ، نەبىيېۋ زۇڭتۇڭنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتىنى باشلاپتۇ. ئۇلار قورغان ۋەتەن قۇتقۇزۇش فۇرونتى دۈشەنبىدە ھۆكۈمەتكە قارشى كەڭ كۆلەملىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، نەبىيېۋ زۇڭتۇڭنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. نەبىيېۋ ئۆكتىچىلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئۆزىنى قوللايدىغان ئالىي سوۋېت رەئىسى، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ۋە باش پروكورور قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۆكتىچىلەرنىڭ ئادىمىنى ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرگۈزۈپ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» تەشكىل قىلىپتۇ.

لېكىن، نەبىيېۋنىڭ يۇرتى لېنىنئاباد ئوبلاستى «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» كە بويسۇنۇشنى رەت قىلىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



جەنۇبتىكى قورغانتۆپە ۋە كۆلياب ئوبلاستلىرىدا ئۆكتىچىلەر قوراللىق كۈچلىرى بىلەن زوڭتۇڭنى قوللايدىغان قوراللىق كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇشلار ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىشكە باشلاپتۇ. ئۆكتىچىلەر تاشقى ئىشلار، دۆلەت مۇداپىئەسى قاتارلىق سەككىز مۇھىم ئورۇننىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋاپتۇ ھەمدە 1992- يىلى 31- ئاۋغۇست زوڭتۇڭ مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىپتۇ. ئۆكتىچى قوراللىق كۈچلەرنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، نەبىيېۋ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ ۋە ئالىي سوۋېت رەئىسى ئىسكەندەروۋ مۇۋەققەت زوڭتۇڭلۇققا تەيىنلىنىپتۇ.

يېڭى ھۆكۈمەت تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ كېتەلمەپتۇ. قورغانتۆپە ۋە كۆلياب ئوبلاستلىرىدا ئىككى تەرەپ قوراللىق كۈچلىرى داۋاملىق توقۇنۇش پەيدا قىلىشىۋېرىپتۇ. بۇ ئىككى ئوبلاست ۋە لېنىنئابات ئوبلاستى يېڭى ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلماپتۇ. 24- ئۆكتەبىر يېڭى ھۆكۈمەتكە قارشى ھىسسار ۋە كۆلياب رايونلىرىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى دۇشەنبىگە كىرىپتۇ ھەمدە زوڭتۇڭ مەھكىمىسى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى تېزدىن كونترول قىلىۋاپتۇ.

16- نويابىر تاجىكىستان 12- نۆۋەتلىك ئالىي سوۋېتىنىڭ 16- قېتىملىق يىغىنى چاقىرىلىپتۇ. بۇ بىر قېتىملىق مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن بولۇپ، تاجىكىستان ۋەزىيىتىنىڭ پەسىيىشكە يۈزلەنگەن بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىكەن. يىغىندا يېڭى ئاساسىي قانۇن لايىھىسى ماقۇللىنىپ، زوڭتۇڭلۇق تۈزۈمىنى يولغا قويماي، پارلامېنت رەھبەرلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش، دېموكراتىك، قانۇن-تۈزۈملۈك، دىندىن تاشقىرى دۆلەت قۇرۇش قارار قىلىنىپتۇ. راخمانوۋ تاجىكىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسلىكىگە (دۆلەت باشلىقلىقىغا) ئا. ئابدۇللاجانوۋ مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپتۇ.

راخمانوۋ 1952- يىلى 5- ئۆكتەبىر كۆلياب ئوبلاستىدا دۇنياغا كەلگەن. مىللىتى تاجىك. 1982- يىلى تاجىكىستان دۆلەت داشۆسىنىڭ ئىقتىساد فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1971 - يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ، قورغانتۆپە شەھىرىدىكى بىر ماي زاۋۇتىدا مانتىيور بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، سوۋېت ئارمىيىسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. 1974- يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، يەنە ماي زاۋۇتىدا ئىشلىگەن. 1976 ـ 1988 - يىللىرى يۇرتىدىكى بىر كولخوزدا خىزمەت قىلىپ، كاتىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، كېيىنچە شۇ كولخوزنىڭ رەئىسى بولغان. 1992 - يىلى يانۋارنىڭ باشلىرىدا كۆلياب ئوبلاستلىق خەلق ۋەكىللىرى سوۋېتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان ئىكەن.

1993 - يىل تاجىكىستاندا رەئىس راخمانوۋ باشچىلىقىدىكى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ھاكىمىيەت مۇستەھكەملەنگەن بىر يىل بوپتۇ. يېڭى ھۆكۈمەت ئىچكى ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىپ، ئىچكى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىگە دۇچ كەپتۇ. ھۆكۈمەت بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىپ ئىسلامىيەتنىڭ رادىكال كۈچلىرىگە زەربە بېرىپ، دىننىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويماي، ئىسلام گۈللىنىش پارتىيىسى، دېموكراتلار پارتىيىسى ۋە «راستوخىس» قاتارلىق مالىمانچىلىق تۇغدۇرغۇچى ئۆكتىچى پارتىيەلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ؛ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئۆكتىچى قوراللىق كۈچلەرنى تازىلاپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلغۇچى ئورگانلار

ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىپتۇ؛ مۇساپىرلارنى ماكانىغا قايتۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەلقنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇرت - ماكانلىرىنى يېڭىباشتىن قۇرۇشقا چاقىرىپتۇ. ئالدىنقى يېرىم يىلدا 500 مىڭدىن ئارتۇق مۇساپىر ئۆي - ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىپتۇ، ئافغانىستانغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەن 60 مىڭ مۇساپىرنىڭ كۆپ قىسمىمۇ ۋەتىنىگە قايتىپتۇ. ھۆكۈمەتنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، تاجىكىستاننىڭ ۋەزىيىتى كۈنسايىن مۇقىم بولۇۋېتىپتۇ.

بىز تاجىكىستان خەلقىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلى باشتىن كەچۈرگەن قىيىنچىلىقلىرىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈردۇق، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىختىلاپلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشنى ئۈمىد قىلدۇق.

## ئۇنتۇلماس ئۇچرىشىش

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز دۈشەنبەدە ئازراق دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، سائەت 11دە تاجىكىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى دوسكىيېۋ بىلەن ئۇچراشتۇق. دوسكىيېۋ بۇ يىل 24 - ئىيۇن ئېچىلغان تاجىكىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ 17- قېتىملىق يىغىنىدا ئالىي سوۋېتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلىنىپتۇ. ئۇ بەستلىك، مۇلايىم كىشى ئىكەن. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز تاجىكىستاننى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ باشتىن - ئاخىر ھەمراھ بولدى. ئۇنىڭ قىزغىن، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ھەر بىر ئورۇندا ئېلىمىز خەلقىگە بولغان دوستانە ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزدىكى ھەر بىر كىشىدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

دوسكىيېۋ تاجىكىستان ئالىي سوۋېتى ۋە ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تاجىكىستان قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا زىيارەتكە كەلگەنلىكىگە چىن دىلىدىن تەشەككۈر ئېيتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز بىلەن بولغان دوستانە سۆھبەتتە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو - تاجىكىستان خەلقلىرى 2000 يىلنىڭ ئالدىدا دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىشقا باشلىغان. تاجىكىستان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. جۇمھۇرىيەت دۆلەت باشلىقى راخمانوۋ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەردىن باشقا زىيارەتكە بارغان تۇنجى دۆلەتنىڭ جۇڭگو بولغانلىقى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ئۇ تاجىكىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: تاجىكىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ بارلىق ۋەكىلى ھەر دەرىجىلىك سايلاملاردا سايلىنىپ چىققان، ھازىر ئالىي سوۋېتتە جەمئىي 230 ۋەكىل بار، بۇنىڭ 191 ى يېڭىدىن سايلانغان. جۇمھۇرىيەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى توغرىسىدا، ئۇ: ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە مۇقىملىشىۋاتىدۇ. تاجىكىستان خەلقى جۇمھۇرىيەت ئالىي سوۋېتىنىڭ 16 - قېتىملىق يىغىنىدا سايلانغان يېڭى قانۇنىي ھۆكۈمەتنى تامامەن قوللايدۇ، دېدى.

مەن ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋەكالىتەن، تاجىكىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى تاجىكىستاننى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغانلىقىغا ۋە قىزغىن، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا رەھمەت ئېيتتىم، چياۋشى ۋېييۈەنجاڭنىڭ تاجىكىستان رەھبەرلىرىگە يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزدۈم، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نامىدىن تاجىكىستان ئالىي سوۋېتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى مۇۋاپىق تاپقان ۋاقىتتا جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدىم. بىز

تاجىكىستانلىق دوستلارغا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدۇق: جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تاجىكىستان ئالىي سوۋېتى بىلەن دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتىدۇ، ئىككى دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ بېرىش - كېلىش ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشى ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ۋە باشقا ساھەلەردىكى دوستلۇق - ھەمكارلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشقىمۇ پايدىلىق. بۇنداق ھەمكارلىق كۆپ يول، كۆپ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. جۇڭگودا: «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېيىلگەن گەپ بار. تاجىكىستان بىزنىڭ يېقىن قوشنىمىز. دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى جۇڭگو بىلەن تاجىكىستاننىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشتىن ئىبارەت تىنچ تاشقى سىياسەتنى ئىزچىل يولغا قويۇپ كەلدى. بىز تاجىكىستان يولغا قويغان ئىچكى - تاشقى سىياسەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىمىز، تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، ئىچكى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، مىللىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقىنى ياقلايمىز. بىز ساھىبخانلارغا يەنە ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە مەملىكەتلىك 8 - نويابىرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق.

ئۇچرىشىش ئىنتايىن سەممىي، دوستانە ۋە ئوچۇق كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ بارلىق ئەزاسى ئۇچرىشىشقا قاتناشتى. تاجىكىستان تەرەپتىن تاجىكىستان ئالىي سوۋېتى مۇناسىۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ رەئىسلىرىدىن ر. ئاتويوۋ، م. نەزەرشايېۋ، ر. كوزىلوۋ، مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ف. مىرزايېۋلار قاتناشتى.

24 - ئىيۇل يامغۇردىن كېيىن ئاسمان ئېچىلىپ كەتتى. ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى تازا ھەم ساپ ئىدى، دەل - دەرەخلەر تېخىمۇ يېشىل كۆرۈنەتتى. تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت باشلىقى، ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى راخمانوۋ سائەت توققۇز يېرىمدىن ئون يېرىمغىچە ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ بارلىق ئەزاسى بىلەن كۆرۈشتى.

رەئىس راخمانوۋ جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تاجىكىستانغا زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ: تاجىكىستاننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە دۆلىتىمىزنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە سۆھبەتلەشكەنلىكىدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى، ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان ئون مۇھىم ھۆججەتنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ: جۇڭگونىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى، بولۇپمۇ يەر بايلىقىدىن ئەقىلگە مۇۋاپىق پايدىلىنىش، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرى تاجىكىستاننىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدىكەن، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ تاجىكىستان ۋە جۇڭگونىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، بولۇپمۇ بىرلەشمە مەبلەغلىك كارخانىلارنى قۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى زور يوشۇرۇن كۈچى بارلىقىنى تەكىتلىدى.

رەئىس راخمانوۋ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزگە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ

مۇنداق كۆرسەتتى: تاجىكىستان ۋە ئافغانىستان چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىدىغان ۋەقەلەرنىڭ قايتا - قايتا يۈز بېرىشى تاجىكىستان خەلقىنىڭ ئىشلىرىغا ناچار تەسىر كۆرسەتتى. ئافغانىستانغا قېچىپ بارغان ئۆكتىچى قوراللىق كۈچلەر مەلۇم دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلىشۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز دىن جۇڭگو رەھبەرلىرىگە ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى، جۇڭگونىڭ خەلقئارادا تاجىكىستاننى قوللىغانلىقىغا ۋە بۇ يىل تاجىكىستاندا ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەندە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇ، 500 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى تاجىكىستان — جۇڭگو چېگرىسىنىڭ جەزمەن تىنچ ۋە دوستلۇق چېگرىسى بولۇشىغا چوڭقۇر ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەن ئالدى بىلەن ئېلىمىز رەھبەرلىرىنىڭ رەئىس راخمانوۋغا يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزدۈم، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچ بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپى ئاساسىدا تاجىكىستان بىلەن ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى شەرھلىدىم. مەن جۇڭگو ۋە تاجىكىستان خەلقى دوستلۇقىنىڭ بۇندىن 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بۇرۇنقى يىپەك يولىدىن باشلانغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدىم: تاجىكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى تېز لا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق دوستانە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ياخشى سىياسىي ئاساس تۇرغۇزۇلدى. بۇ يىل مارتتا رەئىس جانابلىرى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدىڭىز، ئىككى تەرەپ بىرلەشمە ئاخبارات ۋە ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى ئىمزالاپ، جۇڭگو — تاجىكىستان مۇناسىۋىتى تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى جانابلىرىنىڭ ۋە جانابلىرى رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەقىللىقنى قوغداش، ئىچكى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىزچىل رەۋىشتە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىپ كەلدى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىدى، دۇنيادىكى بارلىق ئەللەرنىڭ چوڭ ۋە كىچىك، كۈچلۈك ۋە ئاجىز، باي ۋە نامرات بولۇشىغا قارىماي، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ باراۋەر ئەزاسى سۈپىتىدە خەلقئارادىكى ئىشلارغا ئارىلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. بىز ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆز ئارا سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇپ، بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە مول نەتىجىلەر قازىنىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. بىز جۇڭگو ۋە تاجىكىستان مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچلۈك ئەدەك راۋاجلىنىشىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مۇقىم بولۇشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسلى دىن تەرىققەتچىلىككە بولغان مەيدانى ئوچۇق. بىز ئىسلام مەملىكەتلىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىمىز. لېكىن، دىنىنىڭ سىياسىي ئىشلارغا چات كىرىۋېلىشىنى تەشەببۇس قىلمايمىز. بىز تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دېموكراتىك، دىندىن تاشقىرى، قانۇن تۈزۈملۈك دۆلەت قۇرۇش تەشەببۇسىنى ياقلايمىز. مەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەئىس راخمانوۋنى جۇڭگوغا زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتۇدىم، ئۇ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

كۆرۈشۈشكە جۇڭگونىڭ تاجىكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋەكالەتچىسى يىن سۇڭلىن

www.uyghurkitap.com



قاتناشتى. تاجىكىستان تەرەپتىن تاجىكىستان ئالىي سوۋېتى خەلقئارا ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ر. ئاتايېۋ، دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ك. يولداشوۋ، دۆلەت باشلىقى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى س. مىرزاشايېۋلار قاتناشتى.

راخمانوۋ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، تاجىكىستان تاشقى ئىقتىساد- سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ئى. قايىپوۋ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز بىلەن كۆرۈشتى. ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە سۆھبەتلەشتۇق.

قايىپوۋ مۇنداق كۆرسەتتى: ۋەكىللەر ئۆمىكىڭلارنىڭ زىيارەتكە كېلىشى تاجىكىستان ۋە جۇڭگو ئىككى دولـەت ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگۈسى. بۇ يىل مارتتا بېيجىڭدا ئىمزالانغان تاجىكىستان جۇڭگو ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتى كېلىشىمى ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزدى. تاجىكىستان ئاۋئاتسىيە، يەر تەۋرەشنى تـەتقىـق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىشنى؛ كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سـايمـانلىرى، ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنى ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشنى؛ توقۇمىچىلىق، يېمەك - ئىچمەك، چىنە - قاچىلار، كانچىلىق، قەلەيچىلىك قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا بىرلەشمە مـەبلەغلىق كارخانا قۇرۇشنى؛ شۇنداقلا جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ تاجىكىستاندا ئاشخانا ۋە ماگىزىنلار ئېچىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

جۇڭگو، تاجىكىستان ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى تېخى باشلىنىش باسقۇچىدا بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ 1992 - يىلدىكى سودا - سېتىق مىقدارى 3مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىمۇ يەتمەيدۇ. ئېلىمىزنىڭ بەزى شىركەت ۋە كارخانىلىرى تاجىكىستاننىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى بىلەن بەزى ھەمكارلىق تۈرلىرى ھـەققـىدە سۆزلىشىپ باققان. مەسىلەن: تيەنجىننىڭ «لىدا» خەلقئارا ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى تاجىكىستان پوچتا مىنىستىرلىكى بىلەن دۇشەنبىنىڭ تېلېفون سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش تۈرى ھـەققىدە، ئۈرۈمچى چايدان سانائىتى شىركىتى تاجىكىستاننىڭ «سەدەپ» زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ چايدان ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدە، تيەنجىننىڭ «كەپتەر» ۋېلىسىپىت گۇرۇھ شىركىتى تاجىكىستاننىڭ «سەدەپ» زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ ۋېلىسىپىت ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدە سـۆھبـەتلەشكەن بولسىمۇ، تاجىكىستاننىڭ ۋەزىيىتى ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ مۇقىم بولمىغاچقا، بۇ تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى يا ئاستا بولدى، يا تامامەن توختاپ قالدى.

## دوستلۇقنى كۈچەيتىدىغان زىيارەت

ئېـكسكـۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلىش، تاجىكىستاننىڭ ھەر ساھە ئەربابلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىش ئارقىلىق جۇڭگو ـــ تاجىكىستان خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولدى.

23 - ئىيۇل چۈشتىن كېيىن، تاجىكىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى دوسكيېۋنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز تاجىكىستان ئېلېكتر ماتور زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، ئىشچى- خىزمەتچىلەر بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى.

بۇ زاۋۇت تاجىكىستاننىڭ تايانچ كارخانىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1947 - يىلى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا

كىرىشكەن ئىكەن. ئاساسلىقى ھەر خىل ئېلېكتر ماتورلار ۋە تراكتور، كومباينلارنىڭ گىدروپرېسلىرىنى ياسايدىكەن. زاۋۇتتا ئەسلىدە 3500دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىكەن. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي باغلىنىشلار ئۈزۈلگەن، خام ئەشيا تەمىناتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، بۇنىڭ ئۈستىگە تاجىكىستاندا ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، زاۋۇتلار تولۇق ئىشقا چۈشمىگەن بولغاچقا، ھازىرقى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 2000غا يەتمەيدىكەن.

ئېلېكتر ماتور زاۋۇتىنىڭ بىزنىڭ زاۋۇتلىرىمىز بىلەن ھەمكارلىشىپ كىچىك تىپتىكى تراكتور ئىشلەپچىقارغۇسى بار ئىكەن. زاۋۇت باشلىقى بىزگە ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭ «ئۆكتەبىر»تراكتور زاۋۇتى بىلەن يىلىغا 10 مىڭ دانە كىچىك تىپتىكى تراكتور ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا توختام ئىمزالىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان گىدروپرېسلارنى ئېلىمىزگە ساتماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

24 - ئىيۇل چۈشتىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز دوسكىيېۋنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىسسار رايونىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ رايون تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىگە بىۋاستە قارايدىكەن، رايون مەركىزى ھىسسار پايتەخت دۇشەنبىدىن 26 كىلومېترلا يىراقتا ئىكەن. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ھىسسار قورغىنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ قەدىمكى قورغان مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن سېلىنغان ئىكەن. بىز يەنە بىر قەدىمكى دىنىي مەكتەپنى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ تىل بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كىتاب كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز بارغانلا يەردە قىزغىن قارشى ئېلىندى. مۇئاۋىن رەئىس دوسكىيېۋ ھىسسار رايونىدىكى ئەمگەكچىلەرگە ۋەكالىتەن بىزگە خاتىرە بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلدى.

ئېكسكۇرسىيىدىن كېيىن، ھىسسار رايونىنىڭ مەسئۇللىرى دېھقانلىرى ئىككى مېتر كېلىدىغان بىر كونا دەرەخنىڭ ئاستىدا ئاددىي زىياپەت تەييارلاپ بىزنى كۈتۈۋالدى. كۆپچىلىك داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، غىزالانغاچ جۇڭگو — تاجىكىستان خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ھەققىدە كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشتۇق، كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى دوستانە جەم بولۇشنى ئىنتايىن قەدىرلەشتى. پارىڭىمىز تازا قىزىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت يىراقتىن قارا بۇلۇت بېسىپ كەلدى - دە، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، قاتتىق يامغۇر ياغقىلى تۇردى. يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ، كىيىملىرىمىزنى ھۆل قىلىۋەتتى. لېكىن، كۆپچىلىك بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. ئۆتكۈنچى يامغۇردىن كېيىن، بۇلۇتلار تاراپ، كۈن ئېچىلىپ كېتىۋىدى، تاجىكىستانلىق بىر دوست «تاجىكىستان - جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى بوران - چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ» دەپ چاقچاق قىلدى.

بىز ھىسساردىن دۇشەنبىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى زىيارەت قىلدۇق. پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئالىي پەن تەتقىقات ئورنى بولۇپ، جەمئىي 16 تەتقىقات ئورنى، 1500دىن ئارتۇق پەن تەتقىقات خادىمى، بۇنىڭ ئىچىدە 70 نەچچە دوكتور، 5600 نەچچە كاندىداتى بار ئىكەن. بۇ ئىلىم - پەن جەۋھەرلىرى جۇمھۇرىيەتنىڭ پەن تەتقىقات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى يولىدا ئاجايىپ تۆھپىلەر قوشۇۋېتىپتۇ.

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھەيئەت رىياسەتى ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئاكادېمىيە باشلىقى س. نېغمەتۇللايېۋ ئاكادېمىيىنىڭ تەشكىل قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئالىملار قولغا

www.uyghurkitap.com



كەلتۈرگەن مۇھىم پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇردى ھەمدە تاجىكىستان- جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ ئەسلىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئىمكان قەدەر تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېڭى ھەمكارلىق ساھەلىرىنى ئېچىش توغرىسىدا كونكرېت تەكلىپ بەردى. ئالدى بىلەن ئويلىشىدىغان تۈر مورغابقا بارىدىغان تاشيولنى ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلىكتەقېدىرىپ ياسىشى ئىكەن. بۇ رايوندا چوڭ تىپتىكى بور كېنى بار بولۇپ، ئىككى دۆلەت بور كېنىنى قېزىشتا بىرلەشمە مەبلەغلىك كارخانا قۇرسا بولىدىكەن. شۇنداقلا بۇ رايوندىكى باشقا كانلارنىمۇ بىرلىكتە قېدىرىپ بىرلەشمە مەبلەغ سېلىپ ئېچىشنىمۇھاكىمە قىلىش ئىمكانىيىتىمۇ بار ئىكەن.

بىز مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇق: ئىككى تەرەپ تاجىكىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى ئورتاق ئاچقاندىن سىرت، ئۆتكەندىكى يەر تەۋرەش خىزمەتچىلىرىنىڭ يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يەر تەۋرەشنى ئالدىن مەلۇم قىلىش جەھەتتىكى ھەمكارلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرسە بولىدۇ. ساپ ئاليۇمىن ۋە ئاليۇمىن بىرىكمىسى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى، رودا تاللاش، ئېگىز توسما ياساش، يىلان زەھىرىدىن دورا ياساش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كەڭ دائىرىدە ھەمكارلىشىش مەنزىلى بار ئىكەن.

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە سەددىچىن سېپىلىنىڭ سۈرىتى توقۇلغان ئاسما گىلەم تەقدىم قىلدى. ئاكادېمىيە باشلىقى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزگە ئاكادېمىيىدىكى ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەقدىم قىلدى.

25 - ئىيۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز دوسكىيېۋنىڭ ھەمراھلىقىدا تورسون زادە رايونىنى زىيارەت قىلدى. جۇمھۇرىيەتكە بىۋاستە قارايدىغان بۇ رايوننىڭ مەركىزى بىلەن دۇشەنبىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 60 كىلومېتىر كېلىدىكەن.

بىز تۇرسۇن زادە رايونىدا ئالدى بىلەن تاجىك ئاليۇمىن زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ زاۋۇت تاجىكىستاندىكى چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئېلېكتروزلانغان ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىكەن. زاۋۇت باشلىقى بىزگە: ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر- سەنئىتىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ ئىلغار ھېسابلانغانلىقى ، بۇنداق يېڭى ھۈنەر - سەنئەت ئارقىلىق ھەر توننا ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىشتا ئادەتتىكى ھۈنەر - سەنئەت ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغاندىكىدىن %60 توك تېجەپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا زىيانلىق گازنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، مۇھىت ئاسراشقا پايدىلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ تونۇشتۇردى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئۆتكەن يىلدىكى ئېلېكتروزلانغان ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 450 مىڭ توننا بولۇپتۇ. ئەمما، ئاليۇمىن رودىسى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىنىدىكەن. بۇلتۇر خام ئەشيا تەمىناتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى سەۋەب تۈپەيلى، 80 مىڭ توننا ئاليۇمىنلا ئىشلەپچىقىرالاپتۇ. ئۇلار چەت ئەلدىن مەبلەغ ئېلىپ كىرىپ ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئاليۇمىن بايلىقىنى ئاچماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

بىز فار فور قاچا - قۇچىلار زاۋۇتىنىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ زاۋۇتتا 1500دىن ئارتۇق ئىشچى- خىزمەتچى بار بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش خام ئەشياسى روسىيە ۋە ئۇكرائىنادىن سېتىۋېلىنىدىكەن. زاۋۇت ھازىر تولۇق ئىشقا چۈشۈرۈلمەپتۇ. ئۇلار ئۈرۈمچى فار فور قاچىلار ۋە ساپال قاچىلار زاۋۇتى

بىلەن كېلىشىم تۈزۈپتۇ، ئەمما بەزى شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئانچە ئەمەلىيلەشتۈرەلمەپتۇ. ئۇلار ئېلىمىز بىلەن بىرلەشمە مەبلەغلىك كارخانا قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

چۈشتە، تۇرسۇن زادە شەھىرىنىڭ باشلىقى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزگە زىياپەت بەردى.

## ۋەتەنداشلارنى يوقلاش

23 - ئىيۇل چۈشتىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمىكى دۆلىتىمىزنىڭ تاجىكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىكى بارلىق خادىملارنى يوقلىدى. دۆلىتىمىزنىڭ باش ئەلچىخانىسى بۇلتۇر ئاۋغۇستتا قۇرۇلغان. بىر يىل مابەينىدە، باش ئەلچىخانىدىكى يولداشلار ۋەتەن ۋە ئائىلىسىدىكىلەردىن ئايرىلىپ، تاجىكىستاندا ئېچكى ئۇرۇش بولۇۋاتقان ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا جۇڭگو - تاجىكىستان خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەپتۇ. بىز ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدۇق.

بىز ئۇلارغا مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تونۇشتۇرۇپ ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى، ۋەزىيەتنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى، لېكىن، پىلانلىق ئىگىلىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا بەزى ھالقىلارنىڭ ماسلىشالماي، بەزى مەسىلىلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، مەسىلەن: ئايرىم جايلاردا ئىقتىساد ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى سېلىشقا بانكىنىڭ پۇل چىقىرالمىغانلىقىنى، دېھقانچىلىق - قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا دېھقانلارغا قۇرۇق ھۆججەت تۇتقۇزۇپ قويۇش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ئالغا ېسىش يولىدىكى مەسىلىلەر ئىكەنلىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر قوللىنىپ قەتئىي تۈزىتىۋاتقانلىقى، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ جەزمەن تېخىمۇ تېز ھەم ياخشى تەرەققىي قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتتۇق.

ۋاقتىلىق ۋەكىل يىن سۈگلىن باش ئەلچىخانىدا بارلىق يولداشلارغا ۋەكالىتەن ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىگە ھەمدە كۆپچىلىككە ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى، دىپلوماتىيە خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## خەير -خوش تاجىكىستان

25 - ئىيۇل كەچتە، تاجىكىستان ئالىي سوۋېتى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. زىياپەت باشتىن ئاخىر جۇڭگو — تاجىكىستان خەلقلىرىنىڭ قىزغىن دوستلۇق كەيپىياتىغا چۆمدى.

تاجىكىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى دوسكىيېۋ ئالدى بىلەن سۆز قىلدى، ئۇ قىزغىن قارشى ئېلىش سۆزىدىن كېيىن مۇنداق دېدى: تاجىكىستان ۋە جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تاجىكىستان - جۇڭگو دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ بۇلتۇر مارتتا رەئىس راخمانوۋ جۇڭگودا زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. بۇ قېتىمقى جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ زىيارىتى ئىككى دۆلەت قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ داۋامى ھەم راۋاجى. ئىشىنىمەنكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاجىكىستان ـ جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا جەزمەن كۈچىيىۋەرگۈسى.

مەن ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋەكالىتەن جاۋاب سۆزى سۆزلىدىم. ئالدى بىلەن جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋەكالىتەن تاجىكىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ زىيارەتكە تەكلىپ قىلغانلىقىغا ۋە كاتتا كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم. مەن مۇنداق دېدىم: جۇڭگو بىلەن تاجىكىستان يېقىن قوشنىلار، تاغلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاش كەتكەن. ئىككى دۆلەت قەدىمدىن تارتىپلا قويۇق دوستانە بېرىش ـ كېلىش قىلىپ كەلگەن. جۇڭگو تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىغا ئاساسەن، تاجىكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىز خۇشاللىق بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، جۇڭگو بىلەن تاجىكىستان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇچقۇشلۇق راۋاجلاندى. سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. بولۇپمۇ بۇ يىل مارتتا رەئىس راخمانوۋنىڭ ئېلىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك زىيارەت قىلىشى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى، كەڭ مەنزىلىنى ئاچتى. ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆزئارا تولۇقلاش خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك، ئىقتىساد سودا ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. بىز تەڭ ـ باراۋەر، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئۆزئارا ھاجىتىدىن چىقىش ئاساسىدا تاجىكىستان بىلەن بولغان كۆپ شەكىللىك ئىككى تەرەپ ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق گۈللىنىشكە يېتىشنى خالايمىز. جۇڭگو ـ تاجىكىستان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، ئىككى دۆلەت پارلامېنتلىرى ئۆزىگە خاس رول ئوينايدۇ. جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تاجىكىستان ئالىي سوۋېتى بىلەن دوستلۇق ـ ھەمكارلىق بېرىش ـ كېلىشىدە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى خالايدۇ. بىزنىڭچە، ئىككى دۆلەت پارلامېنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش ـ كېلىش پارلامېنت خىزمىتى جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىغىمۇ پايدىلىق. نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، سىياسىي مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلىنىپ، ئىسلاھات ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاپ، ئېچىۋېتىش يەنىمۇ كېڭەيتىلمەكتە. مەملىكەت بويىچە پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىدە بىر قەدەر يۇقىرى ئۆسۈش سۈرئىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاش نىشانىغا مۇددەتتىن بۇرۇن يېتىش يولىدا تىرىشماقتىمىز.

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ئالغاچ كەلگەن دورا ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى تاجىكىستان ئالىي سوۋېتىگە يېقىندا سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان تاجىكىستان خەلقىگە تاپشۇرۇپ بېرىشى ھەمدە جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى، جۇڭگو خەلقى ۋە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ چوڭقۇر سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشى ئۈچۈن بەردۇق. زىياپەتتە، ئۆمىكىمىز يەنە مۇئاۋىن رەئىس دوسكىيېۋغا ئۇيغۇرچە چاپان ۋە دوپپا تەقدىم قىلىپ، شۇ سورۇندىلا كىيگۈزۈپ قويدۇق. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە كىيىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، زىياپەت سورۇندىكىلەر قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. ئۇمۇ تاجىكىستان ئالىي سوۋېتىگە ۋەكالىتەن ئۆمىكىمىزگە سوۋغا تەقدىم قىلدى.

26 - ئىيۇل سائەت توققۇزدا بىز يەنە دۈشەنبە ئايرودرومىغا كەلدۇق. ئۈچ كۈن بۇرۇنقى مۇشۇ چاغدا مۇئاۋىن رەئىس دوسكىيېۋ ۋە تاجىكىستاننىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى بۇ يەردە بىزنى قارشى ئالغان ئىدى، ئەمدىلىكتە بىزنى ئۇزىتىۋاتىدۇ. ئايرودروم شۇ پېتىدە تۇرۇپتۇ، لېكىن، كەيپىياتىمىزدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغان ئىدى، ئەندى بۇ يەرگە كەلگەن چاغدىكى خۇشاللىقىمىز يوق ئىدى. مۇئاۋىن رەئىس دوسكىيېۋنىڭ قوللىرىنى تۇتقىنىمدا كۆڭلۈمنى ئايرىلىشقا قىيماسلىق ھېسسىياتى قاپلىدى.

خوش قال، تاجىكىستان خەلقى!

كۈمۈش قالغاچ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە قىلغان سەپىرىمىزنىڭ ئۈچىنچى بېكىتى - تۈركمەنىستانغا ئېلىپ ئۇچۇش ئالدىدا تۇراتتى.

## «چۆل دۆلىتى»گە قاراپ ئۇچۇش

تاجىكىستاندىكى قىسقا ھەم جىددىي زىيارىتىمىز ئاياغلىشىپ، ساھىبخانلار بىزنى قىزغىن ئۇزىتىپ چىقتى. لېكىن، ئالدى - كەينىمىزدە پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن قوراللىق ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا بۇ «تاغ دۆلىتى»نىڭ ئىستىقبالىدىن قايغۇردۇق. ئايرودرومدا قىزغىن خوشلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئۆمىكىمىزنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئايروپىلانغا چىقتى. مەن ئايروپىلاننىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ ئۇزىتىپ چىققانلارغا قول سىلكىپ خوشلاشتىم، ھەمدە ئىچىمدە تىنچلىق نۇرىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش چىرمىۋالغان بۇ دۆلەتكە بالدۇرراق چۈشۈشىنى تىلىدىم.

«ياك»ماركىلىق ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئانچە ئۆتمەيلا ئايروپىلان قاناتلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈپ يۈرگەن توپ - توپ ئاق بۇلۇتلار كۆرۈندى. پەسكە قارىۋىدىم، گۈزەل دۈشەنبەشەھىرى مۇنبەت ھىسار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېيىپ قويۇلغان كىشىنى مەھلىيا قىلغۇچى بىر مەنزىرە سۈرىتىدەك تۇيۇلدى. ۋارزوب، كافىرنىگان دەريالىرى كۈمۈش زەنجىرلەردەك دولقۇنلىنىپ كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان نۇرلارنى چاچقىنىچە شىمالدىكى تاغلار ئارىسىدىن ئەگرى - دوناي ئېقىپ چۈشمەكتە. ئۇلار ھىسار ئويمانلىقىنىڭ ئانا دەريالىرى. دۈشەنبە بولسا ئانىسى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان، پاناھلىق تىلەۋاتقان ۋە تىنچلىقنى سېغىنىۋاتقان بوۋاققا ئوخشايتتى.

ئايروپىلان تېزلا غەربكە بۇرۇلدى - دە، تەكشى ھىسار ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، ھىسار تاغ تىزمىلىرىنىڭ غەربىي جەنۇب چېتىگە يەتتى، ئارقىدىنلا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇرخان دەريا ئوبلاستىغا كىرىپ باردى. دۈشەنبە - تېرمىز تۆمۈريولىدىكى پويىزلارنىڭ ئۇياق - بۇياققا غىيۇلداپ ئۆتۈپ تۇرۇشى، يېقىنلا جايدا ئۇنىڭ بىلەن پاراللېل ئېقىۋاتقان سۇرخان دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىنى ئەينەكتەك پارقىرىتىپ ئالدىرماي جەنۇبقا يول ئېلىشى بىر - بىرىگە ئاجايىپ ماسلاشقان مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى.

غەربكە ئۇچقانسېرى، يەر تۈزلۈشى تەكشى بولۇپ باردى. ئۆزبېكىستاندىن چىققاندىن كېيىن، تاغ تىزمىلىرى ئاندا - ساندا ئۇسۇملۈكلەر ئۆسكەن ئېدىرلارغا ئايلىنىپ كەتتى. دەريا ۋادىلىرىدا ئارىلاپ توقايلار كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ئايروپىلان داۋاملىق مەزمۇت ئۇچماقتا. ئىيۇل ئېيىنىڭ ھاۋا بوشلۇقى شۇ قەدەر زەڭگەر كۆرۈنەتتى. ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ ئىسسىق پەسلى بولغان بولسىمۇ، ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا ساياھەت قىلىپ

كېتىۋاتقان بىز ئىسسىق ھاۋا دولقۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى ھېس قىلمىدۇق. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ بەزى ئەزالىرى پاراڭغا چۈشكەن، بەزىلىرى تۆۋەننى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەر دېيىشەتتى. تۇساتتىن، بىرەيلەن خۇشال ئاۋازدا: «قاراڭلار، ئامۇ دەرياسى!» دەپ توۋلىۋەتتى. كۆپچىلىك ئالدىراش دېرىزىدىن پەسكە قاراشتى. دەرۋەقە، كەڭ بىر ئەزىم دەريا غەربىي - شىمال تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا زىچ ئاھالىلەر ۋە ئېتىز - ئېرىقلار جايلاشقان بولۇپ، شەھەر- بازارلار ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىدى. ئامۇ دەرياسى قىرغاقلىرىنى تۈركمەنىستاننىڭ ئىقتىساد ۋە مەرىپەت ناھايىتى گۈللەنگەن يېرى دەپ ئاڭلىغاندۇق، ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىكەن.

ئامۇ دەرياسى تېزلا ئارقىمىزدا قالدى. ئايروپىلان تۈركمەنىستاننىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسمىغا كىرىشكە باشلىدى. كەڭ ھەم تەكشى كەتكەن قارا قۇم چۆلىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ پەسكە قارىۋېدىم، قۇملارنىڭ چېتىگە كۆز يەتمىدى. بۇ يەرنىڭ بۇندىن نەچچە ئون مىليون يىللار ئىلگىرى شاۋقۇنلۇق چوڭ بىر دېڭىز بولغانلىقى كىمنىڭمۇ ئېسىگە كەلسۇن. ئايروپىلان ئاشخابات ئوبلاستىغا كىردى. بىز كۆزلىگەن يېرىمىزگە يېتەي دەپ قالدۇق. كۆپچىلىك ئۇزۇن سەپەر باسقان يولۇچىلاردەك يۈك - تاقلىرىنى رەتلەشكە باشلاپ، ئايروپىلاندىن چۈشۈشكە ھازىرلاندى. ئايروپىلان خادىملىرى بىزگە بىخەتەرلىك تاسمىسىنى ياخشىلاپ باغلاپ، قالايمىقان ھەرىكەت قىلماسلىقنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، كۆپچىلىك يەنە تىنجىپ قالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا شەھەرلەرگە ئوخشاش، ئاشخاباتمۇ بوستانلىقتا پۈركەنگەن بىر شەھەر ئىكەن. ئۇ كوپېت تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ دەسلەپتە بىر ھەربىي قورغان ئىكەن. كېيىن، 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئېلىپ بېرىلغان قۇرۇلۇش - ياساشلار ئارقىلىق تۈركمەنىستاننىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، قاتناش ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپتۇ. شەھەر نوپۇسى 500 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، رۇسلار زور نىسبەتنى ئىگىلەيدىكەن. شەھەر شۇنداق ياخشى كۆكەرتىلگەنكى، كوچا مەركەزلىرىنىڭ ھەممىسىدە چىرايلىق گۈللۈكلەر بار ئىكەن، كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەر بۈككىدە بولۇپ، خىلمۇ خىل ئىمارەتلەر دەرەخلەر ئارىلىقىدىن غىل - پاللا كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. بۇ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى- جىسمىغا لايىق گۈلباغ شەھەر ئىكەن. ئاشخابات جايلاشقان رايون يەر تەۋرەش ھەرىكەت رايونى بولۇپ پات - پات يەر تەۋرەپ تۇرىدىكەن. 1948 - يىلى يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قاتتىق يەر تەۋرەشتە، ئاشخابات شەھىرى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە تۈزلەپ تاشلىنىپتۇ. لېكىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن زور قوشۇننىڭ ياردىمىدە ئاپەت جاراھەتلىرى تەدرىجىي ساقايتىلىپ، ئاشخابات تامامەن يېڭى بىر شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىپتۇ.

تۈركمەنىستان ۋاقتى سائەت 12لەردە بىز ئاشخابات شەھىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا يېتىپ كەلدۇق. كۈن ئوچۇق، ئاسمان يۇيۇلغاندەك تازا ئىدى. يۇقىرىدىن پەسكە نەزەر تاشلىۋېدىم، گۈزەل ئاشخابات مەنزىرىسى تولۇق نامايان بولدى. ئاق ئۆيلەر، يېشىل دەرەخلەر كىشىگە باشقىچە بىر دۇنياغا كىرگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ھېلىلا ئارقىمىزدا تۇرغان قارا قۇم چۆلى بولسا چۈشلەردىكىدەكلا غايىب بولۇپ كەتكەن ئىدى.

## تەلپۈنۈش ۋە ئالماشتۇرۇش

ئايروپىلان ئاستا - ئاستا پەسلەپ، ئۇچۇش يولىدا شىپپىدە توختىدى. ئايرودرومدا بىزنى ساقلاپ

تۇرغان تۈركمەنىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى مۇرادوۋ ۋە تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئالدىمىزغا چىقتى. مەن ۋە ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ باشقا ئەزالىرى ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، قارشى ئالغۇچىلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق، قۇچاقلىشىپ سالاملاشتۇق. ئارقىدىن، بىر توپ گۈزەل تۈركمەن قىزلىرى يىراقتىن كەلگەن مېھمان ـ بىزگە قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەشنىڭ سىمۋولى بولغان تۇز ۋە ناننى تەقدىم قىلدى. قارشى ئالغۇچىلار ئىچىدىكى چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان، چاچ - ساقاللىرى ئاپئاق ئاقارغان بىر قانچە تۈركمەن بوۋاي كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتاتتى. ئۇلار ئۇچىلىرىغا تۈركمەنچە ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم، قاتتىق ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي باشلىرىغا قارا كۆرپە تۇماق كىيىۋالغان ئىدى. تۈركمەنلەر ئۆز مىللىي ئادىتى بويىچە ئەزىز مېھمانلار يېتىپ كەلگەندە، چوقۇم بىر قانچە ئابرويلۇق ئاقساقالنى مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەكلىپ قىلىدىكەن. شۇ ئارقىلىق تۈركمەن خەلقىنىڭ مېھمانلارغا بولغان ھۆرمىتىنى، بۇ ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ئەزەلدىن قېرىلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، قېرىلارنى سۆيىدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىدىكەن. بۈگۈنكى ئالاھىدە ۋاقىتتا بولسا، ئۇ تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ جۇڭگو بىلەن تۈركمەنىستاننىڭ دوستانە بېرىش - كېلىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىۋاتقان سەمىمىي ھېسسىياتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى.

ئايرودرومدىكى ئىسسىق دولقۇنلار ئادەمنى كۆيدۈرەتتى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ ئۆمىكىمىزگە بولغان قىزغىنلىقى تومۇز ھارارىتىدىن قېلىشمايتتى. تۈركمەنىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى مۇرادوۋ كونا بولشېۋىك، قىزىقچى ئادەم ئىكەن. ئۇ ماڭا:

ـ تۈركمەنىستان خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى تۈركمەنىستاننىڭ «ھاۋاسىدىنمۇ قىزىق» ، ـ دېدى. ساھىبخانىنىڭ قىزغىن تەكلىپىگە بىنائەن، مەن ئايرودرومدا سۆزگە چىقتىم. مېنىڭ سۆزۈم قىزغىن ئالقىشلارغا ئېرىشتى. رەئىس مۇرادوۋمۇ سۆز قىلىپ، ئۆمىكىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئايرودرومدىكى مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن، بىز ساھىبخانىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ماشىنا بىلەن ئاشخابات شەھەر رايونىغا كىردۇق. ماشىنا تەكشى، كەڭ تاشيولدا ئاستا ماڭماقتا ئىدى. مەن ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم، تاشيول ۋە كوچىلارنىڭ ئىككى چېتى گۈللەر ۋە چىمەنلىكلەرگە تولغان بولۇپ، كوچا مەركىزىدىكى سۇ فونتانلىرىنىڭ ئاسمانغا ئېتىلىپ چىققىنى كۆرۈنۈپ قالاتتى. شەھەر رايونىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئۆي-ئىمارەتلىرى رەتلىك سېلىنغان بولۇپ، بۇ يەرگە كەلمىگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەت- ياقىغا جايلاشقان بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. كوچىلاردا ئادەم كۆپ ئەمەس ئىكەن. ئەمما بىر دەملىكلا كۆزىتىشتىن شۇنى كۆرۈۋالدىمكى، كىشىلەرنىڭ كىيىنىشى چىرايلىق، يۈرۈش - تۇرۇشى سىپايە بولۇپلا قالماستىن كەيپىياتىمۇ خۇشال - خورام بولۇپ، ئۆز ئىستىقباللىرىغا ئىشەنچىسى كامىلدەك كۆرۈنىدۇ. كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يەردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى ئىناق ئىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەردىكى مىللىي مۇناسىۋەتتە، بولۇپمۇ روسلار بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دەز پەيدا بولۇپ، نۇرغۇن رۇسلار روسىيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغىنى شۇكى، تۈركمەنىستاندىكى رۇسلار يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى ئويلىمايلا قالماستىن، بەلكى ئامال قىلىپ

www.uyghurkitap.com



بۇ يەردە قېلىشقا تىرىشىدىكەن. مەن: تۈركمەنىستاننىڭ ئىقتىساد ۋە سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ بىر قەدەر مۇقىم بولغانلىقىدىن شۇنداق بولىدىغۇ دەيمەن، دەپ ئويلىدىم. ئەلۋەتتە، بۇ، تۈركمەنىستان زوڭتوڭى نىيازوۋنىڭ پۇختا ھەم ئاقىلانە رەھبەرلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىز تۈركمەنىستان زېمىنىگە قەدەم قويۇشىمىز بىلەنلا، تۈركمەنىستان خەلقىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز زوڭتوڭىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. پايتەختنىڭ كوچىلىرىدا نىيازوۋ زوڭتوڭنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمى ۋە ھەيكىلى پات-پات كۆرۈنۈپ قالاتتى. يەنە نۇرغۇن كوچا، زاۋۇت، ماگىزىن قاتارلىقلار ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بىز «ئۆسۈملۈكزار» مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ مېھمانخانىنىڭ مۇھىتى شۇ قەدەر گۈزەل ئىكەنكى، ھەممىلا يېرى يېشىل دەرەخلىك ۋە چىمەنلىك بولۇپ، قۇش - تورغايلارنىڭ يېقىملىق ناۋاسى دەرەخلەر ئىچىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يول ئازابى بىراقلا يېنىكلەپ كەتتى.

سائەت بىرلەردە، خۇش مۇئامىلىلىك رەئىس مۇرادوۋ ئۆمىكىمىزدىكى ھەممەيلەننى غىزاغا تەكلىپ قىلدى. غىزا ئارىلىقىدا ئۇ سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرۈپ ئۆتۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىلەر. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن خېلى بۇرۇنلا نۇرغۇن جۇڭگولۇق دوستلار بىلەن تونۇشقانمەن. 1959 - يىلى مەن موسكۋادا داشۆدە ئوقۇۋاتقاندا، نۇرغۇن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگەنمەن. ئۇلار بەكمۇ تىرىشچان ئىدى. تىرىشىپ - تېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى، مېترودا، ماشىنىدا كېتىۋېتىپمۇ، يول ماڭغاندىمۇ كىتاب كۆرەتتى. ئۇلار روسچىنى تېزلا ئۆگىنىۋالاتتى، بەكمۇ چىقىشقاق ئىدى، مېنىڭدە چوڭقۇر ھەم گۈزەل تەسىراتلار قالدۇرغان ئىدى. بۈگۈن قەدىناس دوستىمىز، مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭ تۆمۈر باشچىلىقىدىكى جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكى كەلدى. تۈركمەنىستاندا تازا ئىيۇلنىڭ تومۇز ئىسسىقى بولۇۋاتىدۇ، بۇ ھەم بىزنىڭ جۇڭگولۇق دوستلارغا بولغان قىزغىنلىقىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەيدۇ!

بىز رەئىس ئەپەندىنىڭ سۆزىگە قىزغىن ئالقىش ياغدۇردۇق. مەن جاۋاب سۆزى قىلىپ، ئالدىبىلەن تۈركمەنىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ بىزنى زىيارەتكە تەكلىپ قىلغانلىقىغا ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم، شۇنداقلا زىيارىتىمىزدىكى مەقسەتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم.

زىيارەت ئارىلىقىدا بىز كەڭ كۆلەمدە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردۇق. سۆھبەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. لېكىن، ئۇزۇندىن بۇيان ئارىدىكى بېرىش - كېلىش ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئۇلار ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئانچەبىلمەيدىكەن. بىزمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى بۇ جۇمھۇرىيەتنى يېڭى نۇقتىدىن تونۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

بىز ساھىبخانلار بىلەن غىزالانغاچ پاراڭلىشىۋېتىپ، بىر نەچچە سائەتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قاپتۇق. كۈنتەرتىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بەكمۇ زىچ بولغاچقا، ئولتۇرۇۋېرىش ئەپسىز ئىدى. تۈركمەنىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىمىزدىكى يولداشلار بىزنى ساقلاپ تۇراتتى!

جۇڭگو بىلەن تۈركمەنىستان 1992 - يىلى 6 - يانۋار دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇزۇن ئۆتمەي، جۇڭگو تەرەپ ئاشخاباتتا باش ئەلچىخانا قۇرۇپ، دىپلوماتىيە خادىملىرىنى ئەۋەتكەن ئىدى.

بىر باش ئەلچىخانىدىن قايتقاندا، تۈركمەنىستان ۋاقتى سائەت توققۇزدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. بۇ دۆلەت ئېلىمىزنىڭ غەربىدە بولغاچقا، شىنجاڭ بىلەن بىر نەچچە ۋاقىت رايونى پەرقى باركەن، بۇنىڭ ئۈستىگە كۈندۈزى ئەڭ ئۇزۇن كېيۈل ئېيى بولغاچقا، سائەت توققۇزلار بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، قۇياش يەنىلا غەرب ئاسمىنىدا خېلى ئېگىزدە تۇراتتى. لېكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن تېزرەك «ئۇسۇملۇكزار»غا قايتىپ، بۇ قىممەتلىك بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، تۈركمەنىستاننىڭ ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ چىقماقچى بولدۇم، شۇنداقلا ئەتىكى ئالىي سوۋېت رەئىسى مۇرادوۋ ۋە زۇڭتۇڭ نىيازوۋ بىلەن قىلىنىدىغان رەسمىي سۆھبەتكە تەييارلىنىشىم كېرەك ئىدى.

تۈركمەنىستاننىڭ ئەسلى ئىسمى تۈركمەن سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئىدى. 1991 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر كەينى - كەينىدىن مەركەزدىن بۆلۈنۈپ چىقىشتەك ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، بۇ دۆلەتمۇ 27 - ئۆكتەبىردە مۇستەقىللىق جاكارلىغان. شۇ يىلى21 - دېكابىردا قازاقىستان پايتەختى ئالمۇتىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 11 جۇمھۇرىيىتى بىلەن «ئالمۇتا خىتابنامىسى» ۋە «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىنى قۇرۇش كېلىشىمى توغرىسىدىكى توختامنامە»نى ئىمزالاپ، قۇرغۇچى دۆلەت سالاھىيىتى بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەتبولغان.

تۈركمەنىستان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ غەربىي - جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۆمۈريول تورى ۋە ياۋروپا — ئاسىيا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. يەرمەيدانى 480 مىڭ 810 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەشھۇر قارا قۇم چۆلى ئىگىلىگەن، ھاۋاسى قۇرغاق، يامغۇرى ئاز بولغاچقا، بوستان ۋە دەريا ۋادىلىرى، جۈملىدىن سۇغۇرۇشقا تايىنىدىغان تاغ باغرى رايونلىرى ئىقتىساد پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان.

تۈركمەنىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ غەربىي‌كاسپىي دېڭىزى بىلەن تۇتىشىدۇ، دېڭىز يولى ئارقىلىق كاۋكازىيىگە، ئىرانغا بارغىلى بولىدۇ. جەنۇب ۋە شەرقىي - جەنۇب قىسىملىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىران ۋە ئافغانىستانغا قوشنا. قەدىمكى زاماندا، ئۇ شىمال ۋە جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان ئىستىلاچىلارنىڭ بېسىپ ئۆتۈشى زۆرۈر يول بولۇپ، تالاي قېتىم ھەربىي كۈچلەر تالىشىدىغان نۇقتىغا ئايلانغان؛ يېقىنقى زاماندا روسىيە ۋە ئەنگلىيە ئىمپېرىيىلىرىنىڭ تىركىشىشىدىكى ئالدىنقى قاراۋۇل بولغان؛ ھازىرقى زاماندا بولسا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبقا ئىلگىرىلەش ستراتېگىيىلىك غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئالغا بېسىش بازىسى قىلىنغان. شۇڭا، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ لوگىكىسى ئۇنىڭ يا توقۇنۇشنى پەسەيتىشتىكى پېچكا، يا بوران - چاپقۇنلارنىڭ مەركىزى بولۇشىنى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەم بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان مىللەتنىڭ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرىدىغان مىللەت بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئۇلار يونانلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئازابلىرىنى تارتقان، چىڭگىزخاننىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، چارروسىيە قوشۇنلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن، ئوت ۋە قان ئىچىدە داۋاملىق تاۋلىنىپ كەلگەن. بۈگۈن، ئۇلار ئاقىۋەت يېڭى ھاياتقا، مۇستەقىللىققە ئېرىشتى، تۈركمەنىستان خەلقىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە جۇڭگو خەلقى ئۇلارنىڭ تارىخىي مۆجىزىسىگە چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولىدۇ.

تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، مىللىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇستەقىللىق ئورنىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئۇمىدىمۇ شۇنىڭدا ئىكەن. ئۇنىڭ تەبىئىي گاز زاپىسى 6000 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن؛ مەھسۇلاتىنىڭ 95% تى ئېكسپورت قىلىنىپ، تەبىئىي گازنى چەتكە چىقىرىش بويىچە روسىيە ۋە ئامېرىكىدىن قالسا دۇنيادا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدىكەن. بۇ ھەم ئۇنىڭ تاشقى پەرۋەت تېپىشىدىكى مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى ئىكەن. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى تۈركمەنىستاننىڭ تاشقى سودىسىدا ھەر يىلىغا پايدىنىڭ ئېشىپ تۇرۇشى تەبىئىي گازنى ئېكسپورت قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. تەبىئىي گازنى ئېكسپورت قىلىشمۇ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى پىشاڭ ئىكەن. ئۇ قەرزنى قايتۇرمىغان ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەتلەرنى گازنى توختىتىپ قويۇمىز دەپ تەھدىت سېلىش ئارقىلىق كۆپ قېتىم يول قويۇشقا مەجبۇر قىلىپتۇ. تۈركمەنىستاننىڭ نېفت زاپىسىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، نېفىت مەھسۇلاتى ئۆزۇندىن بۇيان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئىكەن. يېقىندا يەنە چوڭ يېڭى نېفىتلىك تېپىلىپ، دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپتۇ. بەزىلەر: ھەتتا ئۇنى ئىككىنچى كۇۋەيت بولۇپ قالىدۇ دەپ ئالدىن ئېيتىپتۇ. تۈركمەنىستاندا نېفت ۋە تەبىئىي گازدىن باشقا، يەنە گۈڭگۈرت، ئېغىر خروستال، تازىلانغان شور، كالىيلىق تۇز قاتارلىق خىمىيە سانائىتى خام ئەشيا مەنبەسىمۇ مول ئىكەن. كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي - شىمال قىرغىقىدىكى قارا بوغاز گور قولتۇقى سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى ئون مېترلا بولۇپ، پارغا ئايلىنىشى تېز بولغاچقا، دېڭىز تۇزى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ياخشى بازىسى ئىكەن.

تۈركمەنىستان يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئۆزبېكىستاندىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا، كىشى بېشىغا سۇندۇرغاندا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن، 1989 - يىلدىكى ساپ پاختىسى 500 مىڭ توننىغا يېقىن بولۇپ، كىشى بېشىغا 125.8 كىلوگرامدىن توغرا كېلىپتۇ.

لېكىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئىش تەقسىماتى ئۇزۇن مۇددەت ئەقىلگە مۇۋاپىق بولماي تۈركمەنىستاننىڭ ئىگىلىكىدە كانچىلىق ۋە پاختىچىلىق ئاساس قىلىنىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش، يېمەك - ئىچمەك سانائەتلىرى ئارقىدا قالغاچقا، ھەر يىلى باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىن كۆپلەپ ئاشلىق ۋە تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرىنى يۆتكەپ كېلىشكە مۇھتاج بولغان ئىكەن. تۈركمەنىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى بۇزۇلۇپ ئىقتىسادىي ئېغىر زىيانغا ئۇچراپتۇ. ھازىر تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتى خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۈرۈشۈش مېخانىزمى ۋە كونا ئىگىلىك ئاپپاراتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە باشلاپتۇ. نىيازوۋ زۇڭتۇڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىنىڭ ئىگىلىكنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپتۇ. تۈركمەنىستان قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگىنى «تۈركمەنىستاندا مال - مۈلۈكنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئالماسلىق ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پەرمان»نى ماقۇللاپتۇ. يېڭى ئاساسىي قانۇندا شەخسلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى، يەر - زېمىن، ماددىي ۋە مەدەنىيەت بايلىقلىرىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىپتۇ. لېكىن،

خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ ئۇسۇلى ۋە قەدەم - باسقۇچى جەھەتتە، تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرى روسىيىنىڭكى بىلەن روشەن پەرقلىنىدىكەن. ئۇ «ھوشسىزلاندۇرۇپ داۋالاش ئۇسۇلى»غا قارشى تۇرۇپ، پەيدىنپەي، پۇختا ئىلگىرىلەشنى شۇنداقلا ئۆتكۈنچى باسقۇچتا بارلىق ئاھالىگە نىسبەتەن ئىجتىمائىي كاپالەتنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدىكەن. نىيازوۋ زۇڭتۇڭ: «پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە، سوتسىيالىستىك مۇسابىقىدىن رىقابەتكە ئۆتۈش مەزگىلىدە دۆلەت خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى كونترول قىلىشنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ، ھەر خىل ئىسلاھاتلار باسقۇچلۇق ھالدا تەدرىجىي يولغا قويۇلىدۇ»، «... بىز ھەر قانداق دۆلەتنىڭ ئىسلاھاتىنى ئۆزىمىزنىڭ ئىسلاھاتىغا ئۈلگە قىلمايمىز، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىسلاھاتىنى شۇ پېتىچە كۆچۈرۈپ ئەكېلىۋالمايمىز. تۈركمەنىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىدا تۈركمەنىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئاساس قىلىنىشى، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولۇشى لازىم ...» دەپ كۆرسىتىپتۇ.

1992 - يىلى 10 - ئىيۇل نىيازوۋ زۇڭتۇڭ 1993 - 1995 - يىللىرىدىكى ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلغان. بۇيرۇقتا بۇ مەزگىلدىكى ئاساسىي ۋەزىپىلەر مۇنداق بەلگىلەنگەن: (1) ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كارخانىچىلارنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە كۆپ شەكىللىك مۈلۈكچىلىكنى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش؛ (2) چەت ئەللەردىن مەبلەغ، ئىلغار ھۈنەر-تېخنىكا ۋە زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كىرىپ، خام ئەشيانى ئەڭ يېڭى تېخنىكا سەۋىيىسىدە پىششىقلاش تارماقلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاھالىنىڭ ئاساسىي يېمەك - ئىچمەك ۋە زۆرۈر تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قامداشنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ (3) ئىجتىمائىي كاپالەت پىلانىنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش؛ (4) چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى تېزلىتىش.

تۈركمەنىستان ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا سىياسىي ئىسلاھاتنىمۇ باشلىۋېتىپتۇ، نىشانى «دېموكراتىك دۆلەت» قۇرۇش ئىكەن، بۇ «دېموكراتىيە» مۇ تۈركمەنچە دېموكراتىيە ئىكەن، نىيازوۋ ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ: «بىزنىڭ دېموكراتىيىمىز شۇنداق بولىدۇكى، بالىلار ئەتىگىنى ئېتىك ئويغىنىدۇ، ئاندىن يەسلى ۋە مەكتەپلەرگە بارىدۇ. ئۇلار ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رۇخسەت قىلىدۇ» دەيدۇ. دېموكراتىيىگە ئۆتۈش توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇ: «بىز باسقۇچلۇق ھالدا دېموكراتىيىنى يولغا قويماقچىمىز... بۇ، ھازىرقى ئۆتكۈنچى دەۋردە تۈركمەنىستاندا بەزى دېموكراتىك پرىنسىپلارنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ ئەمەس، بەلكى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا يولغا قويۇلۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. نۆۋەتتە ئېلىمىز جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە دۆلەت ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىسى ئارقىلىق نازارەت قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ھەرقايسى سىياسىي پارتىيىلەر ئۈچۈن تەدرىجىي ھالدا يول ئېچىپ بېرىلىدۇ» دەيدۇ.

ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە، ھەش - پەش دېگۈچە يېرىم كېچە بولۇپ قاپتۇ. تالادا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلىماقتا. مۇشۇ تاپتا، يىراقتىكى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدا ماشىنىلار توختىماي گۈلدۈرلەپ ھەرىكەتلىنىۋاتقاندۇ، دەريالىرىدا پاراخوتلارنىڭ چىراغ نۇرلىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يالتىراۋاتقاندۇ، يېقىندىن ئېچىلىۋاتقان رايونلاردا ئىش قىزىپ كەتكەندۇ. . . بۇ تەسىرلىك كارتىنىلار كۆز ئالدىمدىن كەتمەي، زادى ئۇيقۇم كەلمىدى. لېكىن، ئەتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بەكمۇ زىچ بولۇپ، رەئىس مۇرادوۋ بىلەن رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىمىز، ئاندىن نىيازوۋ زۇڭتۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشىمىز كېرەك. شۇڭا، ئۆزۈمنى ئۇيقۇغا زورلىدىم.

ئەتىسى ـ 27 ـ ئىيۇل هاۋا يەنە ئوچۇق بولدى. بىز ئەتىگەندىلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق. كۈن تېخى چىرايىنى كۆرسەتمىگەن بولۇپ، «ئۇسۇملۇكزار» دا يەنىلا كېچە جىمجىتلىقى هۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. دېرىزىدىن تالاغا نەزەر تاشلىدىم، چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە شەبنەم تامچىلىرى لىغىرلايتتى، هاۋا ئاجايىپ تازا ئىدى، مەيىن شامال تۇرۇپ ـ تۇرۇپ گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ خۇش پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى. . . يىراقتىكى دەرەخلەرنىڭ تۆپىسىدە تۇمان لەيلەيتتى. سائەت مەككىمىزدە خۇش مۇئامىلىلىك ساهىبخان ناشتا تەييارلاپ بولۇپتۇ. ئۆمىكىمىزنىڭ ئەزالىرى بىر كېچىلىك دەم ئېلىشتا تازا هاردۇقى چىقىپ، تېتىكلىشىپ قاپتۇ.

سائەت توققۇزلاردىن ئاشقاندا ناشتا قىلىپ بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنلۈك جىددىي پائالىيىتىمىز رەسمىي باشلاندى.

ئالدى بىلەن تۈركمەنىستان قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا چىقىپ، قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسىغا گۈلچەمبىرەك قويدۇق. ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ، تۈركمەنىستاننىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىنىڭ هەمراهلىقىدا ئالىي سوۋېت رەئىسى مۇرادوۋ بىلەن رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزگىلى دەرهال تۈركمەنىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ بىناسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

مېهماندوست رەئىس مۇرادوۋ ئىشىك ئالدىدا بىزنى كۈتۈۋالدى، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ دەم ئېلىش ئەهۋالىنى كۆيۈمچانلىق بىلەن سورىغاچ بىز بىلەن بىللە پارلامېنتنىڭ سەلتەنەتلىك كۆرۈشۈش زالىغا كىردى. ئۇ يەردە خېلىدىن بېرى كۈتۈپ تۇرغان مۇخبىرلار بىزگە قاراپ يوپۇرۇلۇپلا كەلدى. سۈرەت تارتقۇنىڭ چىراغلىرى كۆزنى چاقناتقۇدەك دەرىجىدە يورۇيتتى، تۇشمۇ تۇشتىن قويۇلغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا قالدۇق. مەن ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدىم: «بىز دوست ئىزدىگىلى كەلگەن. دۆلىتىڭلاردىن دوست تېپىۋالدۇق. بۇ يەردە ئىككى دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى تېخىمۇ مۇستەهكەم ئالاقىسىنى ئورناتتۇق. جۇڭگو ۋە تۈركمەنىستان قانۇن تۈزگۈچى ئورگانلىرىنىڭ هەمكارلىقى ئىككى دۆلەتنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك، تېخىمۇ ئەتراپلىق ئالاقىلىشىشىغا پايدىلىق.»

سۆھبەت باشلانغاندىن كېيىن، رەئىس مۇرادوۋ ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ، تۈركمەنىستان پارلامېنتىغا ۋەكالىتەن بىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرۈپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگو دۇنيادا مۇهىم تەسىرى بار چوڭ دۆلەت. تۈركمەنىستان خەلقى جۇڭگولۇق مېهمانلارنىڭ كېلىشىنى بالدۇرلا ئارزۇ قىلغان، بۇ ئارزۇ بۈگۈن ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. تۈركمەنىستان يېقىندىن مۇستەقىل بولغان دۆلەت، مەملىكەت ئىچىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەهەتلەردە تۇرغۇنلىغان زور قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا تۈركمەنىستان ئۆز خەلقىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، تاشقى تەرەپنىڭ هەمكارلىقى ۋە ياردىمىگىمۇ مۇهتاج، تۈركمەنىستان خەلقى بولۇپمۇ ئۇلۇغ قوشنىسى جۇڭگونىڭ قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۆتكەن يىلى نىيازوۋ زۇڭتۇڭنىڭ

جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى، ئەمدى مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭ تۆمۈر داۋامەتنىڭ تۈركمەنىستانغا زىيارەتكە كېلىشى ئىككى تەرەپنىڭ ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىش يولىنى ئېچىش دېيىشكە بولىدۇ.

ئارقىدىن، رەئىس مۇرادوۋ تۈركمەنىستان پارلامېنتىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 1992 - يىلى مايدا ماقۇللانغان تۈركمەنىستاننىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن، تۈركمەنىستان دېموكراتىك، قانۇن - تۈزۈملىك، دىنىدىن تاشقىرى دۆلەت. قانۇن تۈرغۇزۇش، ئەدلىيە، مەمۇرىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىپ تۇرغۇزۇش تۈزۈمى دۆلەت ھوقۇقى مېخانىزمىنى قۇرۇش پرىنسىپىنىڭ ئاساسى.

خەلق مەسلىھەتى (خەلق قۇرۇلتىيى) خەلق ھوقۇقىنىڭ ئالىي ۋەكىللىك ئورگىنى. زۇڭتۇڭ - تۈركمەنىستاننىڭ دۆلەت باشلىقى ۋە مەمۇرىي باشلىقى. مەجلىس (پارلامېنت) - تۈركمەنىستاننىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگىنى. مەجلىس يېپىق مەزگىلدە، ئۇنىڭ ھەيئەت رىياسىتى ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ.

دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقى سوت مەھكىمىسىگە مەنسۇپ. ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بۇرچى گراژدانلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش، قانۇن بويىچە ئاساسەن دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

ئەدلىيە ھوقۇقىغا ئىگە ئورگانلار - دۆلەت ئالىي سوت مەھكىمىسى، دۆلەت ئالىي ئىقتىسادىي سوت مەھكىمىسى، ھەر دەرىجىلىك ھەربىي سوت مەھكىمىلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار قانۇن تەرتىپى بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ.

سودىيىلەر مۇستەقىل خىزمەت ئىلىپ بارىدۇ، قانۇنغىلا بويسۇنىدۇ ۋە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ، ھەر قانداق تەرەپنىڭ ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە چات كىرىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. قانۇن سودىيىلەرنىڭ دەخلى - تەرۇزسىزلىكىنى قوغدايدۇ. ھەر دەرىجىلىك سودىيىلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۆت يىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى ۋە قالدۇرۇلۇشى قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە سودىيىلەرنىڭ ھەق بېرىلىدىغان ھەر قانداق قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىشىگە، شۇنداقلا سىياسىي پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە سىياسىي نىشانى بار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشىغا بولمايدۇ.

تۈركمەنىستاننىڭ باش تەپتىشى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئەمەلدارلىرى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئورگانلارنىڭ، قوراللىق كۈچلەر قوماندانلىق ئورگانلىرىنىڭ، يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ۋە سودا - سېتىق تارماقلىرىنىڭ، ئىدارە - ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنىڭ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە بارلىق گراژدانلارنىڭ تۈركمەنىستان زېمىنى ئىچىدە زۇڭتۇڭنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ۋە قانۇنلارنى توغرا ئىجرا قىلغان - قىلمىغانلىقىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ...

مەن جاۋاب سۆزى قىلىپ، رەئىس مۇرادوۋنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرغىنىغا رەھمەت ئېيتقاندىغانلىقىمنى ھەمدە تۈركمەنىستان خەلقىنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. شۇنداقلا رەئىس مۇرادوۋغا چياۋشى ۋېيىۋەنجاڭنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدۈم ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىگە ۋەكالىتەن ئۇنى مۇۋاپىق تاپقان ۋاقىتتا جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدىم. مەنمۇ ئۇلارغا جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بەردىم. شۇنداقلا

مۇنۇلارنى تەكىتلەپ كۆرسەتتىم: جۇڭگو ۋە تۈركمەنىستاننىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئىدېئولوگىيىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە فاڭجېنى ئىزچىل ھالدا تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىدۇ، جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈركمەنىستان ئالىي سوۋېتى بىلەن دوستلۇق - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشنى خالايدۇ. بىزنىڭچە، ئىككى دۆلەت پارلامېنتلىرى ئالاقىسىنىڭ ۋە ھەمكارلىقىنىڭ كۈچەيتىلىشى ئىككى دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ۋە باشقا ساھەلەردىكى دوستلۇق ھەمكارلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىلىق. بىز بۇ قېتىم دەل مۇشۇ روھ بويىچە زىيارەتكە كېلىپ بۇنداق دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتماقتىمىز. بۇنداق ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇشتا كۆپ خىللىق ۋاسىتە ۋە شەكىللەرنى قوللىنىش مۇمكىن. ئۆز ئارا پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتكەندىن سىرت، بىزنىڭچە، جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيىدىكى مەخسۇس كومىتېتلار بىلەن تۈركمەنىستان پارلامېنتىدىكى كومىتېتلارمۇ ئۆز ئارا بېرىش-كېلىش قىلسا بولىدۇ.

تۈركمەنىستان تەرەپ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىمۇ مەن قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بېرىپ ئۆتتۈم: 14 يىل مابەينىدە ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى دۇنيا نەزەرىگە سازاۋەر بولغىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئېلىمىز خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە ئومۇمىي دۆلەت كۈچىمىز بۇرۇنقىدىن خېلى زور دەرىجىدە يۈكسەلدى؛ نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم، ئىقتىسادى گۈللەنگەن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئىناق. دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بۇ ئۇتۇقلارنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنىڭ نەتىجىسى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە بۆسۈش ئېغىزى تېپىشنى ئىزلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدا بىز ئىككى دۆلەتنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىرىمۇ بار، شۇڭا ھەمكارلىشىشىمىزدا يوشۇرۇن كۈچ بار. ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلماقتا، بەلكى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە، مەسىلەن: پۇل پاخاللىقىنىڭ ئەدەپ كېتىشى، رايونلار ئارىسىدىكى تەرەققىيات پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى ۋەھاكازالار. بۇ مەسىلىلەر دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ دىققىتىنى قاتتىق جەلپ قىلماقتا. تىرىشىش ئارقىلىق بۇ قىيىنچىلىقلارنى جەزمەن يېڭىشىمىزگە ئىشىنىمەن.

45 مىنۇتلۇق سۆھبەت تېزلا تۈگىدى. ئىككىلا تەرەپ پۇرسەت بولسىلا بۇنداق ئالماشتۇرۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىشتۇق.

نىيازوۋ زۇڭتۇڭمۇ ئۆزىنىڭ بەك ئالدىراش ئىكەنلىكىگە قارىماي بىز بىلەن قىسقىچە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتتە، ئۇ تۈركمەنىستاننىڭ مۇھىم ئىچكى - تاشقى سىياسەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: تۈركمەنىستان دېموكراتىك، قانۇن تۈزۈملىك، ئۆرپ - ئادەت ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، سوتسىيالىزم بىلەنمۇ، كاپىتالىزم بىلەنمۇ شۇغۇللانمايدۇ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەندىزىسىنى شۇ پېتىچە كۆچۈرۈپ ئەكىلىۋالمايدۇ، بەلكى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان مۇستەقىل تەرەققىيات يولىدا ماڭىدۇ. تۈركمەنىستاننىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتىدىن ئىلھام ئېلىپ، تۈركمەنىستانمۇ مۇقىم بولۇشنىڭ ئون يىللىق پىلانىنى تۈزدى. ئۇ مېنىڭ بۇ نۇقتىنى رەئىس

جىيالڭ زېمىنگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئۆتۈندى.

دىپلوماتىيە سىياسەتلىرى توغرىسىدا توختالغاندا، نىيازوۋ مۇنداق كۆرسەتتى: تۈركمەنىستان مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تاشقى سىياسەتنى يولغا قويىدۇ، پائال بىتەرەپ بولۇش يولىدا ماڭىدۇ. ھەم روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشقا ھەم ئىران، تۈركىيە ۋە ئامېرىكا، ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا، شۇنداقلا جۇڭگو بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارلىق دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئۇ يەنە جۇڭگونىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە تىنچ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە يۇقىرى باھا بەردى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ماختاپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى تەجرىبىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سۆھبەت جەريانىدا مەن مۇنداق كۆرسەتتىم: جۇڭگو ۋە تۈركمەنىستان چېگرىداش بولمىسىمۇ، يېقىن قوشنىلار. ئىككى ئەل خەلقلىرىنىڭ بېرىش - كېلىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بىز بۇنداق ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئەزەلدىن قەدىرلەپ كېلىۋاتىمىز. بىز تۈركمەنىستان خەلقىنىڭ تاللىشىنى قوللايمىز ۋە ھۆرمەت قىلىمىز. تۈركمەنىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تېزلا ئېتىراپ قىلدى. ئۆتكەن يىلى نويابىردا زۇڭتۇڭ جانابلىرى ئېلىمىزنى زىيارەت قىلىپ قانائەتلىنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز، بۇ ئىككى دۆلەت دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى نامايەندە بولۇپ قالدى.

مەن يەنە مۇنداق كۆرسەتتىم: تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا جۇڭگو ۋە تۈركمەنىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈش ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى ۋە مەنپەئىتىگە مۇۋاپىق، ئىككى دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رايون تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ پائال رول ئوينايدۇ. تۈركمەنىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا نۇرغۇنلىغان ئورتاق تىل بار، بىز جۇڭگو ۋە تۈركمەنىستان مۇناسىۋىتىنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

سۆھبەتتە، مەن نىيازوۋ زۇڭتۇڭنىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى مۇستەھكەملەش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردە ياراتقان تۆھپىسىنى تەرىپلەپ مۇنداق دېدىم: «تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى ئالتۇن ۋە شەمشەر بىلەن ئەمەس، سىياسىتى ئارقىلىق ئابروي قازىنىپتۇ»، «زۇڭتۇڭ جانابلىرى ئۆز دۆلىتىڭىزدە يۈكسەك ئابرويغا ئىگە ئىكەنسىز، بىز بۇنى بۇ يەرگە كېلىشىمىز بىلەنلا ھېس قىلدۇق، زۇڭتۇڭنىڭ ئابرويى خەلقنىڭ ئابرويى دېمەكتۇر، جۇڭگو ۋە دۇنيا بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ.»

سۆھبەت 15 مىنۇتلا داۋام قىلدى. ۋاقىت قىسقا بولغان بولسىمۇ، نىيازوۋ زۇڭتۇڭ ماڭا خېلى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئۇ كەمتەر بولۇپ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن كارى يوق ئىكەن. مەسىلەن: سۆھبەت باشلانغاندا، ئۇ بىزگە كاستيۇمنى سېلىۋېتىپ، يۇقراچە كىيىنىشنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كەيپىيات بىردىن ئازادىلىشىپلا قالماستىن، ئارىلىقىمىزمۇ بىراقلا قىسقىراپ كەتتى. ئۇندىن باشقا، نىيازوۋ زۇڭتۇڭ خېلىلا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىدىغان ئادەم ئىكەن. بۇنى ئۇ يولغا

www.uyghurkitap.com


قويغان ئىچكى سىياسەتلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، قىممەتلىك يېرى شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەر روسىيىگە ئەگىشىپ تۇشمۇ تۇشتىن رادىكال ئىسلاھاتنى يولغا قويۇۋاتقان ئەھۋالدا نىيازوۋ ئىرەن قىلماپتۇ، بەلكى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىسلاھات سىياسەتلىرىنى تۈزۈش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىراقلا چۇشۇپ كېتىشىدىن ۋە سىياسىي مالىماندىن ساقلىنىپ قاپتۇ. بۇ، ئۇنىڭ كاللىسى سەگەك، ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى كۈچلۈك كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

نىيازوۋ زۇڭتۇڭ بىلەن خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن، ساھىبخانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پارلامېنت باشلىقى مۇرادوۋنىڭ ھەمراھلىقىدا بىز ماشىنا بىلەن تۈركمەنىستان گىلەم زاۋۇتىغا باردۇق. تۈركمەن گىلىمى داڭلىق بولۇپ، چوڭ - كىچىك شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە گىلەم زاۋۇتلىرى بار ئىكەن. بىز ئېكسكۇرسىيە قىلغان زاۋۇت تۈركمەنىستاندىكى ئەڭ چوڭ گىلەم زاۋۇتى ئىكەن. بۇ زاۋۇتنىڭ گىلەملىرىنىڭ سورتى تولۇق، نۇسخىلىرى كۆپ، سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدىكەن. ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىكەن.

بىز يەنە ئاشخابات ئىچىملىك سۇ زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ زاۋۇتنىڭ ئاپتوماتلىشىش سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ پاتېنتى ئىتالىيىنىڭ، ئۈسكۈنىسى فرانسىيىنىڭ ئىكەن. زاۋۇتتا 150 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، كۈنىگە 70 مىڭ بوتۇلكا (ھەر بوتۇلكىسى بىر كىلوگرام) مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقىرىدىكەن. بوتۇلكىنى ياساشتىن تارتىپ قاچىلاش، پېچەتلەشكىچە ئاپتوماتلاشتۇرۇلۇپتۇ. بىر بوتۇلكىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى 320 رۇبلى بولىدىكەن، ئەمما 52 رۇبلىغىلا سېتىلىدىكەن، ئوتتۇرىدىكى پەرقنى ھۆكۈمەت كۆتۈرىدىكەن. ئاشخابات شەھىرىدىكى بىر رايوننىڭ سۈيىنى ئىچكىلى بولمىغاچقا، سۇ زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىدىغان مىنېرال سۈيىنىڭ ھەممىسى شۇ رايوندىكى ئاھالىنى تەمىنلەشكە سەرپ قىلىنىدىكەن.

27 - ئىيۇل بىز ئېكسكۇرسىيە قىلغان ئاخىرقى جاي «تۈركمەنىستان سوۋېتى» كولخوزى بولدى. بۇ كولخوزنى ئاشخابات ئوبلاستىنىڭ ئۈلگىلىك كولخوزى دېيىشكە بولىدىكەن، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى ناھايىتى چوڭ، ماشىنىلىشىش سەۋىيىسمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتلىرى بار ئىكەن.

ساھىبخانىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ كولخوز 1950 - يىلى ئاشخابات ئوبلاستىدىكى «ئۆكتەبىرنىڭ 14 يىللىقى»، «تۈركمەنىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەش يىللىقى» ۋە ۋوروشلوۋ نامىدىكى كولخوزلارنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇپ چىقىلغان بولۇپ، ھازىرقى نامى 1958 - يىلى قويۇلغانىكەن.

كولخوزچىلار دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. بىز كەلگەن چاغ مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان، يىلقا، قوي - قوزىلار سەمىرىگەن پەسىلگە توغرا كەلگەن ئىدى. ساھىبخان ئىپتىخارلانغان ھالدا ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن مېۋە - چېۋىلەرنى ئالدىمىزغا قويدى. بىز كولخوز رەئىسى سوپىيېۋ مۇراتبەردىنىڭ باشلىشى بىلەن مېۋىلىك باغ، ئۈزۈمزار، ئۈجمىزارلارنى ۋە قوي، كالا، ئات، چوشقا فېرمىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىقى قوپال يېيىتىپ بېقىشتىن يىغىپ بېقىشقا ئۆتۈپ، زاۋۇتلاشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇپتۇ.

كولخوزدا جەمئىي 2350 دېھقان ئائىلە، 12 مىڭ 445 نوپۇس بار ئىكەن. كولخوز ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇشىدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىكەن. 1992 - يىلى كولخوز 533 مىليون رۇبلى پۇل كىرىم قىپتۇ، ھەر بىر كولخوز ئەزاسىنىڭ يىللىق كىرىمى 110 مىڭ رۇبلىدىن، ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىمى 9200 رۇبلىدىن ئېشىپتۇ، بىز ئېكسكۇرسىيە قىلغان چاغدىكى ئايلىق مائاشى 95-100 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن ئىكەن.

كولخوز رەئىسى ئېپتىخار بىلەن بىزگە مۇنداق دېدى: 1992 - يىلى كولخوز دۆلەتكە 12 مىڭ توننا دانلىق زىرائەت، 14 مىڭ توننا كۆكتات، 9000 توننا ئۈزۈم، 208 توننا مېۋە، 700 نەچچە توننا پاختا، 1200 نەچچە توننا گۆش، 3000 نەچچە توننا سۈت، 71 توننا ساپ قوي يۇڭى، 1 مىليون 200 مىڭ تۇخۇم، 12.4 توننا پىلە غوزىسى تاپشۇردى.

كولخوزدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ، ھازىر ئىچكى ھېسابات بىرلىكى يولىغا قويۇلۇپتۇ. كولخوزدىكى كارخانىلارنىڭ ھەممىسىنى خىزمەت ئەترەتلىرى ھۆددىگە، ياكى شەخسىي ۋە ئائىلىلەر ئىجارىگە ئالسا بولىدىكەن، مۆددىتى بىر يىل ئىكەن. ئائىلىلەرنىڭ ھۆددىگە ئېلىشى ئاساسلىق شەكىل بولۇپ، 75پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن.

بىز كولخوزدىن قايتقاندا كەچ سائەت سەككىز بولۇپ قالغانىدى. قۇياش گەرچە غەربكە قىيسايغان بولسىمۇ يەنىلا كۈيپەت تېغىنىڭ ئۈستىدە ئېگىز ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۈشتۈمتۇت، پويىز گۈدۈكىنىڭ ياڭراق ئاۋازى يىراقتىن يېقىنلاپ كەلدى. بىز ئۇنىڭ قايسى يۆنىلىشتىن كېلىۋاتقىنىنى پەرق قىلالماي قالدۇق. لېكىن، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولاتتىكى، غەربكە تۇتاشقان بۇ قەدىمكى چوڭ يولدا يېڭى ھاياتىي كۈچ جۇش ئۇرۇش ئالدىدا تۇراتتى.

## ئات فېرمىسىدىكى خىياللار

28 - ئىيۇل ناشتىدىن كېيىن، بىز قىرغىز مۇئامىلىلىك رەئىس مۇرادوۋنىڭ ھەمراھلىقىدا نىيازوۋ نامىدىكى نەسىللىك ئات فېرمىسىغا باردۇق. فېرما باشلىقى گېبجېنوۋ چارى بىزنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغاچ ئەھۋال تونۇشتۇردى. بۇ يەردىكى ئاخار تېكىن ئېتى دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئات ھېسابلىنىدىكەن. بۇ ئات كۈچلۈك، ئۇچقۇر، ھەيۋەتلىك ھەم چەبدەس بولۇپ، ئاتلار پادىشاھى، دېگەن نامى بار ئىكەن.

ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا، مەن تېخى كۆندۈرۈلمىگەن بىر قۇلۇنغا يېقىنلاشماقچى بولۇۋېدىم، بۇ ئەقىللىق كىچىك جانىۋار يايلىنى ھۈرپەيتىپ تىپچەكلەپ كەتتى. فېرما باشلىقى بۇنى چۈشەندۈرۈپ: ئاخار تېكىن ئېتى كۆندۈرۈلۈشنىڭ ئالدىدا ئاساۋ كېلىدۇ، يات كىشىنى يېقىن كەلتۈرمەيدۇ، كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن بەكمۇ مۇلايىم، سۆلەتلىك بولۇپ كېتىدۇ، دېدى.

تەڭرىنىڭ بۇ ئەقىللىق، چاققان ئەركىلىرىنى تاماشا قىلىۋېتىپ، خىيالىمىز بىردىنلا مىڭ يىللارنىڭ ئالدىغا سەكرىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە جاڭ چيەن غەربىي دىيارغا يول ئاچقاندىن كېيىن، خەن ۋۇدى پەرغانە دۆلىتىدىن چىلانتورۇق دەپ ئاتىلىدىغان ياخشى ئات چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. خەن ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىغا ئات بەكمۇ كېرەك ئىكەن. ئەينى چاغلاردا خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى، جەڭ ئاتلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى نابۇت

www.uyghurkitap.com

بولۇپ كېتىپ، جىددىي تولۇقلاشقا مۇھتاج بولۇشۇۋاتقان ئىكەن. شۇڭلاشقا خەن ۋۇدى پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى بىلەن چوڭ سودا كارۋىنىنى نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، ئالتۇندىن ياسالغان ئات بىلەن قوشۇپ فەرغانە دۆلىتىدىن چىلانتورۇق ئاتلارنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. لېكىن فەرغانە خانىنىڭ تول ئانىسى چىلانتورۇق ئات بېرىشنى رەت قىلىپتۇ. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرى بولاپ ئېلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئات غېمىدە قالغان خەن ۋۇدى پۈتۈن دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، فەرغانىگە ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىپتۇ. مىلادىدىن بۇرۇن 102 - يىلى خەن ۋۇدىنىڭ ئۇزۇن سەپەر قوشۇنى فەرغانە مەركىزى كۇشان شەھىرىنى قورشىۋاپتۇ. 40 نەچچە كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق، فەرغانە دۆلىتى سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ ھەمدە خەن سۇلالىسىگە 3000 چىلانتورۇق ئات تەقدىم قىلىپتۇ. بۇ ئۇرۇش ئاشۇنداق ئاخىرلىشىپتۇ.

دۇنيا تارىخىدا، ياخشى ئاتنى دەپ يىراقتىكى ئەللەرگە قوشۇن تارتىپ تاجاۋۇز قىلىپ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشتىن يانماسلىق، مۇشۇ بىرلا قېتىم بولغان بولسا كېرەك. لېكىن، قەدىمكى زامانلاردا ئۇرۇش ئېتى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولغان. فەرغانە ئېتى دۇنياغا داڭلىق ئېسىل ئات بولغاچقا، خەن ئارمىيىسىنىڭ يىراقتىن قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئات ۋاستىسى بىلەن باشلانغان. شۇندىن كېيىنكى خاندانلىقلارنىڭ بۇ يەر بىلەن بولغان ئالاقىلىرى تارىخنامىلاردا ئۈزۈلمەي دېگۈدەك خاتىرىلىنىپ ماڭغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇنداق بېرىش - كېلىش يەنە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەن شەھىرىدە ئات ئويۇنى كۆرسىتىش ئەۋجىگە چىققان. فەرغانە ئېتى (تاڭ دەۋرىدە دۇلدۇل دەپ ئاتالغان) تەنتەربىيە ۋە ئات ئويۇنلىرىغا ئاسانلا كۆنىدىكەن. بىر يىلى «يۈەنشياۋ» بايرىمىدا، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئوردا ئالدىدىكى مەيداندا ھەربىي - مۈلكى ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە ئات ئويۇنى كۆرۈپتۇ. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن چەۋەندازلار «قەدەھ نەزمىسى» مۇزىكىسىنىڭ تەڭكەشلىكىدە ئاتلىرىنى ئوينىتىپ، ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. مۇسابىقىگە قاتناشقان نۇرغۇن چەۋەندازلار ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن «دۇلدۇل» كۆرسەتكەن ئويۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتىپتۇ. مىرزا بېشى جاڭ شو ئىلھامى تۇتۇپ كېتىپ، دۇلدۇل ئويۇنىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق نەزمە يازغانىكەن:

پادىشاھ ئابرويى يۈكسەك كۆك سىمان،
كەپتۇ چىڭخەي غەربىدىن دۇلدۇل راۋان.
تىز ئېگىپ تەزىم قىلۇر لەرزان مېڭىپ،
ئۇسسۇل ئوينار جايىدا شوخ نەۋقىران.
زوڭزىيىپ قوپقاندا يايلى يەلپۈنەر
تىك تۇرۇپ سەكرەيدۇ ھەم ئاسمان تامان.
قىڭغىيىپ رومكا ئەدەپلىك، پۈتسە كۈي،
باش ئېگىپ مەست، سىلكىتەر قۇيرۇق شۇئان.

ئاخار تېگىن ئېتىغا جۇڭگونىڭ پادىشاھىلا ئاشىق بولۇپ قالماستىن، دۇنيا تارىخىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان پىرسىيە، ئالېكساندىرىيە ئىمپېرىيىلىرى ۋە پاتىيە سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانلىرى

بۇ ئاتنى مىنىپتىكەن. 13 - ئەسىردە چىڭگىزخان غەربكە لەشكەر تارتقاندىمۇ بۇ ئاتنى مىنگەن. 1945-يىلى سوۋېت مارشالى ژۇكوۋ ئاخار تېكىن ئېتىغا مىنىپ غەلىبە قىلغان قوشۇنلارنى كۆزدىن كۆچۈرگەن.

ئاخار تېكىن ئېتى تۈركمەنىستان خەلقىنىڭ غورۇرى ۋە تۈركمەنىستاننىڭ بايلىقى. ئۇنى نەسىللىك ئات، مەخسۇس تەنتەربىيە ئېتى، سېرك ئويۇنى ئېتى، ئويۇن - تاماشا ئېتى قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ ئىشلىتىشكە بولغاچقا، خەلقئارادىكى ئېھتىياج مىقدارى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. ئاخار تېكىن ئېتىنى بېقىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، نىيازوۋ زۇڭتۇڭ ھەر يىلنىڭ ئاخىرقى يەكشەنبە كۈنىنى «تۈركمەنىستان ئېتى» خەلق بايرىمى قىلىپ بەلگىلەپتۇ. تۈركمەنىستان خەلقىنىڭ غورۇرى ھېسابلىنىدىغان ئاخار تېكىن ئېتىنىڭ رەسمى تۈركمەنىستان دۆلەت گېربىگە چۈشۈرۈلۈپتۇ.

## نىسا قەدىمكى شەھىرىگە زىيارەت

بىز سائەت دەل ئوندا ئاتلىرى كىشنەپ - ئويناقشىپ تۇرغان ئات فېرمىسىدىن چىقىپ، تۈپتۈز كەتكەن تاشيولدا 15 مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن نىسا قەدىمكى شەھىرىگە كەلدۇق. كوپېت تېغىغا جايلاشقان نىسا قەدىمكى شەھىرى قەدىمكى پاتىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان. پاتىيە جۇڭگو تارىخنامىلىرىدە «安息» «ئارساك» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇز ۋاقتىدا رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن تەڭ تۇرىدىغان چوڭ ئىمپېرىيە بولغان. ئۇنىڭ تارىخى ئالېكساندىرىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلغان دەۋرىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 247 - يىلى بۈگۈنكى تۈركمەنىستاننىڭ جەنۇبى ۋە ئىراننىڭ شەرقىي-شىمالىدا يەنى پاتىيە رايونىدا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە پالدايلارنىڭ يونان سېلىئۇكىيە خانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلىغان. قوزغىلاڭ داھىيسى ئارساك قوزغىلاڭ جەريانىدا ئۆزىنى خان ئېلان قىلىپ، ئارساك خانلىقىنى قۇرۇپ، پاتىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان پاتىيە سېلىئۇكىيە خانلىقىغا بىر مەزگىل بويسۇنغان. كېيىن، سېلىئۇكىيە خانلىقى رىمنىڭ زەربىسىدە تەدرىجىي زەئىپلىشىپ كەتكەن، ئاستا - ئاستا كۈچەيگەن پاتىيىمۇ سېلىئۇكىيە خانلىقى بىلەن بولغان كۈرەشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا غەربىي ئاسىيانىڭ تېگرىس دەرياسى ۋە ئېفراتې دەرياسىنىڭ شىمالىغىچە كېڭىيىپ بارغان، سېلىئۇكىيە كۈچلىرى بولسا ئېفراتې دەرياسىنىڭ غەربىي رايونلىرىغا قوغلىۋېتىلگەن.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردە پاتىيە ۋە شەرققە قاراپ كېڭىيىۋاتقان رىم ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن، ئىككى تەرەپ ئەرمىنىيىنى تالىشىپ ئۇرۇشلار ئېلىپ بارغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 53 - ، 54 - يىللىرى ئىككى تەرەپ تۇنجى قېتىم قاتتىق ئۇرۇشقان. شۇ چاغدا رىم قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى كراسسۇ تۆت تۈمەن ئەسكەرنى باشلاپ ئېفراتې دەرياسىدىن ئۆتۈپ پاتىيە ئاتلىق قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بەرگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 53 - يىلى مايدا ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى توقۇنۇشقان. پاتىيە ئاتلىق قوشۇنلىرى دۈشمەننى گوللاپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش تاكتىكىسىنى قوللانغان، ئاندىن شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەن. رىم قوشۇنى قاتمۇ قات قورشاۋ ئىچىدە قېلىپ، خېلى قىسىملىرى تامامەن يوقىتىلغان، كراسسۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پاتىيە خانى كراسسۇنىڭ كاللىسىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاغزىغا لىق ئالتۇن تىقىپ: «قانچىلىك يېگۈڭ كەلسە شۇنچىلىك يە!» دەپ مەسخىرە قىلغان.

20 يىلدىن كېيىن رىم قوشۇنى تولۇق تەييارلىنىپ ئۆچ ئالغىلى كەلگەن. رىم گېنېرالى ئانتونى 100

www.uyghurkitap.com



مىلىك كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن كېلىپ قاتتىق مەغلۇب بولغان. كېيىن پاتىيە رىمنى ئۆزىگە پايدىلىق بولغان سۈلھ تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت تىنچ ئۆتۈشكەن.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرلەردە پارفىيىدە ئىچكى مالىمان يۈز بېرىپ، دۆلەت كۈچى قاتتىق ئاجىزلاپ كەتكەن. رىملىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلىش ھەرىكىتىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەرمىنىيىنى ۋە مېسوپوتامىيىنىڭ كۆپ قىسمىنى بېسىۋالغان. پاتىيە ئۆزىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇشىغا قارىماي، رىمنى مەغلۇب قىلىپ، ئەرمىنىيە ۋە مېسوپوتامىيىنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتۇرۇۋالغان، بەلكى رىمنى پاتىيىگە نۇرغۇن تۆلەم تۆلەشكىمۇ ماقۇل كەلتۈرگەن. بىراق، ئۇرۇش غەلىبىسى پاتىيىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىغان. مىلادى 226 - يىلى پاتىيە خانلىقى پېشىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىران ساسانى خاندانلىقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەن.

بىز شۇنداق تارىخىي ئەسلىمىلەرگە بېرىلگەن ھالدا يول باشلىغۇچىنىڭ باشلىشى بىلەن قەدىمكى نىسا شەھىرىگە كىرىپ كەلگىنىمىزنى سەزمەيلا قاپتۇق. ساھىبخانىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، «نىسا»دېگىنى راھەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. قارىماققا، بۇ يەر ئەينى ۋاقىتتا مۇداپىئە رايونىلا ئەمەس، تۇرمۇش رايونىمۇ بولغاندەك قىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالىدىن قەدىمكى شەھەرنىڭ ئاھالە رايونى، ئوردا رايونى ۋە مۇداپىئە رايونى دەپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگىنىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىراق، بىر دۆلەت پايتەختىنىڭ بۇنداق ئېگىز جايغا سېلىنىشى، ئېھتىمال مۇداپىئەنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. پاتىيە خانلىقىنىڭ بۇ يەرنى پايتەخت قىلغان ۋاقتى ئانچە ئۇزاققا بارمىغان. خانلىق زېمىنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋە تىگرىس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى يەرنىمۇ پايتەخت قىلغان.

يول باشلىغۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى 1947 - يىلى نىسا قەدىمكى شەھىرىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يەر ئاستىدىن 50 نەچچە خىل ساپال قاچا قېزىپ چىقارغان. پارفىيە خانلىقى بىلەن رىم ئىمپېرىيىسى نەچچە ئەسىر ئېلىشقاچقا، ئىتالىيانلارمۇ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش يۈزىسىدىن يېقىنقى يىللاردا بۇ يەرگە تالاي قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ بارغان.

بىز نىسا قەدىمكى شەھىرىنى ساياھەت قىلىپ بولۇپ، پىيادە تاغدىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ باغارىن ئىسىملىك بىر بوۋاينى ئۇچراتتۇق. ئۇ بىزنىڭ جۇڭگودىن كەلگەن مېھمانلار ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، قىزغىنلىق بىلەن ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بىز تۈركمەنلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن تونۇشۇپ قېلىش مەقسىتىدە بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن تۈركمەنىستان ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە بوۋاينىڭ ئۆيىگە باردۇق.

بوۋاينىڭ خېلىلا چوڭ ھەم چىرايلىق قورۇ - جايى بولۇپ، جەمئىي 200 كۋادرات مېتىر چىقىدىغان يوغان - يوغان بەش ئېغىز ئۆيى بار ئىكەن، ھەر بىر ئۆيدە بىردىن رەڭلىك تېلېۋىزور قويۇقلىق تۇرۇپتۇ، ئۆيلىرىنىڭ ياسىلىشىمۇ پۇزۇر ئىكەن. قورۇسىدا «لادا»ماركىلىق بىر پىكاپ توختىتىپ قويۇلۇپتۇ. پاراڭدىن بوۋاينىڭ «باھار» دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئىشچىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ يىل 76 ياشقا كىرگەن بولۇشىغا قارىماي ناھايىتى تېتىك ئىكەنلىكىنى، دائىم ئىشلەپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۇق. ئۆي ئىچى توغرىسىدا توختالغاندا، بوۋاي تولىمۇ ئىپتىخارلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ يەتتە ئوغلى، ئۈچ قىزى، بىر قانچە ئون نەۋرىسى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىز بۇ گەپتىن ھاڭ - تاڭ قالدۇق. بىزگە ھەمراھ

بولۇپ كەلگەن تۈركمەنىستانلىق دوستلارنىڭ چۈشەندۈرۈپ بېرىشىچە، تۈركمەن خەلقى ئەدىمدىنلا كۆپ بالا - چاقىلىق بولۇش ئەنئەنىسىنى قەدىرلەپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئادەتنى ھازىرغىچە ئۆزگەرمەپتۇ. ھازىرمۇ كۆپ ساندىكى تۈركمەنلەر چوڭ ئائىلە بولۇپ ياشايدىكەن. بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ ئادەتتە بەش - ئالتىدىن بالىسى بار ئىكەن.

ۋاقىت قىس بولغاچقا، ئازراق چاي ئىچىپلا بوۋاينىڭكىدىن قوزغالدۇق، بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىزنى قىيماسلىق بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

ماشىنا ئىككى سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، بىز تۈركمەنىستاننىڭ يەنە بىر مەشھۇر ساياھەت ئورنى-باغكەنت يەر ئاستى كۆلىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ كۆل ئاشخاباتنىڭ غەربىي - شىمال يۆنىلىشىدىكى تۈركمەنىستان - ئىران چېگرىسىدا بولۇپ، كوپىت تېغىغا چىقىپ قارىسىڭىز، جەنۇب تەرەپتە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئىراننىڭ شىمالىي تاغ تىزمىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن.

بۇ يەر ئاستى كۆلى 200 نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى غايەت زور تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىكەن. تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىشتە، ئالدى بىلەن 150 قەۋەت كېلىدىغان تىك پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە توغرا كېلىدىكەن. بىز بۇ تىك پەلەمپەي ئارقىلىق پەستىكى سۇپىغا چۈشۈپ بىر پەس دەم ئېلىۋالدۇق. ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈۋېدىم، ئۆڭكۈر ئىچىدە يېنىپ تۇرغان چىراغلار، چىراغلىرى ياندۇرۇلغان شەھەر كوچىلىرىدەك تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. دەم ئېلىشتىن كېيىن، 300 نەچچە قەۋەت پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بولغاندا، ئەينەكتەك سۈزۈك سۇ كۆز ئالدىمىزدا ئاخىرى ئايان بولدى. يولباشلىغۇچى يەر ئاستى كۆلى مۇشۇ، دەپ بىزگە چۈشەندۈردى. بىز كۆل بويىدا تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى خۇددى يەر شارىنىڭ مەركىزىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدۇق. كۆلنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن شارىلداپ چىقىۋاتقان ئاۋاز يەر شارى قان تومۇرىنىڭ رىتىملىك سوقۇشى ئەمەسمۇ!؟ ساھىبخان بىزنى سۇ ئۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. مېنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدىن يىراق تىمتاسلىقنى بۇزۇشقا زادى كۆڭلۈم بارمىدى. شۇنداقتىمۇ، ساھىبخاننىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولماي بولمىدى. مەن كۆلدە سۇ ئۈزۈۋېتىپ، بۈيۈك تەبىئەتنىڭ بۇ ئاجايىپ مۆجىزىسىدىن ھەيران قالدىم ھەم تەقدىرنىڭ ئادىل ۋە خالىسلىقىغا قول قويدۇم. ئۇ تۈركمەن خەلقىنى بۇ بىپايان چۆلدە پەيدا قىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇم ئارىلاش بورانغا سوقتۇرغاندىن كېيىن، يەر شارىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بۇنداق تەڭداشسىز تىنچلىقتىن بەھرىمەن قىلدۇرۇپتۇ. . .

ئۆڭكۈردىن چىقىپ، ئاسماندا ئېگىز پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق قۇياشنى كۆرگەندە بىزدە باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى. ساھىبخان چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتتى. بۇنىمۇ ياخشى قىلدى دەپ ئويلىدىم مەن، بولمىسا، باياتىنقى غايىبانە پەرىشتىلەر ساياھىتىدىن ئىنسانلار ئارىسىغا قانداقمۇ قايتىپ كەلگىلى بولسۇن؟

## ئەتىگەنكى قۇياش مارىينى يورۇتماقتا

كەچتە «ئۆسۈملۈكزار»غا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىزنىڭ تۈركمەنىستاننى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، قىزغىن ساھىبخان ئۆمىكىمىزنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا تۈركمەنىستاننىڭ مەھسۇلاتلىرى تونۇشتۇرۇلغان بىر ھۆججەتلىك فىلىمنى قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن تۈركمەنىستاننىڭ خىلمۇ خىل بايلىقلىرىنى ئەتراپلىق بىلىپلا قالماستىن، تاغ - دەريالىرىنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىلىرىنى قانغۇچە كۆرۈۋالدۇق. ئەتىسى مارىي ئوبلاستىنى زىيارەت قىلىدىغان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ ئوبلاستىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇۋېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردۇق.

مارىي ئوبلاستى تۈركمەنىستاننىڭ شەرقىي - جەنۇبىدا بولۇپ، جەنۇبى ۋە شەرقىي - جەنۇبى ئافغانىستان بىلەن چېگرىدىشىدىكەن. يەر مەيدانى 86 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلۇشى 500 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 470 كىلومېتىر كېلىدىكەن. زېمىنى چۆللەر ۋە مۇرغاب دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىدا پاروپامىز تېغى بار ئىكەن. سېغىز توپا، قۇملۇق توپا، ئاھاك، شېغىل، كۆل رەڭ پاتقاق قاتارلىق خىلمۇ خىل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى چىقىدىكەن. بۇندىن باشقا، بۇ ئوبلاستىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى سانائىتى ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك بېرىش مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىنىڭ %68تىن ئارتۇقىنى ئىگىلەيدىكەن. ھۆججەتلىك فىلىمدىن بىز يەنە مارىي ئوبلاستىنىڭ تۈركمەنىستان ئۇزۇن تالالىق پاختىسى چىقىدىغان ئاساسلىق رايون، قارا كۆل قويى ۋە پىلە بېقىش، ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش رايونى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. مارىينىڭ ئۆزىگە بارماي تۇرۇپلا، مەھسۇلاتلىرى توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىۋالدۇق.

29 - ئىيۇل تۈركمەنىستاندىكى زىيارىتىمىزنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىدى. ناشتىدىن كېيىن، بىز ماشىنا بىلەن ئايرودرومغا كەلدۇق. پارلامېنت باشلىقى، قىزغىن مۇئامىلىلىك مۇرادوۋ بىزنى ئاللىقاچان مەخسۇس ئايروپىلاننىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۆزئارا سالاملاشقاندىن كېيىن، تېزلا ئايروپىلانغا چىقتۇق. ئايروپىلان ھەش - پەش دېگۈچە ئاسمان قەھرىگە ئېتىلىپ چىقتى - دە، شەرقىي - جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، مارىي تەرەپكە قاراپ ئۇچتى.

مارىي شەھىرى مارىي ئوبلاستىنىڭ مەركىزى ئىكەن. ئەگەر بۇخارادىن كراسنوۋودىسكقا بارىدىغان تۆمۈريولنى تەتۈر قويۇلغان تراپېتسىيە شەكلىگە ئوخشىتىدىغان بولساق، مارىي شۇ تراپېتسىيىنىڭ چوققا تەرىپىگە جايلاشقان ئىكەن. مارىي شەھىرىنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى مورف ئىكەن، ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىدىكى بىر قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان شەرقتىن كەلگەن سودا كارۋانلىرىنى كۈتۈۋېلىپ، غەربكە ماڭغانلىرىنى ئۇزىتىپ قويغان. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ماللار بۇ يەرگە يىغىلغان، خىلمۇ خىل مەدەنىيەت بۇ يەردە تېپىشقان. ھازىر چاڭ توزىتىپ كېلىدىغان تۆگە كارۋانلىرى غايىپ بولدى، كولدۇرمىلارنىڭ ئاۋازى ئۆچۈپ كەتتى، ئۆتمۈشتىكى سودا يولى زامانىۋى راۋان يولغا ئايلاندى، ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان پويىزلار تاشقى دۇنيانىڭ يېڭىلىقلىرىنى ئەكېلىپ، چۆللۈكنىڭ قەدىمكى ئاددىي -ساددىلىقىنى ئېلىپ كەتتى. مارىي شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ ئاجايىپ ياخشى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۆمۈر يولى، قاراقۇم چوڭ قانىلى، مۇرغاب دەرياسىدىن ئىبارەت سۇ ۋە قۇرۇقلۇق قاتناش تومۇرى بۇ يەرگە يىغىلىپ، مارىينى تۈركمەنىستاننىڭلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭمۇ مۇھىم بىر قاتناش تۈگۈنىگە ئايلاندۇرغان. ھازىر، ياۋروپا — ئاسىيا تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈشىگە ئەگىشىپ، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى بۇ مۇھىم قاتناش شەھىرى جەزمەن يېڭى نۇرلار چاچقۇسى.

تۈركمەنىستان ۋاقتى سائەت توققۇزلاردا بىز مارىي شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا قۇياش شەرقتىكى چۆل ئۈستىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. تاڭ شەپىقى تارقىلىپ شەھەر رايونىدىكى قاتار - قاتار كەتكەن ئاق ئىمارەتلەر ئالتۇن رەڭگە بويالدى. قۇياش نۇرلىرىنى دەسسەپ، ئۆزلىرىگە ئىشەنگەن ھالدا تەمكىن كېلىۋاتقان ئوبلاست رەھبەرلىرىگە قاراپ تۇرۇپ،

بىردىنلا كۆڭلۈمدىن: بۇ بەلكى تاسادىپىي ماس كېلىش، ۋە ياكى بىر خىل بىشارەتتۇ، ئۇ كىشىلەرگە بۇ يېڭى تۇغۇلغان دۆلەت، بۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە شەھەرنىڭ ئاشۇ نۇر چېچىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈۋاتامدىغۇ، دېگەن خىيال كەچتى.

بۇ يەردىكى ئورۇنلاشتۇرۇش ناھايىتى جىددىي بولدى. سائەت توققۇز يېرىمدىن ئونغىچە مارىي ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتۇق. تۈركمەنىستان تەرەپتىن ئالىي سوۋېت رەئىسى مۇرادوۋ، مارىي ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ئورازوۋ قۇربان مۇراتوۋىچ، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرىدىن چارىيېۋ مۇھەممەد، ۋە لىيېۋا گودرى بېردىيېۋنا، قۇربان نەزەرووۋ ئامانىنەزەر، سوخاۋورسكىي يېۋگېنى لىئاندروۋىچلار قاتناشتى. بىز تەرەپتىن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى قاتناشتى.

تۈركمەنىستان تەرەپتىن ئاساسلىقى ئوبلاست باشلىقى سۆز قىلىپ، مارىي ئوبلاستى ۋە ئوبلاست مەركىزى مارىي شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى، شۇنداقلا يەرلىك پارلامېنت، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىل قىلىنىش ئەھۋالى ۋە مەسئۇلىيىتىنى قىسقىچەتونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

مەنمۇ جۇڭگو تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە تۈركمەنىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە جۇڭگو - تۈركمەنىستان دوستلۇقىنى مەدھىيىلەپ قىسقىچە سۆز قىلدىم.

ئۆچرىشىشتىن كېيىن ساھىبخانىنىڭ ھەمراھلىقىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مارىي ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە سۇلتان سانجار قەبرىستانلىقىغا باردۇق.

مارىي ئېلېكتر ئىستانسىسى شەھەردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن، بىز ئۇ يەرگە ماشىنا بىلەن بىر دەمدىلا يېتىپ باردۇق. ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ئۇنىڭ مەسئۇلىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئۇ تونۇشتۇرۇپ بىزگە مۇنداق دېدى: بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 1968 - يىلى قۇرۇلغان، ھازىر سەككىز گېنېراتور گۇرۇپپىسى بار، بۇنىڭ ئالتىسى 210 مىڭ كىلوۋاتلىق، ئىككىسى 250 مىڭ كىلوۋاتلىق، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 1 مىليون 760 مىڭ كىلوۋات چىقىدۇ. ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئاساسلىقى تەبىئىي گاز ۋە قاراقۇم قانىلىنىڭ سۈيى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىنىدۇ، سوتكىسىغا 5 مىليون كۇب مېتىر گاز، ھەر كىلوۋات توك چىقىرىشقا 350 گرام گاز سەرپ قىلىنىدۇ. بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنى قامداپلا قالماستىن سىرتقا، ئاساسلىقى ئافغانىستان ۋە قازاقىستانلارغا توك چىقىرىدىكەن. بۇ ئىستانسىنىڭ توك بېرىش ئىقتىدارى چوڭ بولۇپلا قالماستىن، پىلانلىنىشىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەن. ئېلېكتر ئىستانسىسى مەركەز قىلىنغان بولۇپ يەسلى، دوختۇرخانا، ساناتورىيە ۋە دېھقانچىلىق مەيدانى، ھاراق زاۋۇتى، خورۇم زاۋۇتى، ئېلېكتر سايمانلىرى زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، يېمەك - ئىچمەك زاۋۇتى، شېكەر زاۋۇتى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ياشىغۇچىلار زاۋۇتتىن چىقمايلا كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە يۈرۈش - تۇرۇش قاتارلىق جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەن. ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگىچە كىچىك ئىجتىمائىي رايون ئىكەن.

چۈشتىكى چۈش ۋاقتىدا مارىيدىكى ئېكسكۇرسىيىمىز تۈگىدى. ئوتلۇق قۇياش ئاسماندا پارلايتتى، ئىسسىق ھاۋا ئېقىمى كىشىنى قىينايتتى. بىز ساھىبخانىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ماشىنا بىلەن ئايرودرومغا يېتىپ كەلدۇق. مەن ئايروپىلانغا چىقىۋېتىپ بۇ گۈزەل قەدىمكى شەھەرگە ئىختىيارسىز ھالدا كۆز

www.uyghurkitap.com



يۈگۈرتتۈم. شۇنداق، بىزنىڭ زىيارەت ۋاقتىمىز ھەقىقەتەنمۇ بەك قىسقا، بۇ يەردىكى بىلمۈپلىشقا ئەرزىيدىغان نەرسىلەر بەك كۆپ ئىدى. شەھەرنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىگەنلىكىمىزدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندۇق. «ئىل A 24» شەكىللىك مەخسۇس ئايروپىلان يەنە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، گۈزەل مارىي كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولدى. بىزنى سەھەر قۇياشى كۆتۈۋالغان بولسا، بىز يەنە شۇ قۇياشقا ئەگىشىپ ئالدىراشلا كېتىپ قالدۇق. لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن بۇ جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەت - ياقىسىدىكى بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ شەرقىي-جەنۇبىدىكى رايونغا تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى. مەن ئويلايمەنكى، بىزنىڭ قەدەملىرىمىز بىلەن ئېچىلغان دوستلۇق چېچەكلىرى چوقۇم مول مېۋىلەر بەرگۈسى.

## خوشلىشىش زىياپىتى

بىز مارىيدىن ئاشخاباتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاز - تولا دەم ئېلىۋالدۇق. يەرلىك ۋاقىت سائەت يەتتىدە تۈركمەنىستان پارلامېنتى كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى مېھمان قىلدى.

تۈركمەنىستان پارلامېنتىنىڭ باشلىقى، پارلامېنت قانۇن تۈرغۇزۇش كومىتېتى ۋە باشقا مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ رەئىسلىرىمۇ زىياپەتكە قاتناشتى. زىياپەت زالىغا كىرىشىمىز بىلەنلا، رەئىس مۇرادوۋ ماڭا ئۆزىنىڭ جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغانلىقى، مۇۋاپىق تاپقان ۋاقىتتا پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا بېرىشقا ماقۇل بولغانلىقىدىن ئىبارەت خۇش خەۋەرنى ئېيتتى.

زىياپەتتە، مېھمانلار بىلەن ساھىبخانلار كەينى - كەينىدىن قەدەھ سوقۇشتۇردۇق. كۈلكە - چاقچاق سادالىرى ئۈزۈلمىدى. قىزغىن سۆزلەر، چوڭقۇر تىلەكلەردىن كىشىلەر قاتتىق ھاياجانغا چۆمگەن ئىدى. ساھىبخانىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، مەن ئۆمىكىمىزگە ۋەكالىتەن سورۇندا ئىختىيارىي سۆزگە چىقتىم. مەن سۆزۈمدە تۈركمەن خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مىللەت ئىكەنلىكىنى مەدھىيىلەپ، تۈركمەنىستاننىڭ پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۈم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

يالقۇنجان ئىسلام

## مېنىڭ ساددا، مۇلايىم ئانام

(داستان)

1

خېلى بولدى قىلغىلى نىيەت
ئاتاپ ساڭا سۆيۈملۈك ئانا،
تۇرغۇزۇشنى بىر گۈزەل ھەيكەل
بەدىئىي دىت بىلەن مەرمەردىن.
قىلىپ نەچچە ھەسسە نۇرانە،
ئېتىلغۇدەك كېلىپ پەرۋانە،
چىرايىڭنى ماھى ئەنۋەردىن.
پەيدا قىلسام چۆرەڭدە جەننەت،
ئېچىلدۇرۇپ مەرغۇپ گۈل-چېچەك،
تۇرسا تاڭدا بۇلبۇللار سايراپ،
قالسا ھەيران سامانچى يولى
كېچىلەردە قۇچىقىڭدىكى
چاقناپ تۇرغان سانسىز ھۆكەردىن.
لېكىن ئويلاپ ئاخىرى يەنە،
قاتۇرماقچى بولدۇم جان ئانا،
ساڭا ئاددىي قەبرە كېسەكتىن،
تېرىمىدىم ئەتراپىغا گۈل،
ئۇندا كۆكلەپ چىققان يانتاقنى
يۇلۇش ئۈچۈن قولۇم بارمىدى،
قىلماي دېدىم سەندەك بىتەلەي،
بەرداشلىق بۇ گىياھقا ئۇۋال.
تەبىئەتتىن شەپقەت يەتمىگەن،
ھېچبىر كىشى پەرۋىش ئەتمىگەن،

چەكسىز ئۇندا ھايات قۇدرىتى،
يۈرىكىمدە يۈكسەك ھۆرمىتى،
پەيزاۋاتنىڭ ئاق كۆكچىسىنى
ئاشۇ يانتاق تاپقۇزار كامال،
ئانا سەن شۇ يانتاقتا مىسال.

2

سايرىۋالغۇم بار ئىدى ئەسلى،
بۇلبۇل كەبى بۇ خازان پەسلى،
قۇسقىنىمچە لەختە-لەختە قان،
تارتقىنىمچە ھەسرەتلىك پىغان؛
يوقاتقانچە ئەقلى-ھوشۇمنى،
قارۇ يامغۇر تۆكۈپ يېشىمنى،
چىدىماستىن ساڭا ئانىجان.
بۇ دۇنيادىن ئۈزۈلگىنىڭدا،
ئاق ئەتىردەك توزۇلگىنىڭدا،
سەن لەھەتكە سەپەر قىلغان كۈن،
شۇنچە قىلدىم، ئۈنۈم چىقمىدى،
قالدىم ئاخىر بولۇپ بەئەينى
كىرەلمىگەن ناۋا دەۋرىگە
ئەتلىمە گۆش قۇشقاچ بالىسى.
ئۇۋۇسىغا كەلمىگەن قايتىپ،
يەم ئاختۇرۇپ كەتكەن ئانىسى. . .

3

رەستىلەردە يۈرگىنىمدە مەن،

باغچىلارغا كىرگىنىمدە مەن،
بولالمايمەن مەپتۇنى ئەمدى
چېھرى تولغان ئايدەك قىزلارنىڭ.
ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرەلمەس
لاتاپىتى، خۇلقى ئۇلارنىڭ،
تارتالمايدۇ مەيلىمنى زىنھار
ئۇ زىبالار قەلەم قاشلىرى؛
دىلرابالار خۇمار كۆزلىرى،
سەرۋى كەبى قامىتى لەۋەن،
يەلكىسىدە خۇددى يۇلۇنتەك
دولقۇنلانغان يۇدۇرە چاچلىرى.
نىگاھىمدا يانمايدۇ چاقماق،
كەتمەس يۈرەك ئويناپ-جىغىلداپ،
تۇرغىنىمدا بىر جۈپ سىنەسى
ئېپىز ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدە،
رىتىم بىلەن نازۇك لىغىلداپ.
ھەيران بولۇپ قارايدىغىنىم،
دىدارىغا تويمايدىغىنىم،
تىنىقىنى يىراقتىن خۇددى
رەيھانگۈلدەك پۇرايدىغىنىم؛
بولغىنىدا كۆزۈمدىن غايىب،
بوۋاق كەبى ئەمگۈسى كەلگەن.
كالپۇكىمنى يالايدىغىنىم،
تور چېكىلگەن قىشلىق قوغۇندەك
چىرايىنى قورۇق قاپلىغان
ئاپئاق چاچلىق قېرى مومايلار.
ماكماك ئېغىز چىشى تۆكۈلگەن،
بېلى قىسماق كەبى پۈكۈلگەن.
شىپ-شىپ كالاچ مەيسە پۇتىدا،
كەتكەن خۇنى كۆزىنىڭ تامام،
سۆڭەكلەرگە چاپلاشقان تېرە،
كىيىملىرى قالغان شالدىرلاپ.
ئاران - ئاران يۆتكەلگەن قەدەم،
پۇت-قوللىرى تىترەپ - گىلا..لاپ.

تەلپۈنىمەن ئاشۇ سىماغا
ئاتەش تەپتى ھەر بىر تىنىقتا.
مۇنداق تۇيغۇ بولىدۇ پەقەت
ياتقان قاراپ ئەزىم دەرياغا،
قىزىق قۇمغا تومۇز كۈنلىرى
چىقىپ قالغان نىمجان بېلىقتا.

4

سۇتتەك ئايدىڭ تۇردى ئاسمان
ئوتى ئۆچۈپ قالغان تونۇردەك،
ئوخشاپ قاپتۇ تولۇن ئاي خۇددى
راسا سىڭىپ پىشقان ئاق نانغا.
ئۇنتۇپ قېلىپ سويۇپ ئېلىشنى،
كەتتىكىنە ئانام قايانغا؟

5

قالغاندىمەن نېمىشقا قاراپ
غېرىبسىنىپ ياتقان چاڭگىغا،
مۇڭ-ھەسرەتكە پاتقان چاڭگىغا،
كەڭ ئايۋاننىڭ تۆۋرۈكىدىكى.
توساتتىنلا كەتتىغۇ قاناپ
نىھايەت بەك تەستە ساقايغان
يارا مېنىڭ يۈرىكىمدىكى.
يەنە بىر ئوق ئىزى كۆپەيدى
غەلۋىر بولغان كۆكرىكىمدىكى.
بىر چاغلاردا بىر جۈپ قارلىغاچ
ئۇۋا سېلىپ مۇندا باھاردا،
چۇقان سېلىپ ھەر بىر ناھاردا،
ئۆچەكتىكى ئاچ باچكىسىغا
كېلەتتى يەم بېرىپ ھەر كۈنى،
ئۆينى ئاۋات قىلىپ ھەر كۈنى،
تىنىم تاپماي ھەر تامان ئۇچۇپ،
تەنتەنىسى ئالەمنى قۇچۇپ.
ئۇلار بۇ يىل قالدىمۇ ئېزىپ،
ئۆيىمىزدىن كېتىشتى تېزىپ.
ياق، گۇناھ يوق ئۇلاردا زىنھار

ئانام تۇگەپ كەتتى بۇ باھار.
ئىشىك (قۇلۇپ سېلىنمايدىغان)
ئەمدى كۈندۈز ئېچىلمىغاچقا،
پۇل كويىدا ئىنىم ئاۋارە،
ئېتىزلىقتا يەڭگەم بىچارە.
ئەتىيازدا كەلگەن بۇ قۇشلار،
ھويلىمىزغا كۆنگەن بۇ قۇشلار
بىر نەچچە كۈن چۆرگىلەپ يۈرۈپ،
ئارقىسىغا مۇھلەتنى سۈرۈپ،
ئاخىر تاقەت قىلالمىغاندا
باشقا ياققا كېتىپ قالغاندۇ،
ئۇلارغا بۇ مۇساپىرچىلىق
ئاھ، قانچىلىك ئېغىر كەلگەندۇ؟

6

خېلى بولدى قاراپ ياتىمەن
كارىۋىتىمغا تىزىپ قويۇلغان
ئورۇن-كۆرپەڭ ئۈستىدىن، ئانا،
چۈشمەي مۈگدەپ ياتقان ئاسلانغا.
قىشنىڭ ئۇزۇن سوغۇق تۈنلىرى
كىرەتتى ئۇ غىپپىدە شۇڭغۇپ،
سەن ئىسسىتىپ قويغان يوتقانغا.
ئۆتۈپ كەتتى بىر-ئىككى سائەت،
يەرگە ئۇ ھېچ چۈشمەي دېمەيدۇ.
چايناپ بەرسەم نانمۇ يېمەيدۇ.
بەرمەيدۇ ھېچ ئەركىلەپ ماڭا،
ئاغرىپ قالدى ئىچىم بەك ئاڭا.
ياتقاندۇ ئۇ ئويلاپ نېمىنى؟
ئېھتىمالىم يەۋاتسا كېرەك
كېلىۋاتقان قىشنىڭ غېمىنى.
چۈنكى يەڭگەم قورقار مۈشۈكتىن،
يولاتمايدۇ قېشىغا ئۇنى.

7

چىقماقتىمەن ئۆيدىن خوشلىشىپ،
دەرۋازىدا قېپقالدى ئىنىم.
ماڭا پەقەت بولمىدى ھېساب،
شۇمىكىن يۇرت يوقلاپ چىققىنىم.
كەلمەكتىمەن بېشىمنى پات-پات
خالاپ-خالىماي
ئۈمىد بىلەن ئارقامغا بۇراپ.
مانا بىزنىڭ كوچا دوقمۇشى،
ئاندىن كېيىن مەھەللە بېشى،
ئاخىرىدا ئۆستەڭنىڭ قېشى.
قېنى ماڭا ئەگەشكىنىچە،
تۇرۇپ قالغىن دېسەم ئۈنىماي
كېلىدىغان كەينىمدىن ئانام.
ئون قېتىملاپ دەيدىغان:
ۋاقتىڭ
يەتسە پات-پات چىقىپ تۇرارسەن،
كېتىدىكەن بەك كۆرگۈم كېلىپ،
خەير، خۇداغا ئامانەت بالام.
نەمەنگاندىن قوغلاندى بولغان،
شاھ مەشرەپتەك كېلىۋاتىمەن
بويىغانچە قانغا دولامنى
ئىككى قولدا ئىككى ساپايە.
كۆرۈنمىگەچ كۆزۈمگە مېنىڭ
ئارقامدىكى بىچارە سايە.
توزۇپتۇ ئۇ نەشپۈت چېچەكى،
قەيەرلەردە يۈرەركىن ئۇچۇپ
«چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى» دەك
بېشىدىكى ئاپئاق لېچەكى،
بوپ قاپتۇ ئۇ كۈنلەر ھېكايە.

8

كۆز ئالدىمغا ئانام دېگەندە
چاقناپ تۇرغان بىر نۇر كېلىدۇ.
كۆز ئالدىمغا ئانام دېگەندە
چوققىلىرى كۆككە تاقاشقان،
باققىنىڭدا كۆزۈڭ قاماشقان
بىر تاغ بەكمۇ مەغرۇر كېلىدۇ.

كۆز ئالدىمغا ئانام دېگەندە
قېرى تۆگە دەشتى - چۆلدىكى،
يەلكىسىگە ئېغىر يۈك ئارتقان،
قىزىق قۇمغا تىزغىچە پاتقان
جىسمى پولات-تۆمۈر كېلىدۇ.
بەرزەنت ئۇچۇن ئاتقان ئۆزىنى
ئىچ قويىنى، يۇمۇپ كۆزىنى،
ئاشىقلارنىڭ بۇزرۇكۋار پىرى
بىر ئۇلۇغ زات - مەنسۇر ① كېلىدۇ.

9

يېتىپ كەلدى خازان مەۋسۇمى،
لىماسىنى سۆكتى ئورمانلار،
ئالتۇن ياپراق تۆكتى ئورمانلار.
يېتىمسىراپ مەندىن بەتەررەك
ئازابلارغا چۆكتى ئورمانلار.
چۈنكى، ئۇنىڭ قوينىغا ئانام،
كىرە سېلىپ بويىنغا ئانام،
بەرگىنىچە ھەر تاڭدا سالام
كېلەلمىگەچ غازاڭ يىققىلى.

10

تۇرار مانا تەخسىدە سوۋۇپ،
زەپ يېيىشلىك كاۋا مانتىسى.
ئەتتۇردۇمغۇ ئارزۇلاپ ئۇنى،
تارتمىغىنى كۆڭلۈم نېمىسى.
كېلىمۋالدى ئالدىمغا بىردىن
ئانام، ئۇنىڭ ئېشەك ھارۋىسى،
كىرگىنىدە قېشىمغا مېنىڭ
باش ياغلىقتا چېگىلگەن كۆكباش،
بىرەر سېۋەت يەل-يېمىش ياكى
ئىككى دانە مانتا كاۋىسى.
يۈز-كۆزىگە قونغان چاڭ-توزان،
خۇددى قىسماق كەبى پۈكۈلگەن
ئۇنىڭ ئاجىز-ئورۇق گەۋدىسى.
كىرمەي تۇرۇپ ئۆيگە ئۇ تېخى
يانچۇقىغا گۈلە-قاق ئىزدەپ
قوللىرىنى تىققان نەۋرىسى.
ۋادەرىخا، ئاشۇ مومايىنىڭ
رامىزاندا پۈتتى قەبرىسى.

11

چىقماس ئەستىن مەڭگۈ شۇ سەھەر،
ئانام مېنى شېرىن ئۇيقۇدىن
ئويغاتقىنى ئىشىكنى چېكىپ.
قالغىنىدەك جىنغا يولۇقۇپ،
كەتكەن بەكمۇ قورقۇپ-ھولۇقۇپ.
قانداقتۇر بىر تەشۋىش كۆزىدە:
«قاپتۇ بالام چۈشۈم بۇزۇلۇپ.
كىردىم كۆڭلۈم تاپماستىن ئارام»
دېگىنىچە ئۆزىنى ماڭا
بوۋاق كەبى تاشلىغان ئانام.

12

كۆرسەم ئەگەر بىرەر كۈچۈكنى
بىر توپ بالا سۆرەپ ئوينىغان،
بوزەك تېپىپ ئۇرۇپ قىينىغان،
كېلەر ئەسكە ئانام جان ئۈزۈپ
ئەتە نەزىر دېگەن كېچىسى
بېغىمىزنىڭ كەينىگە چىقىپ،
نەم ئېرىقتا باغرىنى يېقىپ،
تۇساتتىنلا ئۆلۈپ قالغان ئىت.
ئانام مۇندىن كۆپ يىللار بۇرۇن
كېتىۋېتىپ قىشلاق يولىدا
كۆرۈپ ئۇنى،
يۈرگەن قاقشىتىپ
بىر توپ ئۆكتەم بالا قولىدىن
ئېچ ئاغرىتىپ تارتىۋالغان ئىت،
ئىگە بولۇپ بېقىۋالغان ئىت؛

---

① مەنسۇر ئەللاجى

تۇنۇگۇن ساق قالمىغانمۇ ئۇ،
ئارقىسىدىن ئەل - جامائەتنىڭ
گۆرىستانغا بارمىغانمۇ ئۇ.
نەزىر ئۈچۈن سويغان كالىنىڭ
گۆشىگە ئۇ تېگىمەپ قويمىسۇن،
دەپ ئەنسىرەپ يۈرۈپتۇق تېخى.
جاپا چېكىپ بولۇپ ئاۋارە،
ئۆلۈپ قاپتۇ ئاھ بۇ بىچارە.
بىر چىشلەم گۆش بەرسەكچۇ ئاغا،
بىلمىدىم بۇ قانداق سېھىردۇر؟
بىلمىدىم بۇ قانداق مېھىردۇر؟

13

ئىدۇقتۇ بىز ئىككىلا ئوغۇل،
ۋەھالەنكى بەلگە ئاق باغلاپ،
تاۋۇتىڭنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ،
سېنىڭ ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇپ،
ئەجىلىڭدىن قان-زەرداپ يۇتۇپ،
جىنازاڭنىڭ ئالدىدا، ئانا،
نىچۈن ماڭدى ئوتتۇز بىر بالا.
ئۇلار ئىنىم شاگىرتلىرى،
كەلگەن ئۇلار ئالدىڭغا سېنىڭ
سەبىي تېخى سۆڭەك قاتمىغان،
بۇرۇتلىرى خەتمۇ تارتمىغان.
يىگىرمە يىل باغرىڭغا باستىڭ،
ئۇلارنىمۇ بىزدەك «بالام» دەپ.
كۆز ئالدىڭدا چوڭ بولدى ئۇلار
سېنى خۇددى بىزدەك «ئانام» دەپ.
كەلدىڭ ئويلاپ نارەسىدەنىڭ
سۈرتكىنىچە كۆزدىن يېشىنى،
مېھرىڭ بىلەن سىيلاپ بېشىنى.
يۇيۇپ بەردىڭ، ياماپمۇ بەردىڭ
كىر، يىرتىلغان ئۇستىبېشىنى.
رەنجىمىدىڭ ئەتكەن ئاشلىرىڭ،
تۈتۈن يۇتۇپ، ئېقىپ ياشلىرىڭ،
گاھى ساڭا يەتمىگەندىمۇ.
بىساتلىرىڭ بۇلغانغاندىمۇ.
بىلىڭ سېنىڭ تەڭنە كۆتۈرۈپ
تال چىۋىقتەك تولغانغاندىمۇ.
پۇت-قولۇڭنى تونۇر قىزىتىپ،
كۆسەي قىلىپ ئۆكۈلىگەندىمۇ.
ئۈچ چارەكلىك باغنىڭ مېۋىسى
خۇددى يوقتەك ئۇنىڭ ئېگىسى،
كاۋاكشىماي، چېكىلمەي تۇرۇپ،
ۋاشاڭ بولۇپ تۈگەپمۇ كەتتى.
مەيلى كەلسە كىمنىڭ يېگۈسى،
ئىختىيارى بېغىڭغا كىرىپ،
رەنجىمىدىڭ پەقەت ۋە پەقەت،
دەسسەلسىمۇ ئوتياش - چۈنەكلەر.
قويغاندىمۇ شاخلارنى يىرىپ.

14

قەيەرلەردە يۈرىدىغاندۇ
بولغىنىچە سەرسانە قاڭقىپ
ئانام ئېيتقان مۇڭلۇق قوشاقلار؟
خۇپتەن بىلەن ئېتىزدىن يېنىپ،
ئۈيقۇسىراپ سولغۇن چاناقلار،
چۆرگەندە تۈنلەردە چاقلار.

15

پىشىپ قاپتۇ باغدا مېۋىلەر
يەلكىسىدىن شاخلارنىڭ بېسىپ.
چۈشۈپ قاپتۇ يەرگە مېۋىلەر،
قېرىملاردا ياتىدۇ سېسىپ.
بىر زامانلار ئانام بۇ باغقا
كۈندە نەچچە كېلەتتى كىرىپ.
قېرىملارغا چۈشكەن مېۋىنى
سېۋەتكە ئالاتتى تېرىپ.
بوزۇلغاننى قويلارغا بەرسە،
ساقلىرىدىن ئۇنىڭ قاق يېرىپ.
ئانام باغقا كىرمىگەندۇر؟

بۇ ھالەتنى كۆرمىگەندۇر؟

16

ئۆي كۆچكەنتىم، ئوغلۇمنىڭ ماڭا
قاراشقىسى كەلمىدى بولغاي،
كۆچۈم يەتمەي قالغان ئىشلارغا
ياندىشقىسى كەلمىدى بولغاي.
ئىككىمىز بىر ساندۇقنى ئېلىپ،
چۈشۈۋېتىپ پايەدىن پەسكە،
ساندۇقنى ئۇ بىرلا قېقىپ،
قەستەن مېنى قويدى يىقىتىپ،
كەتتى تىزىم قاناپ، كۆكىرىپ،
بىلمىدىم مەن قالدىم قانداقچە
غەزەپ بىلەن مۇشتۇم كۆتۈرۈپ.
كەتكىنىمدە ئەسەبىيلىشىپ،
چۈشۈپ قالدىڭ ئەسكە، ئانىجان،
چاققىنىدەك چاقماق تۇساتتىن.
ساڭگىلىدى تۆۋەنگە قولۇم،
قالدى شۇ دەم ئوغلۇم قۇتۇلۇپ
بىر قېتىملىق دۇمبا-كاچاتتىن.
ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلىق چاغلىرىم،
بىر كۈنى بەك قاتتىق سوغۇقتا
سېنىڭ بىلەن سۇغا بارغانتىم
بالداق ئېلىپ كۆلگە چىلەكتە.
شۇ قېتىمقى نادانلىقىمدىن
ئېغىر ئازاب، ئاچچىق ئۆكۈنۈش
ئۆمۈر بويى قالدى يۈرەكتە.
شۇ كۈن مېنى ئاداشلىرىمدىن
بىچاغ ئايرىپ ئالغىنىڭ ئۈچۈن،
تاختاي توپنى راسا قىزىغان
كېلىپ بۇزۇپ قويغىنىڭ ئۈچۈن،
سېنى كۆپكۆك مۇزنىڭ ئۈستىدە
ئاچچىقىمدا قويدۇم يىقىتىپ.
تۇرالمىدىڭ بىر ھازاغىچە
ئورنىڭدىن ئاھ ئۇرۇپ ئىنجىقلاپ.
كېيىن بىلدىم قاناپتۇ تىزىڭ،
كېتىپتۇ ئۇڭ جەينەك سۈرۈلۈپ،
تېرىلىرى قاپتۇ تۈرۈلۈپ.
خىجىل بولۇپ قىلغان ئىشىمدىن،
بارغىنىمدا قېشىڭغا ئاستا،
ئانا، مېنى باغرىڭغا بېسىپ،
ئۆرۈش، ئەيىبلەش ئورنىغا شۇ تاپ
يىغلىۋەتكەن ئىدىڭ پاكىزە،
كۆز ياشلىرىڭ ئېقىپ بولدۇقلاپ.
يوقالمىدى ئوتتۇزنەچچە يىل
تىزىڭدىكى شۇ يارا ئىزى.
كىرىپ كەتتى يەرگە نەچچە رەت
چۈشۈپ ئاڭا ئوغلۇڭنىڭ كۆزى.

17

تارشىمىكىن تۇتقىنىم مېنىڭ
تولغان يېرىق، قاداقلار بىلەن،
ياق، ياق ئۇ بىر دوستۇمنىڭ قولى،
بىر چاغدا تەڭ ئوقۇشقا كىرگەن
باشلانغۇچنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپ،
توسۇلغانتى ئوقۇشنىڭ يولى.
قىرىق ئالتىگە كىردى دېمەيدۇ
ئىسكەتنى كۆرگەنلەر ھېلى،
ئاشۇ قاتتىق، ئېغىر يىللاردا
دېھقان بولۇپ قايتقان يېزىغا.
قىلمۇالدى ۋارىس ئاتىسى
مېڭىپ كەلگەن ئەۋلادتىن-ئەۋلاد
جاپا بىلەن باسقان ئىزىغا.
ئىشلىسىمۇ ئاتا ۋە ئانا،
غولا ساندەك ئۈچ ئاكا يەنە،
بىلمەي يىللاپ ئارام دېگەننى
تىقىپ ئۆزىنى جاپا قويىنىغا.
كەلدى چۈشمەي چاپان تىزىغا.
يىل ئاخىرى چۈشۈۋەردى قەرز،
يىلدىن-يىلغا ئېشىۋەردى قەرز،

ئىلاجى يوق كەنجى ئوغلىنى
تارتىپ چىقتى مەكتەپ قوينىدىن
باغلىغاندەك ئۇنىڭ بوينىدىن.
نادانلىق بۇ غۇنچىنى يېدى
چىدىمىدى چوڭلار جېنىغا.
چىدىمىدى ئەمگەك قىلماستىن
ئۇنىڭ يېگەن «هارام» نېنىغا.
يۈرىكىدە ئاتىنىڭ غايە،
ۋۇجۇدىدا سۆبات بولمىدى.
بىر قورساقتىن چىققان ئاكىلار
ئىنىسىنىڭ ئارزۇلىرىنى
قويدى قىرقىپ،
قانات بولمىدى.
قويدى باغلاپ ئېشەك هايداشقا،
قويدى باغلاپ يۈدكەن قېپىغا.
قويدى باغلاپ ياتاق چېپىشقا،
قويدى باغلاپ كەتمەن سېپىغا.
جېنىم ئانا، ۋە لېكىن مېنى
قىينالساڭمۇ قانچە-قانچە سەن،
جەسۇرلىشىپ يەنە شۇنچە سەن،
ئاجايىپ بىر جاسارەت بىلەن،
ئاجايىپ بىر قانائەت بىلەن،
ئەرلەردە يوق، ئەۋلىيادا يوق
غايە، ئەقىل-پاراسەت بىلەن،
توختاتمىدىڭ ئەسلا ئوقۇشتىن.
بولمىدۇق بىز كېسىلگەن كۆچەت،
ئېلىپ چىقتىڭ گۈللىمىز بىلەن
ئانا، ئاخىر باھارغا قىشتىن.
قىلىپ باقتى كىملەردۇر ساڭا
كېلىش ئۈچۈن مېنى قايتۇرۇپ،
گاھ نەسىھەت، گاھىدا بېسىم،
كەلدىڭ ئۇلار سۆزىنى قايرىپ.
بوي بەرمىدىڭ قويغان چاغدىمۇ
ساڭا ئايرىم ۋەزىپە ئايرىپ

تۆگمەندە چاملىرى ئەرلەر،
سايىلاردا ياتقاندا ئوڭدا.
(توۋا، ئەجەپ چاغلار ئىدى ئۇ.)
چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ،
ئۈستەڭ، زەيكەش چاپاتتىڭ توڭدا.

18

ئاسفالت يول سىلىق ئەينەكتەك،
ئاستىمدا جىپ ئۇچماقتا ئوقتەك.
كەلمەكتىمەن خىيالغا پېتىپ،
بۇ دۇنيادا خۇددى مەن يوقتەك.
ئوتتۇز ئۈچ يىل ئالدىدا بۇ يول
شېغىل ئىدى جاننى قاقشاتقان،
توپا ئىدى تىزغىچە پاتقان،
يەتمىش چاقىرىم كېلەر ئارىسى.
كېلەر ئۇندا بىر ئايال ئەنە،
ئۆشنىسىدە نان سالغان خالتا،
بارالمىغاچ شەنبىدە ئۆيگە
ئوقۇۋاتقان توققۇزاقتىكى
ئاتىسى يوق سەبىي بالىسى.
قىينىماقتا ئۇنى تەشنالىق،
قىينىماقتا ئۇنى هارغىنلىق،
خوراز تۇنجى چىللاشتىن بۇرۇن
چىققان ئۆيدىن، مانا پاتتى كۈن،
كۆرۈنمەيدۇ مەنزىل قارىسى.
شۇ جاپاكەش ـ سەن ئىدىڭ ئانا،
ئوغلۇڭ ـ مەنغۇ، قەلبىڭ پارىسى...

19

ئانام بېقىپ بەرگەن قىزىمنىڭ
تويىنىمۇ قىلىپ تۈگەتتىم.
راستىن ئېيتسام ئانا قەدرىگە
قىزچىقىرىپ ھەقىقىي يەتتىم.
ئانام يېتىپ قالغان كۈنلەردە
ئۇنى يۆلەپ كۆرگىلى چىقىپ،
قايتىدىغان چېغىمدا، ماڭا

ئۆتتۈزغانچە بىر ئۆگۈنچەكنى
دېگەنتى: بۇ ئامانەت ساڭا.
ئوخشايمەن ھېچ كۆرەلمەيدىغان
ئارزۇ قىلغان نەۋرەم توينى،
يىغقان ئىدىم شۇ تويغا بۇنى.
مۇشۇ يولغا ئىسىگەدە بولسۇن
بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك ئېلىپ قوي.
چوڭ ئاناڭنىڭ توي سوۋغىتى دەپ،
قولىغا توي كۆنى سىلىپ قوي.
جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدىمۇ،
ئۆمىد قولدىن كەتكەن چاغدىمۇ
بالا دەردىن يەتكۈچە تارتىپ،
نەۋرە ئۈچۈن غەم يېگەن ئانام.
بولماي خالاس كۆلپەت، جاپادىن،
مېۋىسىنى لېكىن راھەتنىڭ
بەك ئاز كۆرگەن، كەم يېگەن ئانام.

20

تەربىيەڭنى قىسسەمگە، ئانا،
ئايدىن ئەمەس، يۇلتۇزدىن ئەمەس،
ئۈيىمىزنى (ئاددىي، ئىسلاشقان)
نۇرلاندۇرغان چىراغدىن ئالدىم.
دەريا ئەمەس، دېڭىزمۇ ئەمەس،
تېتىر سايىنىڭ باغرىدىن چىقىپ،
كىچىككىنە بىر پارچە يەرنى
مېھرى بىلەن باغرىغا ئوراپ،
ياشناتقۇچى بۇلاقتىن ئالدىم.
شەمشادلارغا سالمىدىم نەزەر،
دەشتى-چۆلنى باغرىغا تىگىپ،
ھەرنە كۆلپەت ئاپەتنى يىگىپ،
كۆلۈپ چىققان باھار ئالدىدا
قېرى يۇلغۇن، توغراقتىن ئالدىم.
تىنىقىڭنى ئەتىردىن ئەمەس
يالپۇز بىلەن شىۋاقتىن ئالدىم.
مېغىزىنى يوقاتقىنىچە
شاكاللىرى بولغان خاكى سار،
مەرد، پىداكار ياڭاقتىن ئالدىم.
سەۋەبىنى ئادەملىكىمنىڭ
ئەپلاتوننىڭ تەلىمى ئەمەس،
ئوقۇمايمەن دېگەندە سەندىن
يېگەن كاچات ـ تاياقتىن ئالدىم،
ئۈزۈك سوزغان قولاقتىن ئالدىم.
غەيرىتىڭنى بوران-چاپقۇنلۇق
دېڭىزدىكى پالىقى سۇنغان
يۈكى ئېغىر قولۋاقتىن ئالدىم.
ئەپۇ قىلىڭ مېنى كىتابخان،
خاسىيەتلىك ئۇشبۇ ماۋزۇنى
كامالىغا يەتكۈزەلمىدىم.
دىلغا يۈككەن ئارزۇغا لايىق،
ياخشى ئەسەر پۈتكۈزەلمىدىم.
ئىلھامنى مەن ناۋاتتىن ئەمەس،
ئالا ئۈزۈك سالغان چۆچۈمەل
ئاشۇ ئاددىي تاماقتىن ئالدىم.
چىرايىنى قاپلىغان توپا،
ئاشۇ مۇڭلۇق، ئاشۇ جاپاكەش
مېھرى ئوتلۇق قىشلاقتىن ئالدىم.
غازدەك كۆكتە قانات قاقمىدىم،
ئىلھامنى مەن ئاسماندىن ئەمەس،
تاڭ خورىزى بولۇپ چىللاشقا،
ئانام بەرگەن قونداقتىن ئالدىم.

1995-يىل ماي، قەشقەر

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ماموت زايىت

# ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5- قۇرۇلتىيى ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز

**ئابلەت ئابدۇرېشىت**

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيىغا يوللانغان تەبرىك خەت

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيىغا:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى بىرلا ۋاقىتتا غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ھەممە ئۆز نامىمدىن ئىككى قۇرۇلتاينى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر ۋە دوستلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

ئۆتكەن نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي چاقىرىلغان ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەڭكىشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش، كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنى ئىرىشىپ ئىجاد قىلىش، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈيۈشتۇرۇپ ۋە ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى زور تۈركۈمدە مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىي جەلپكارلىق كۈچىگە باي، دەۋر روھى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك بىر قەدەر ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتتى؛ ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىيات -

www.uyghurkitap.com

سەنئەتچىلىرىنىڭ مىللىي خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلدۇرۇش، تەتقىق قىلىش جەھەتلەردىكى نەتىجىلىرىمۇ گەۋدىلىك بولدى. دەل سىلەرنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىڭلار ئارقىلىق ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى، ھەم شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشى ۋە ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشى ئالغا سۈرۈلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيىڭلار پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلغان، 5 - ئومۇمىي يىغىن ئېلىمىزنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010- يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئۇلۇغۋار مەنزىرىسىنى سىزىپ بەرگەن پەيتتە ئېچىلدى. پۈتۈن رايونىمىز مىقياسىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى ئەستايىدىل ئۆگىنىلمەكتە، ئومۇميۈزلۈك، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەكتە، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، تونۇش ئۆستۈرۈلمەكتە، تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى كۆرەش نىشانىغا جاسارەت بىلەن يۈرۈش قىلىنماقتا. شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاشلا ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كەلگۈسىگە يول ئاچىدىغان ئاچقۇچلۇق تارىخىي دەۋرنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك تەرەققىيات پەيتىدە تۇرماقتا. ئاپتونوم رايون تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەۋزەل بايلىق مەنبەسىنى ئالماشتۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ داۋاملىق،ساغلام، تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلايدۇ. شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەزمەن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدۇ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىق بىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقىمۇ رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە بولۇپ، رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنى، قوللىرىدىكى قەلەم ئارقىلىق دەۋرنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋرىمىزگە مۇناسىپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى سوتسىيالىزم، كوللېكتىۋىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتەك مۇقەددەس ئىش ئۈچۈن كىشىلەرنى تالڭ قالدۇرغىدەك يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئاخىرىدا، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن! كۆپچىلىكنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە مول ھوسۇل تىلەيمەن.

1995 - يىلى 16 - ئۆكتەبىر

جانابىل

# ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى 5- قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى 3- قۇرۇلتىيىدا قىلىنغان سۆز

(1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

ۋەكىللەر، يولداشلار، دوستلار:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى ئەمدىلا تەبرىكلەپ تۇرۇشىمىزغا پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خىزمەتلەرگە ئاتلىنىپ كەتتى. مۇشۇنداق پەيتتە، ھەرمىللەت ئەدەبىيات خادىملىرى ۋە خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى 5-قۇرۇلتىيى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى 3 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالدى. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، قۇرۇلتايغا قاتناشقان ھەرمىللەت يازغۇچىلىرى، خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى كونا- يېڭى دوستلارغا سەمىمىي سالام يوللايمەن.

پارتىيىمىز ئەزەلدىن ئەدەبىيات -سەنئەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش ئەنئەنىسىگە ئىگە. مەيلى پارتىيىنىڭ يولداش ماۋزېدۇڭ يادرولۇقىدىكى 1 - ئەۋلاد رەھبەرلىرى بولسۇن، ياكى يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2 - ئەۋلاد رەھبەرلىرى بولسۇن ۋە ياكى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3 - ئەۋلاد رەھبەرلىرى بولسۇن، ھەممىسىلا ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىلدە، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدا بىر مۇنچە يېتەكچى فاڭجېنلارنى تۈزۈپ بەردى. 1994 - يىلىنىڭ بېشىدا يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا شەرھلىگەن تەشۋىقات، ئىدىيىۋى خىزمەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىبلىنامىسى، تۆت تۈپ ۋەزىپىسىنىڭ ئىچىدە كىشىلەرگە نادىر ئەسەر ئارقىلىق ئىلھام بېرىش دېگەن ماددا بار. جياڭ زېمىن بۇ يىلىنىڭ بېشىدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈملىرى باشلىقلىرى يىغىنىدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى

www.uyghurkitap.com



تەربىيىلەش بويىچە «تۆت بىر تۇركۇم» ئۈستىدە توختالغاندا، «دەۋر قەدىمىگە يېقىن ئەگىشىپ ماڭىدىغان، ۋەتەننى ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى بىر تۇركۇم يازغۇچى، سەنئەتكارلار» نى تەربىيىلەش كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى. يېقىندا يولداش جياڭ زېمىن يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «رومان، باللار ئەدەبىياتى، كىنو -تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى تۇتۇپ، كىشىلەرنى پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، روھىي دۇنياسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.» مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى نۇقتىلىق تۇتقان «بەش بىر قۇرۇلۇشى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت. مەيلى «ئۈچ چوڭ ئىجادىيەت» بولسۇن، مەيلى «بەش بىر قۇرۇلۇشى» بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە زور تېمىدىكى ئىجادىيەتنى، نادىر ئەسەرلەرنى تۇتۇش ئارقىلىق، ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئۇنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، مەدەنىيەت بايلىقى ئىنتايىن مول. مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا توپلىغان گۈزەل، رەڭدار مەدەنىيىتى ۋەتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بايلىق، بىز بۇ ئەۋزەللىكنى چوقۇم ئىنتايىن قەدىرلەپ، ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ھەرمىللەت مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بۇ بىر قانچە يىلدىن بېرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، باشلىنىش نۇقتىمىز تۆۋەنرەك بولغاچقا، ھەرقايسى جەھەتتىكى ئىشلىرىمىز بىر قەدەر ئارقىدا، پۇل خەجلەيدىغان جاي كۆپ، ئەدەبىيات-سەنئەتكە سېلىنىغان سېلىنما يېتىشمەيۋاتىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقنى يىگىشتە، ئاساسلىقى، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا تايىنىش كېرەك. ئەمما ئەدەبىيات-سەنئەت قۇرۇلۇشىنى ئىگىلىك يۇكسەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئېلىپ بارىمىز دەپ كۈتۈپ ئولتۇرساق بولمايدۇ.

يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا قىلغان سۆزىدە «ھەر قانداق ئەھۋالدا، مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىگىلىكنىڭ بىر مەھەللىك تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ» دېگەن سۆز بار. شۇڭا، مېنىڭچە، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز دېگىز ياقىسى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىدىنمۇ چوڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان كەسىپنى قەدىرلەش، پىداكارانە روھ بىلەن تىرىشىپ، ئۇلۇغ دەۋرىمىزگە مۇناسىپ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشى لازىم.

يازغۇچىلار جەمئىيىتى 4-قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتى 2-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلغىنىغا ھازىرغىچە ئالتە يىل بولدى. بۇ ئالتە يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى 4-نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسەتنىڭ خىزمەتلىرى ئومۇمەن بىر قەدەر ياخشى، نەتىجىلىك بولدى. يازغۇچىلارنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىش، ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى توغرىلاشقا ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يازغۇچىلارنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە تەشكىللەش، ھەر خىل ئىلمىي

مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كۆپ ئەجىر قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى جاپاغا چىداپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلۈكسىز ئىزلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە كۆپلەپ ئېسىل مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلدى. نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ئىچى-سىرتىدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنلىرى ۋە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. ئەدەبىياتچىلار قوشۇنىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە زورايتىش، يېڭى ئەدىبلەرنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە بىر مۇنچە خىزمەتلەر ئىشلەندى. خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتى خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، ئېپوسلارنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش، مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتى نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش، تەتقىق قىلىش كەلگۈسىگە پايدىلىق زور قۇرۇلۇش، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، مىللىي ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش يولىدىكى ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت. بەزىلەر بۇ خىزمەتنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى سەددىچىن سېپىلىغا ئوخشىتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئوخشىتىش مۇبالىغە ئەمەس. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بۇ نەتىجىلەر ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە ۋە تەتقىقات خىزمىتىگە پايدىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋالدا قولغا كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن نەتىجىلەرنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى 4-نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسىتىنىڭ خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇلار نەتىجىلىك خىزمەت ئىشلىدى.

يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئىككى جەمئىيەت بۇلتۇرلا نۆۋەت ئالماشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ ئىككى جەمئىيەتنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، بۇلتۇر يىل ئاخىرىدىن باشلاپ بىر قىسىم يولداشلارنى ئاجرىتىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەنىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ ئىككى جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىگە يېڭىدىن كىرگۈزۈلىدىغانلارنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلدى. بۇلار: 1. سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، كەسپىي جەھەتتە پىشقان بولۇش، يولداشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان، بىر قەدەر كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان بولۇش؛ 2. شۇ جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىگە كۆيۈنىدىغان، مەلۇم تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت ئىقتىدارىغا، يول ئېچىش روھى ۋە تۆھپە يارىتىش روھىغا ئىگە بولغان بولۇش، ئىستىلى دۇرۇس بولۇش؛ 3. مىللەتلەر قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئاپپاراتنىڭ نىسبىتى بويىچە بولۇش، ياش قۇرۇلمىسى جەھەتتە، ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاشقا ئەھمىيەت

www.uyghurkitap.com



بېرىشتىن ئىبارەت. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ ئىككى جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىگە قاتنىشىدىغانلارنى تەكشۈرۈپ، يىغىندا چۈشكەن پىكىرلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئاڭلاپ، ئاخىرىدا بەنزە ئەزالىرىنىڭ نامزاتى ھەققىدىكى تەكلىپ تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە سۇندى.

تۆۋەندە مەن كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا بىرنەچچە تۈرلۈك پىكىرىمنى قويۇپ ئۆتىمەن: بىرىنچى، نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە كەسپىي ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇش، نۆۋەتتە، ئالدى بىلەن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى شۇكى، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىش كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. ئۇنىڭدا دۆلەت بۇندىن كېيىن ئىقتىسادنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋە تەرەققىيات پىلانىنى تۈزگەندە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىغا خېلى زور دەرىجىدە ئېتىبار بېرىدۇ، دېگەن مۇھىم بىر مەزمۇن بار. شىنجاڭ دەل زور كۆلەمدە ئېچىش، چوڭ تەرەققىيات ھارپىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىز ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىمىزدە مۇشۇ چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم. يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىز ئىشىك-دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ، ئۆيدىن چىقىپ، شىنجاڭنىڭ زور ئىجتىمائىي تەرەققىيات تومۇرىنى تۇتۇشى كېرەك. خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىمۇ شۇنداق. شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ زور كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىشىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش خىزمىتى ئىنتايىن جىددىي خىزمەتكە ئايلاندى. بۇ خىزمەتنى قانچە بالدۇر، تېز ئىشلىگەنسېرى، شۇنچە تەشەببۇسكار بولغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، بۇ يىل يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىدە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» ۋە «ئۈچ چوڭ ئىجادىيەت»نى تۇتۇشنى باشلامچى قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنى نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تۇتۇش يولى بىلەن يېتەكلەش ۋە گۈللەندۈرۈش لازىم. يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۆز خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ئەھۋال، يېڭى يول ئۈستىدە ئىزلىنىپ، يازغۇچىلارنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە يېتەكلەپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپلىقىنى قوزغىشى لازىم. بۇ ئىككى يىلدا بىز شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىۋاتقانلىقىنى، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان نۇرغۇن چوڭ-چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، مەسىلەن: ئاسىيا ــ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، قۇملۇق تاشيولى، ئوپتىكىلىق كابېل قۇرۇلۇشى، جەنۇبىي شىنجاڭدا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى، نېفىت قېزىش ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش، قازاق چارۋىچىلىرىنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش، يەرلىك سودا، چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلارنىڭ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئالاھىدە يېزىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى روشەن ھېس قىلماقتىمىز. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى مېخانىزمىمۇ ماسلىشىش ۋە تەڭشەش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. شۇنىڭدەك

مەدەنىيەت شەكلى كۆنسايىن كۆپىيىۋاتقان، ئاممىنىڭ زوقلىنىش ئادىتىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا يازغۇچى-سەنئەتكارلىرىمىزمۇ كىتابخانلارنى تەتقىق قىلىش، كىتابخانلارنى قولغا كەلتۈرۈش، كىتابخانلارنى يېتەكلەش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قارىسىغا ئىشلىسەك، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكمىسەك، كىتابخانلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىشىنى ئىگىلىمىسەك، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تونۇشمىساق، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ئازسانلىق مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ناھايىتى قىيىن ھەم تەسىرى ئىنتايىن كەڭ كەسپىي خىزمەت. بۇ خىزمەت جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج، ئۇنى ئىلمىي خىزمەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىشلەش، ئىلمىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىش، پۇختا ئاساس سېلىشتەك ئۈگىنىش ئىستىلى، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە خىزمەتنى يەنىمۇ ئىنچىكە ئىشلەش يولى بىلەن ئىشلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا چىن، ئىشەنچلىك، مۇكەممەل، سىستېمىلىق، ئىلمىي بولغان خەلق ئەدەبىياتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قالدۇرۇشىمىز كېرەك. ئۈچىنچى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەيئەت رىياسىتى ۋە خەلق ئەدەبىيات -سەنئەتچىلىرى ھەيئەت رىياسىتى ئىتتىپاقلىقنى، مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى، ھەممىشە ئويىبېكتىپ قىيىنچىلىقنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالماي ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىنىڭ يېتەرلىك بولغان - بولمىغانلىقىنىمۇ كۆرۈشى كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا سالىدىغان سېلىنمىسى تەدرىجىي كۆپىيىپ بارىدۇ. بىز ئۆزىمىز بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، تېخىمۇ كۆپ قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز بىرلىكتە تىرىشىدىغانلا بولساق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە ۋە خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىدە چوقۇم يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايمىز.

ئاخىرىدا ھەر مىللەت ۋەكىللىرىدىن يەنە بىر قېتىم ھال سورايمەن. ئالدىنقى نۆۋەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەيئەت رىياسىتى ۋە ئالدىنقى نۆۋەتلىك خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيان ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن،ھەمدە يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە تېخىمۇ چوڭ نەتىجىلەرنى يارىتىشىنى، تېنىڭلارنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن، قۇرۇلتايغا تولۇق مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!

قەييۇم تۇردى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5-قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز

ۋەكىللەر، يولداشلار، دوستلار:

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلگەن، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 46 يىللىقى، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلەنگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك خېلىدىن بېرى قىزغىن كۈتۈپ كېلىۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5-قۇرۇلتىيى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ 3-قۇرۇلتىيى ھازىر رەسمىي باشلاندى. مەن ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسى ۋە ھەيئەت رىياسىتىگە ۋەكالىتەن بۈگۈنكى كاتتا يىغىنىمىزغا قاتناشقان رەھبەرلەر، مېھمانلار ۋە ئىككى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

ئىككى جەمئىيەتنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايلىرى ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تەدرىجىي بەرپا قىلىنىۋاتقان، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقان ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ۋە ھالقىلىق پەيتتە چاقىرىلدى. بۇ قۇرۇلتايلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئۆتكەن بىر مەزگىللىك نەتىجە -مۇۋەپپەقىيەت ۋە تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشلارنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىنى دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن سايلاپ چىقىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. مەن ئىشىنىمەنكى، قۇرۇلتاي ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، ھەر مىللەت ئەدەبىيات -سەنئەت خادىملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئورتاق ئالغا بېسىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشتا جەزمەن ئاكتىپ ۋە كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى

ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتەك ئورتاق ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ تۈردە چوڭقۇر ئىزلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشان ۋە تەرەققىيات پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇناسىپ تۆھپە قوشىدۇ.

بۇ ئىككى جەمئىيەتنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن ھازىرغىچە ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. ئالتە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسى، ھەيئەت رىياسەتچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە، تۈت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋر روھى بىلەن ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۆپلەپ ئېسىل ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا كاتتا تۆھپە قوشتى. ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتىگە تىرىشىپ ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى خەلق بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشتۈرۈشتە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىدا ۋە ئىجادىيەتتە يېڭى بىر گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى دېگىنىمىزدە، ئالدى بىلەن ئەدەبىيات ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر ئىخلاس قىلغان كۆپلىگەن يازغۇچىلارنىڭ بىپايان تۇرمۇشقا، قايىتام - تاشقىنلىق ئىسلاھات دولقۇنىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دەۋر رىتىمىغا ۋە خەلق قەلبىگە مۇناسىپ بىرمۇنچە ئېسىل ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى ۋە كۆپلىگەن بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، كۆپ تىللىق ۋە ئۈمىدلىك ياش، ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچىلارنىڭ خۇددى باھار نوتىلىرىدەك لەپپىدە كوتۇرۇلۇپ چىقىپ ئەدەبىيات سېپىمىزگە قوشۇلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز، ئەلۋەتتە. بىز يەنە بۇ يىللاردا خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى خىزمىتى، ئۈچ توپلام خىزمىتى، بولۇپمۇ ئۈچ چوڭ ئېپوس «ماناس»، «جاڭغىر»، «گېسىر» خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر دۆلەت ئىچى -سىرتىدا كاتتا تەسىر قوزغاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى ھەقلىق يوسۇندا ئۈچ چوڭ ئېپوس تەتقىقاتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى خۇشاللىق بىلەن كۆردۇق.

بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئىسلاھات، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ ناھايىتى زور ھاياتىي كۈچ ۋە رىغبەت بەخش ئەتتى.

يولداشلار، نەتىجە زور، ساۋاقلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. بىز بۇ يەردە نەتىجىلىرىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلپى ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭ پەرق بارلىقىنى كەمتەرلىك ۋە رېئال پوزىتسىيە بىلەن كۆرۈشىمىز لازىم. شۇنداقلا پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە دادىل ئىزلىنىپ، ئىجادىيەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش لازىملىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. ئاپتونوم

www.uyghurkitap.com

رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتىشسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، تىرىشىپ بىرنىيەت، بىرمەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاساسىي مۇقامنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى خەلققە تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق ئارزۇ ئۈستىدە بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشىمىز ۋە ئىزلىنىشىمىز لازىم. ئاساسىي مۇقامنى گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىدا كۆپ خىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش؛ ئاساسىي مۇقام بىلەن كۆپ خىل بولۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ تېما، ئۇسلۇب، شەكىل ۋە ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە «ئىككى ئۈچۈن» خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە ئېچىلىش - سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش؛ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش، قاتماللاشتۇرۇپ قويۇش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۇقۇملاشتۇرۇپ قويۇشتىن تىرىشىپ ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش لازىم.

ھەممىگە ئايانكى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى جەريانى ئۇلۇغۋار ئىجادىيەت ئىنتىلىشلىرى بىلەن تولۇپ- تاشقان جەريان ۋە گۈللەندۈرۈش جەريانى، ئۇنى ئاددىي ھالدا بىر نەچچە كىتاب يېزىش جەريانى دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ئۇلۇغ دەۋرىمىزگە مۇناسىپ ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يارىتىش جەريانى دەپ بىلىشىمىز ۋە مۇشۇ نىشان ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزۇپ، يېڭى يول، تۆھپە يارىتىشىمىز كېرەك. يازغۇچىلار جەمئىيىتى «بەش بىر قۇرۇلۇشى» خىزمىتىنى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ باشلامچىسى قىلىپ، رومان، كىنو - تېلېۋىزىيە ۋە باللار ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم نۇقتا ئىجادىيىتىنى كۈچەيتىپ، ئىختىساس ئىگىلىرى بىلەن ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، يېڭى دەۋر تەلپىگە ئۇيغۇن گۈللىنىش مەنزىسىنى يارىتىشى؛ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە قوغداشتەك مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئۈچ توپلام، ئۈچ چوڭ ئېپوسنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى قىياپەت يارىتىشى لازىم.

يېقىنقى بىر قانچە يىل مابەينىدە تاۋار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئارقىسىدا ئەدەبىيات- سەنئەت قوشۇنىمىزدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە بەزى ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقتى، پۇلغا چوقۇنۇش، مەنپەئەتپەرەسلىك، تەسىر كۈچى دائىرىسى تالىشىش، قالايمىقان ماختاش - چۆكۈرۈشكە ھەۋەس قىلىش، چېچىلاڭغۇلۇققا ئوخشاش بەزى ناچار ئىللەتلەرمۇ باش كۆتۈرۈپ قالدى، بۇ، ئېنىقكى، تۈزۈق يول. ئەمما بىز شۇنىمۇ خۇشاللىق بىلەن كۆرۈپ يەتتۇقكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە خېلى كۆپ يازغۇچى، سەنئەتكارلار بەدىئىي ئىجادىيەت مۇساپىسىنىڭ قانچىلىك مۇشكۈل جاپالىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا ئۈز ئەمەلىيىتىدە راھەت-پاراغەت قوغلاشماي، خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى، ئالىيجاناب ساداقىتى ۋە پەزىلىتىنى ئىپادىلەپ، تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز بۇنداق تۆھپىكارلارغا چىن قەلبىمىزدىن قايىللىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

خەلقلەر دوستلۇقى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق ئۆتۈشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىزم يولى - سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى .

بۇ قېتىمقى ئىككى جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئىرىشىپ ھەر مىللەت ئىجادكارلىرى ئىتتىپاقلاشقان، ئۆزئارا قوللاشقان ۋە ئۈمىدكە تولغان يىغىن قىلىپ ئېچىشىمىز، يولداش جياڭ زېمىننىڭ «كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش» تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەپ، ئەڭ ئېسىل ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى خەلققە تەقدىم قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم. شۇنداقلا بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشنى ھەر بىر كىشى كۆزدىن، رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىنى ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىگە، جەڭگىۋارلىققا، ئىلمىيلىككە ئىگە قوشۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

يولداشلار:

يېڭى ۋەزىيەت ۋە تەرەققىيات ئارزۇسى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى ۋە ئىجادىيەتنى ياخشى پۇرسەت-ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتمەكتە. بىز بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ ئىگىلەپ، دەۋر بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئوبدان ئادا قىلىپ، ئىسلاھات، قۇرۇلۇش دولقۇنىدىكى يېڭى شەيئى، يېڭى كىشى ۋە زامانىمىز قەھرىمانلىرىنىڭ ئىلھام بەخش ئوبرازىنى ئىرىشىپ يارىتىپ، دەۋرگە، خەلققە مۇناسىپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىيات تارىخىدا كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان يېڭى، ئىلھام بەخش مەنزىرە ۋە سەھىپە يارىتىشىمىز لازىم.

قۇرۇلتايغا مۇۋەپپەقىيەت، ۋەكىللەرنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن. رەھمەت.

---

(بېشى 31 - بەتتە)

- ياق.

- ئىلاج بار مۇئەللىم دېگەنگە ئۆيلۈك يەر بەرمەيدىغان ئىشكەن.

- مۇئەللىم دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تۈلكىنىڭ ئۆزى. ھە دېسىلا ئادەمگە سىياسەت سۆزلەپ تويغۇزىدۇ.

- بىزنىڭ دادۈيدىمۇ بىر مۇئەللىمچاق بار ئىدى، بىر كۈنى ماڭا تېخى تەنبىھ بېرىۋاتامدۇ، «ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ مائارىپىنى قوللاش، يار-يۆلەك بولۇش مەجبۇرىيىتى بار، سىلى جىم تۇرۇۋالسىلا بولمايدۇ» دەپ كانىدەك چاپلىشىۋالدى. مەن ئۇنىڭغا «ئۇكا، مائاشنى ھارام يېمە، بولمىسا مائاشىڭنى ماڭا بەرگىنە، مەن مەكتەپ دېگەنگە باللارنى ياغدۇرۇۋېتەي» دېسەم يەنە بېزىرىپ تۇرىدۇ. يولۇمغا كېتىۋەردىم.

تۇرسۇن شۇجى زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرسىمۇ، كۆڭلىنى بىر تالاي ئويلار چىرمىۋالغانىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭغا يانداشىپ ئولتۇرغان ئابدۇغېنى پەس ئاۋازدا دېدى:

- شۇجى بىلدىلىمۇ، تۈلكە ئۇۋىسىدىن چىقىپتۇ.

تۇرسۇن شۇجى ئابدۇغېنىنىڭ بۇ سۆزىدىن قانداقتۇر بىر خىل يوچۇن مەنىنى بىلگەندەك قىلدى-دە، كۆز ئالدى يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

www.uyghurkitap.com

چىن بەيجۇڭ

# ئىنتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرەيلى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى 1989 - يىلى 3 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەندىن بۇيان، بۈگۈنگىچە ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى.

بۇ ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە، يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسى ۋە ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، «ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئەزالارنى ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشى ۋە مىللەت قارىشىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت دەۋر تۇرمۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئېقىمىغا پائال ئاتلىنىپ، تىرىشىپ ئىجاد قىلىش، ئۈزلۈكسىز ئىزلىنىشكە يېتەكلەپ ۋە ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن مەزمۇنى ساغلام ھەم يۈكسەك، شەكلى خىلمۇ خىل مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ تەقدىم قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. گەرچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى تاۋار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ زەربىسى ۋە خىرىسىغا، پۇلغا چوقۇنۇش، راھەتپەرەسلىك، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكنىڭ قاتتىق كاشىلىسىغا ئۇچراپ، خىراجەتنىڭ قىس بولۇشى، ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى، مۇنتىزىم ئەدەبىيات مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىنىڭ كاساتلىشىشى تۈپەيلى مىسلى كۆرۈلمىگەن مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغان بولسىمۇ، كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ئىشلىرى مۈشكۈلچىلىك ئىچىدە مەزمۇت قەدەملەر بىلەن راۋاجلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى؛ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، كىشىلەرنى ئالىيجاناب روھ بىلەن يېتىلدۈرۈش، ئېسىل ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش جەھەتتە، بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم،

سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ئارقىلىق ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەش جەھەتتە، باشقا تارماقلار ئۈستىگە ئالالمايدىغان مەسئۇلىيەت ۋە ئالاھىدە رولىنى ئادا قىلماقتا.

ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى كەسپىي، ئابمۇي ۋە مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت فۇنكسىيىسىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا تۆۋەندىكىچە خىزمەتلەرنى كونكرېت قانات يايدۇردى:

بىرىنچى، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇلۇپ، ئىجادىيەت ئىدىيىسى توغرىلاندى، بىز ئالتە يىل مابەينىدە، ھەر مىللەت ئاپتورلىرىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدىكى يولىيورۇقلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇزلۇكسىز يېتەكلەپ ۋە تەشكىللەپ، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى قورۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل خاتا ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردۇق. مەسىلەن: 1990 ـ يىلى جەمئىيىتىمىز ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ ئەزالىرى ۋە ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 43 نەپەر ئەزا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى، جەمئىيىتىمىز كېيىن يەنە دېڭ شياۋپىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى مۇھاكىمە كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 100 دىن ئارتۇق ئەزا قاتناشتى. بىز 1991 ـ ۋە 1992 ـ يىلى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ۋە «نۇتۇق» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىككى قېتىم چوڭ كۆلەملىك خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق، كۆپ قېتىم ئۆگىنىش كۇرسى ۋە سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يولىيورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش بىلەن ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى قايتا ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قانداق بەرپا قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە «شىنجاڭ گېزىتى» بىلەن بىرلىكتە ئىككى قېتىم مەخسۇس خاتىرىلەش ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدۇق. 1993 ـ يىلدىن بېرى پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چاقىرغان تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «بازار ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت» تېمىسىدا كۆپ قېتىم مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە، جۇملىدىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، رىقابەتنى كۈچۈيىلەش ۋە بازار ئىگىلىكىنى ئىزىغا سېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە مەركەزلىك ئىزلەندۇق. يىغىندىن بۇيان، بىز كۆپ قېتىم كەسپىي يازغۇچىلار ۋە ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىنى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ياخشى تۇتۇش توغرىسىدىكى مۇھىم نۇتۇقلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىنى ھەمدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى، جاپا ـ مۇشەققەتلىكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورتاق تونۇشقا كەلدۇق. بۇ ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە پائالىيەتلىرى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، بەزى مۇجمەل قاراشلار ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئىدىيە ۋە ئاڭ جەھەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېتىقاد يەنىمۇ چىڭىتىلىپ، نىشان تېخىمۇ ئايدىڭلىشىپ، دەۋر ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق كۈچەيتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ساغلام ۋە مۇقىم راۋاجلىنىشى ئىدىيىۋى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

ئىككىنچى، ھەر خىل ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىز خىراجەت قىس بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىق يوللار بىلەن خىلمۇ خىل ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. 1991 ـ ۋە 1992 ـ يىللىرى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا سوۋغا تەقدىم قىلىش ۋە 90 ـ يىللاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر بويىچە ئۇدا ئىككى قېتىم ئەسەر قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق. شۇنىڭ بىلەن رېئال تۇرمۇش ۋە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى، بۇنىڭدىن 40 ئەسەر مۇكاپاتلاندى. يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە دائىر ئىنتايىن جانلىق مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. مەسىلەن، بىز ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىدىن ل. مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تېيىپجان ئېلىيېۋ، قازاق ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىدىن ئاقىت ئۇلۇمجى قاتارلىقلارنى خاتىرىلەش يىغىنلىرىنى جۈملىدىن، لىيۇ شياۋۋۇ، ۋاڭ يۇخۇ، ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، قۇرمانئەلى ئوسپان، شۈكۈر يالقىن، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي ھاياتىغا دائىر مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدۇق، شۇنداقلا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى، جۇڭگو تۇرپان قەلەمكەشلەر يىغىنى، غەربىي دىيار شېئىر ۋە ھېكايە ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى، بۈگۈنكى دەۋر قىرغىز ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى، بۈگۈنكى دەۋر شىبەئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى، جۈملىدىن جۇتاۋ نەسىرلىرى، مەھەممەت باغراشنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتى، جاۋگۇاڭمىڭ ۋە زېڭ يىڭنىڭ ھېكايىلىرى، سۇن تاۋنىڭ شېئىرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارنى ئۆتكۈزدۇق. بۇنىڭ بەزىلىرى بېيجىڭدا مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئورۇنلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىلدى. بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىجادىيەت كەيپىياتى جانلاندۇرۇلۇپ، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، نورمال ئەدەبىي تەنقىد قانات يايدۇرۇلدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

ئۈچىنچى، ئەدەبىيات قوشۇنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇلدى ۋە زورايتىلدى. يېڭى كىشىلەر بايقالدى ۋە يېتىشتۈرۈلدى. ئالتە يىل مابەينىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ سەپلىك ئەدەبىيات قوشۇنى ئىناق ـ ئىتتىپاق ھەم مۇقىم بولدى، بەلكى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ زورايدى. يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارمىقىدىكى ژۇرناللار قوشۇننى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۇيۇشتۇرۇش، بولۇپمۇ يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش ـ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھەر خىل ئىجادىيەت يىغىنلىرى، ئەسەر ئۆزگەرتىش يىغىنلىرى، ئەدەبىيات سىممىنارىيىلىرىدىن 120 قېتىمدىن ئارتۇق ئۆتكۈزۈلۈپ، قاتناشتۇرۇلغانلارنىڭ سانى 3000 ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ كەتكەن. «تارىم»، «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى»، «شۇغىلا»، «مىللىي يازغۇچىلار»، «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى» ژۇرناللىرى ئۇدا ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، جەمئىي ئون قاراردا 1000 غا يېقىن كۇرسانت تەربىيىلىدى، بەزى كۇرسانتلار تونۇلۇشقا باشلىدى. «تارىم» ژۇرنىلى «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىنى يولغا قويۇپ، ئۆزۈپ چىققان ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى مەخسۇس مۇكاپاتلىدى، شۇنىڭدەك ئۈمىدلىك ياش ئاپتورلار ئۈچۈن مەخسۇس «ئۈمىد چېچەكلىرى» دېگەن سەھىپىنى ئاچتى. يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىلگىرى - ئاخىر 22 نەپەر ئۈمىدلىك ياش يازغۇچىنى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئەدەبىياتتىكى يېڭى كۈچلەرنى ئەدەبىيات قوشۇنىغا ۋاقتىدا قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ھەر يىلى يېڭى ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى، بەش تۈركۈمدە 414 نەپەر ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 1145 كە يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى 808 نەپەر بولۇپ، % 70.5 نى ئىگىلەيدۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە 36 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىنىپ، ئومۇمىي ئەزا سانى 136 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى 87 نەپەر بولۇپ، % 64 نى ئىگىلەيدۇ. مانا بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىۋاتقانلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئېخىمۇ كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى، كەسپىي يازغۇچىلارنى توختام بىلەن تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى داۋاملاشتۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىجتىھات بىلەن ئىجاد قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. جەمئىيىتىمىزدە 1989 - يىلىلا كەسپىي يازغۇچىلارنى توختام بىلەن تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغانىدى. 1993 - يىلىغا كەلگەندە 1 - قارارنىڭ مۇددىتى توشتى ھەمدە بۇ تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەندى. 1994 - يىلى 2 - قارار توختام بىلەن تەكلىپ قىلىش باشلاندى. يىغىپ ئېيتقاندا، كەسپىي يازغۇچىلىقتىكى باقىۋەندىلىك تۈزۈمىنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش كەسپىي يازغۇچىلىق تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدىكى بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق بولدى. ئۇ كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىشكە، يوشۇرۇن ئىجادىيەت كۈچىگە ئىگە يېڭى كىشىلەرنى تاللاشقا، شۇنداقلا كەسپىي يازغۇچىلارنى نىشانلىق باشقۇرۇشقا پايدىلىق قىلىندى. يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدىمۇ مەخسۇس خىراجەت ھەل قىلىپ، چەكلىك پۇل ئاجرىتىپ، كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىجادىيەت پىلانىنى ئورۇندىشىغا بىر قەدەر ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى 12 نەپەر كەسپىي يازغۇچىنىڭ تولىسى يېزا - قىشلاق، زاۋۇت - كانلاردا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش بازىلىرىنى قۇرۇپ، يا ئۇزۇن مۇددەت ئاساسىي قاتلامدا تۇرمۇش كەچۈردى، يا قىسقا مۇددەت نۇقتىدا تۇردى، يا جايلارغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ، تۇرمۇشتىن يېڭى تەسىرات ئالدى؛ تاۋار ئىگىلىكى دولقۇنلىرىنىڭ زەربىسىگە قارىماي، ھەممىسى مۇنتىزىم ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىياتنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقىشقا تىرىشىپ، بەلگىلەنگەن ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، ياكى ئاشۇرۇپ

ئورۇنلىدى. ساناقلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1 - قارارلىق توختام مەزگىلىدە، كەسپىي يازغۇچىلار ھەر خىل ژانىردا جەمئىي 10 مىليون سۆزلۈكتىن ئارتۇق ئەسەر ئىجاد قىلدۇرغان، 53 توپلام نەشىر قىلدۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە 13 رومان بار، 35 ئەسەر مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلانغان. بەزى ئەسەرلەر نېمىس، ياپون، رۇس ۋە تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، چەت ئەللەردە ئېلان قىلىنغان. بۇ يىل ئاۋغۇستتا، يازغۇچىلار جەمئىيىتى كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت پىلانى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى ئۆگىنىلدى، مەركەز تەشۋىقات بۆلۈمى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى چاقىرغان مەملىكەتلىك ئىجادىيەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. رايونىمىزدىكى كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت پىلانى كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇ ئارقىلىق كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ دەۋر تۇيغۇسى ۋە نادىر ئەسەر ئېلىش رولى دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى.

بەشىنچى، ئەدەبىي ژۇرناللار ياخشى چىقىرىلىپ، ساپ ئەدەبىياتتا چىڭ تۇرۇلدى. يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە چىقىرىلىۋاتقان يەتتە ئەدەبىي ژۇرنالدا باش مۇھەررىر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئاساسلىقى، ژۇرنال چىقىرىش يۆنىلىشى ۋە مەقسىتى جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلدى، ژۇرناللارنىڭ ئورتاق كەسپىي پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە يېقىندىن ھەمكارلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى. شۇ مەقسەتتە ھەر پەسىلدە كەم دېگەندە بىر قېتىم باش مۇھەررىرلەر يىغىنى ئېچىش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە دائىر يوليورۇقلىرىنىڭ روھى ۋاقتى - ۋاقتىدا يەتكۈزۈلۈپ، نۆۋەتتە ژۇرناللار دۇچ كېلىۋاتقان ئورتاق مەسىلىلەر مۇلاھىزە قىلىنىپ، تەجرىبە ۋە ئۇچۇرلار ئالماشتۇرۇلۇپ، ژۇرنال چىقىرىش يۆنىلىشى توغرىلاندى. بىز ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۆزىمىزدە چىقىرىلىۋاتقان ژۇرناللارنى ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈپ، پەرقلەرنى تېپىپ، خىزمەتنى ياخشىلىدۇق. بۇ ئارقىلىق ژۇرناللار جامائەت پىكرىگە يېتەكچىلىك قىلىش رولىغا ئىنتايىن دىققەت قىلغانلىقى، ژۇرنال يۆنىلىشىنىڭ توغرا، مەزمۇنىنىڭ ئاكتىپ، ساغلام ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات ژۇرناللىرى خىراجەت قىس بولۇش، تىراژى چۈشۈپ كېتىشتەك مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدى، ژۇرناللارنىڭ ئەسلىدىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىشى ناھايىتى تەس بولۇپ قالدى. بىز بىر تەرەپتىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا كۆپ قېتىم ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ تەكلىپ بەردۇق؛ يەنە بىر تەرەپتىن ژۇرناللار بىلەن بىرلىكتە ژۇرناللارنىڭ مەۋجۇت تۇرۇشى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېگانە يولى ئۈستىدە ئورتاق ئىزلىنىپ، ژۇرناللار بىلەن 3 - كەسىپنى يولغا قويۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدۇق. ژۇرناللار مۇشكۈل شارائىتتا ساپ ئەدەبىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىياتنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىسىنى ساقلاپ، ھەر مىللەت كىتابخانلىرىنى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللىق مەنىۋى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، مىللەتلەرنىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە تېگىشلىك رول ئوينىدى.

ئالتىنچى، ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىپ، نەتىجىلەرنى كۆرەك قىلىش يۈزىسىدىن ھەر خىل ئەدەبىي مۇكاپات پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. بەش يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مابەينىدە، يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىلاج قىلىپ خىراجەت توپلاپ، كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. بۇلاردىن مۇھىم‌راقلىرى مۇنۇلار: 1989-، 1990 - يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئىجادىي ئەسەرلەر، ئوبزورلار، تەرجىمە ئەسەرلەر ۋە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت تۈر بويىچە باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، 120 ئەسەر، 21 نەپەر مۇنەۋۋەر مۇھەررىرنى مۇكاپاتلىدى، تۆت نەپەر پېشقەدەم مۇھەررىر شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ پائالىيەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مول نەتىجىلىرى مەركەزلىك نامايان قىلىندى. 1991- يىلى پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش، ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - نۆۋەتلىك بالىلار ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش، ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ «شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش» تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تونجى قېتىملىق باھالاپ مۇكاپاتلاشتا 84 ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1993 - يىلى يازغۇچىلار جەمئىيىتى قارىمىقىدىكى ژۇرناللار بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 90 - يىللاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقى تېمىسىدا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش بۇ زور تېمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، جەمئىيەتتىكى تەسىرى ناھايىتى زور بولدى، جەمئىيىتىمىز يەنە مەملىكەتلىك 3 - ۋە 4 - نۆۋەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشقا ئەسەر كۆرسىتىپ بەردى، كۆرسىتىلگەن ئەسەرلەردىن ئىككى نۆۋەتتە جەمئىي 22 ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، تۆت كىشى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەرجىمە مۇكاپاتىغا، بەش كىشى ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1991 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن يەنە تۆت نەپەر ياش يازغۇچى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ جۇڭخۋا ئەدەبىيات فوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن «جۇاڭ جۇڭۋېن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. بۇ باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق خېلى ساندىكى نادىر ئەسەرلەر تاللىنىش بىلەن بىللە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ئېتىبارى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇلدى.

يەتتىنچى، ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. 1989 - يىلدىن بۇيان، جەمئىيىتىمىز مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن زىيارەتكە كەلگەن يازغۇچىلاردىن 100دىن ئارتۇق ئادەم قېتىم كۈتۈۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاكىستان يازغۇچىلار ئۆمىكى، قازاقىستان يازغۇچىلار ئۆمىكى، تەيۋەن ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئۆمىكى ۋە ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن مەشھۇر يازغۇچى، ئوبزورچىلىرى بار. ئۆزىمىزدىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ توققۇز تۈركۈمدە روسىيە، قازاقىستان، گېرمانىيە، سىرىلانكا قاتارلىق ئەللەرنى زىيارەت قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىلدى. ئىچكىرىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان جايلارنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەنلەر 100 ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، بولۇپمۇ 1992 - يىلى تەشكىل قىلىنغان شىنجاڭ ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ جەنۇبىي جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى شىئەن، شاڭخەي، خاڭجۇ، جۇخەي، شېنجېن قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ، 40 كۈندە 20 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول باستى. چەت - ياقا رايونلاردا ياشاۋاتقان ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ شۇنچىلىك يىراق جايلارغا بېرىپ، كۆپنى كۆرۈپ، ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىراتلارغا

ئىگە بولۇشى بۇرۇن بولۇپ باقمىغان، بۇ ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ۋە ئۇچۇرلىرى ئالماشتۇرۇلۇپ، يازغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە ئېڭى كۈچەيتىلىپلا قالماستىن، شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئېلىمىز ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىسىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشى كۆۋرۈكلۈك رولغا ئىگە بولدى.

قىسقىسى، ئالتە يىل مابەينىدە، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرى نورمال، تەرتىپلىك ھەم ئۈنۈملۈك بولدى. لېكىن بىز شۇنىمۇ كۆرۈپ يەتمەكتىمىزكى، بىزدە يەنە ئاز بولمىغان كەمچىلىك ۋە ئاجىزلىقلار ساقلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ تەلەپلىرىگە ماسلىشىشىمىز تەس بولۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئېسىل ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنى تۇتۇش جەھەتتە، چارىمىز ئاز بولدى، تەدبىرىمىز كۈچلۈك بولمىدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۆيلەنگەن بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر يەنىلا بەكمۇ ئاز؛ ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى جەھەتتە، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات ئىشلىرىنى زادى قانداق يولغا قويۇش لازىملىقى ھەققىدە بىزدە ئىلمىي، مۇكەممەل تونۇشمۇ كەم، ئىسلاھات قەدىمىمىز ئارقىدا، جەمئىيىتىمىز ۋە ژۇرناللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقتەك مۇشكۇل ئەھۋالدىن ھازىرغىچە تامامەن قۇتۇلۇپ كېتەلىگىنى يوق؛ ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىمىزنىڭ ئادەم سانى كۆپ بولغىنى بىلەن مەدەنىيەت ساپاسى، بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن. شۇڭا تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق، ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش ۋە ئالماشتۇرۇشلارنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئانچە ئىزچىل ۋە مۇنتىزىم بولمىدى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رىقابەت ۋە ئۇرغۇتۇش مېخانىزمى تۇرغۇزۇلمىدى، ئەدەبىي تەرجىمە، بولۇپمۇ مىللىي تىلدىكى ئەسەرلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنىڭ پاسسىپ ھالەتتە قېلىشى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى كەڭ كۆلەمدە ئالماشتۇرۇشقا، شۇنداقلا رايونىمىزدىكى مىللىي ئاپتورلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوبدانراق يۈزلىنىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە قۇرۇلغان بەش كومىتېت ھازىرغىچە نورمال پائالىيەت ئېلىپ بارالمىدى، ئەزالار بىلەن بولغان ئالاقە ئانچە كەڭ ۋە دائىملىق بولمايۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ئاھالە سانى ئاز بولغان مىللەت ئەزالىرى ۋە چەت - ياقا رايون، ئاساسىي قاتلامدىكى ئەزالار بىلەن بولغان ئالاقە تازا راۋان بولمايۋاتىدۇ، ۋەھاكازالار. بۇ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ژۇرناللارغا بېرىلمۇۋاتقان خىراجەتنىڭ يىلسايىن ئازلاپ، ئېغىر دەرىجىدە خىراجەت كەمچىل بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قەلەم ھەققى مەملىكەت ۋە شىنجاڭ بويىچە تۆۋەن ئۆلچەمگە چۈشۈپ قالدى، بەلكى بەزىدە ۋاقتىدا تارقىتىلمايۋاتىدۇ. نورمال ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىنىڭ بولماسلىقى ئىجادىيەت ساپاسىنىڭ يۇكسىلىشىگە ئېغىر تەسىر يەتمەكتە. شۇنداقلا ئىختىساسلىق كىشىلەر ۋە نادىر ئەسەرلەرنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولماقتا. بۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھەقلىق مۇلازىمەت ئىشلىرىنىڭ ئۇنۇمى تېخى گەۋدىلىك بولمىغاچقا، كەسپىي خىراجەتنىڭ كېمىنى تولۇقلاش ناھايىتى تەس بولۇۋاتىدۇ. قىسقىسى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا شەرت قىلىنغان ئەڭ توپ ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ يېتەرسىزلىك ۋە مەسىلىلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرىي تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئاستىدا بۇندىن

كېيىنكى خىزمەت جەريانىدا ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ خىزمىتىمىزگە قارىتا تەنقىد، تەكلىپ بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

ۋەكىللەر، بىز مىللەتلەر گۈللىنىشكە، دۆلەت قۇدرەتلىنىشكە يۈزلەنگەن ئۇلۇغ دەۋردە تۇرماقتىمىز. بىز قۇرۇلتاينى ئېچىۋاتقىنىمىزدا، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئەسىر ھالقىيدىغان سەلتەنەتلىك پىلاننى كۆرسىتىپ بەردى، بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان كۈرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۇلۇغ ئۆزگىرىش دەۋرى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىگە بىپايان زېمىن ھازىرلاپ بەردى، تەڭدىشى يوق تۇرمۇش مەنبەسىنى يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىيات خىزمىتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى. يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمەت يىغىنىدا ئىدىيە، مەدەنىيەت سېپىگە تۆت تۈرلۈك ۋەزىپىنى - كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، كىشىلەرنى توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، كىشىلەرنى ئالىيجاناب روھ بىلەن يارىتىش، كىشىلەرگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھام بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئەدەبىياتنى (بولۇپمۇ رومانچىلىقنى)، كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە بالىلار ئەدەبىياتىنى ياخشى تۇتۇشنى نۇقتىلىق تەكىتلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىدىن جەمئىيەتكە، ئەۋلادلارغا، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن ئۆچمەس مەشھۇر ئەسەرلەر، كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى يارىتىشنى، بالىلار ياقتۇرىدىغان، بەدىئىي جەلپكارلىققا ئىگە بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، كىشىلەرنى تەربىيىلەش، تاۋلاش، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. مانا بۇلار يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ تۈپ نىشانىنى، ئەسىر ھالقىيدىغان ئېنىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە ئالدىدا، بىزنىڭ خىزمەت شەكلىمىز ۋە خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىش بولۇشى زۆرۈر. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيىمىز پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئېچىلدى. ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان قۇرۇلتاي بولدى، ئىتتىپاقلىشىش، غەيرەتكە كېلىش، ئەدەبىياتنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى كۈتۈۋېلىش قۇرۇلتىيى بولدى. ئىشىنىمىزكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئورگىنى يېڭى ئەسىر نۇرىغا يۈزلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئېسىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش يولىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا يېڭى تۆھپىلەرنى قوشقۇسى!

چېن خۇگبو

# بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرەيلى

ۋەكىللەر، يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سەمىمىي غەمخورلۇقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە ئىككى كۈنلۈك قىزغىن، جىددىي ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە ئارقىلىق قۇرۇلتاي ئالدىن بەلگىلىگەن كۈنتەرتىپلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، بۈگۈن غەلىبە بىلەن يېپىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئىككى كۈندىن بېرى، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ يېقىندا سۆزلىگەن مۇقىملىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ قۇرۇلتىيىمىزغا ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل قاتارلىق يولداشلارنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ ئۆتتى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆتكەن ئالتە يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى يەكۈنلىدى، بۇندىن كېيىن ئىجادىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ياخشى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قۇرۇلتاي يەنە يولداش چېن بەيجۇڭنىڭ 4 - نۆۋەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى رەھبەرلىك ئورگىنىغا ۋەكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى، يولداش ۋاڭ رۇڭنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا بەرگەن چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ ئۆتتى.
قۇرۇلتاي يەنە 5 - نۆۋەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەيئەت رىياسىتىنى سايلاپ چىقتى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، ئىتتىپاقلىق قۇرۇلتىيى بولدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتقان قۇرۇلتاي بولدى، مەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسى ۋە ھەيئەت رىياسىتىگە ۋەكالىتەن يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن، سىلەرنىڭ بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، سەمىمىي نىيەت بىلەن ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئالتە يىلدىن بۇيان، ئالاقە باغلاش، تەشەببۇس قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپ تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى. مەن بۇ يەردە ئۆتكەن نۆۋەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەيئەت رىياسىتى، دائىمىي ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ جاپالىق خىزمەتلىرىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى ۋە ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى، ھەرقايسى مىللەت يازغۇچىلىرى ئىتتىپاقلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قاينىمىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزلىرىنى بېغىشلاپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى تىرىشىپ ياڭرىتىپ، يۇقىرى بەدىئىيلىك يولىدا ئىزلەندى، مەيلى تېما، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش ماھارىتىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش جەھەتلىرىدە بولسۇن ياكى دەۋر تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىش، چېگرا رايون ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە خەلق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتلىرىدە بولسۇن، بەلگىلىك يېڭىلىق ياراتتى ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن دەۋر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ھەرقايسى سەپلەردىكى قەھرىمان شەخسلەر مەدھىيىلەنگەن، كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دولقۇنىغا ئۆزىنى بېغىشلىشىغا ئىلھام بېرىدىغان زور بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. يازغۇچىلىرىمىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئەلۋەتتە، نەتىجىلەرنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەمىزدە يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك، بەزى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى، ئاساسىي قاتلامغا چۆكۈشى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چۆكۈشى تېخى يېتەرلىك ئەمەس، تەسىرى ھەقىقەتەن چوڭ، ئاپتونوم رايونىمىز، ھەتتا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە شۆھرەت قازانغان ئەسەرلەر كۆپ ئەمەس. ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتچىلىرى ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش تېخى يېتەرلىك ئەمەس، چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەيلى ئىجادىيەت يۆنىلىشى ۋە بەدىئىي سەۋىيە جەھەتتە بولسۇن، ئىزلىنىشكە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

يولداشلار، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىز چوقۇم يېڭى بىر باسقۇچقا كىرىدۇ. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنىدا تېخىمۇ ئاڭلىق، بايرىقى روشەن ھالدا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئىسلاھات،

ئىجچىتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوتتەك قايىنىمىغا ئۆزىمىزنى بېغىشلاپ، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم ۋە سوتسىيالىزمنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دەۋرگە مۇناسىپ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىمىز كېرەك. كۆز ئالدىمىزدىكى مۇھىم نۇقتا، يەنىلا باش شوئارى جىيالىك زېمىننىڭ يولىيورۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۈچ چوڭ ئەسەر» ئىجادىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، رايونىمىزنىڭ رومانچىلىق، كىنو - تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتى ۋە باللار ئەدەبىياتىدا يېڭى بۆسۈشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىمىز لازىم.

تۇرمۇش بىلەن ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەڭگۈ مەنبە بىلەن ئېقىننىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. بۈگۈنكىدەك ئۇلۇغ تارىخىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋردە ئەدەبىي ئىجادىيەت خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت بۇ مەنبەدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ. ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ھەقىقىي تۇردە تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە كۈچ سەرپ قىلىشى، ھەقىقىي تۇردە زاۋۇتلار، يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سەپىگە چوڭقۇر چۆكۈشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىشى، تۇرمۇشنى تونۇش، تەھلىل قىلىش، ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ياخشى ئىگىلەپ، جانلىق، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشى كېرەك. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئۆزىنى بېغىشلىشى ئۈچۈن روھىي جەھەتتىن مەدەت بېرىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى، يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى چوقۇم چىن دىل، سەمىمىي نىيەت بىلەن ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى، يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرىنى ھەقىقىي تۇردە ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ۋە ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئائىلىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئالدى بىلەن ئارقا سەپنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

بىرىنچى، مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش، كەسپىي يازغۇچىلار خىراجىتىنىڭ ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە باشقا كىرىملەر ئارقىلىق ئىجادىيەت راسخوتىنى يىلدىن يىلغا كۆپەيتىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىي ئىجادىيەت فوندى جەمئىيىتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، ھەر يىلى 20 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، مەملىكەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» دىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش كېرەك.

تۆتىنچى، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقىنى يەنىمۇ ياخشىلاش كېرەك.

بەشىنچى، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆزئۇنىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئالتىنچى، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت ياكى تېخىمۇ چوڭ دائىرىدىكى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش كېرەك.

يەتتىنچى، ھەر مىللەت ياش يازغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەر يىلى بىر قارار ياش يازغۇچىلار كۇرسى ئېچىش كېرەك.

سەككىزىنچى، نوپۇسى نىسبەتەن ئاز بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، مۇشۇ يىل ئىچىدە بىر قېتىم نوپۇسى 100 مىڭدىن تۆۋەن بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىش كېرەك.

توققۇزىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنى قۇرۇش نىشانىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇنى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت مەركىزى، تەتقىقات مەركىزى، ئەسەرلىرىنى ساقلاش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئونىنچى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەر يىلى بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئېچىۋېتىلگەن ئۆلكە، رايونلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەت قىلىشقا تەشكىللەپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۇندىن تاشقىرى، يەنە ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىغا ياخشى، ئازادە بىر سىياسىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشكە دىققەت قىلىش، ھەقىقىي ھالدا دېموكراتىيىمۇ بولغان، مەركەزلەشتۈرۈش بولغان، ئىرادە بىرلىكىمۇ، شەخسلەرنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكىمۇ بولغان جانلىق، ئېتىك سىياسىي ۋەزىيە يارىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان، ھەممە بەس بەستە سايرىغان، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ياخشى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

«ئىسلاھات، مۇقىملىق، تەرەققىيات» پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى. ئەدەبىيات ساھەسىمۇ بۇ چوڭ ۋەزىيەتكە بويسۇنۇشى، بۇ چوڭ ۋەزىيەتكە خىزمەت قىلىشى كېرەك. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز سەككىز رەھبەرنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇۋاتىدۇ، يولداش گاۋجەنشياڭ ۋە يولداش جەي تەيفېڭلار يېقىندا مەملىكەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتى يىغىنىدا ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. مۇقىملىقنى ساقلاش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىز ھەرقايسى مىللەت يازغۇچىلىرى مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، يازغۇچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ساھەسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ساھەسىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ تارىخ بىزگە بەخش ئەتكەن بۇرچ. شۇنداقلا كۆز ئالدىمىزدا بىز دىققەت قىلىشقا ۋە كۈچەيتىشكە تېگىشلىك بولغان بىر مەسىلە. بىز ئۆز ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز، مىللىي ئىتتىپاقلىق تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خەۋپ. ئەدەبىيات ساھەمىزمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى بايرىقى روشەن ھالدا قەتئىي كۆرەش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ژۇرناللىرىمىز توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشى، ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىغا تەربىيە ۋە ئىلھام بېرىشىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك. ئىتتىپاقلىق يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەت، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى تىرىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتىنى ساپلاشتۇرۇشى كېرەك. ھەمىشە ئىلگىرىكى كونا ھەق - ناھەقلەرگىلا ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، چوقۇم ھەقىقىي ھالدا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش كېرەك. ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ چوڭ ئىتتىپاقلىقىنى ھەقىقىي ھالدا شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە چاقىرىلغان، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان قۇرۇلتاي بولدى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، يولداشلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىدىغان، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل، ياخشى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدىكى تەلەپلىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، چاڭسا ئىجادىيەت يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرىدىغانلا بولسا، ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىيات باھارى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى 5 - قۇرۇلتىيىدا سايلانغان پەخرىي رەئىس، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەت ھەم ھەيئەتلەرنىڭ ئىسىملىكى

پەخرىي رەئىسلەر: ۋاڭ يۈيخۇ، چېن بېيجۇڭ

رەئىس: مەتتىمىن ھوشۇر

مۇئاۋىن رەئىسلەر (9 نەپەر): جاۋگۇاڭمىڭ (خەنزۇ)، زوردۇن سابىر، شامىس قۇمار (قازاق)، مەھەممەت شاۋۇدۇن، جۇتاۋ (خەنزۇ)، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، شى خې (خەنزۇ)، ئېرسىبېك (قىرغىز)، فۇسۇڭجى (موڭغۇل).

دائىمىي ھەيئەتلەر (27 نەپەر):

ئازاد سۇلتان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇن نىياز، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەيۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەتتىمىن ھوشۇر، نەيىم يۈسۈپ، ئىمىن ئەخمىدى، جۇتاۋ (خەنزۇ)، ۋاڭ رۇڭ (خەنزۇ)، ۋۇلىيەنزىڭ (خەنزۇ)، جاڭ شياۋخۇا (خەنزۇ)، جاۋگۇاڭمىڭ (خەنزۇ)، لى يۈ (خەنزۇ)، يۈشياڭمىڭ(خەنزۇ)، لىيۇبىڭ(خەنزۇ)، شى خې(خەنزۇ)، شاكەن(قازاق)، شامىس قۇمار(قازاق)، ئەبدەنباي(قازاق)، ئېرسىبېك(قىرغىز)، ساغە(موڭغۇل)، فۇسۇڭجى (موڭغۇل)، لى يۈچېن(خۇيزۇ)، تېمۇر گۆەنچىڭفۇ (شىبە).

ھەيئەتلەر (68 نەپەر):

ئابلىمىت سادىق، ئايشەم ئەخمەت، ئازاد سۇلتان، ئابلا ئەخمىدى، ئابدۇللا ماۋۇت، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئەمەت جاپپار، ئەخەت تۇردى، پولات ھېۋزۇللا، تۇرسۇن نىياز، تۇرسۇنمەھەممەت ئىمىن، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، خالىدە ئىسرائىل، راخمان مامۇت، زوردۇن سابىر، قەيۇم تۇردى، مۆيدىن سايىت، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەتتىمىن ھوشۇر، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مەھەممەت شانىياز، نەيىم يۈسۈپ، ئېزىز ماۋۇت، ئىمىن ئەخمىدى، لى گۇاڭجى (خەنزۇ)، جاۋگۇاڭمىڭ (خەنزۇ)، جۇتاۋ (خەنزۇ)، ۋاڭ رۇڭ (خەنزۇ)، لى يۈ (خەنزۇ)، ۋۇلىيەنزىڭ (خەنزۇ)، جاڭ شياۋخۇا (خەنزۇ)، جاڭ لى (خەنزۇ)، خېن زىيۇڭ (خەنزۇ)، جاڭ دىيى (خەنزۇ)، لىيۇبىڭ (خەنزۇ)، گوسۇڭيۈەن (خەنزۇ)، جېڭ شىنفۇ (خەنزۇ)، شى شياڭشېڭ (خەنزۇ)، لى چۈنخۇا (خەنزۇ)، ئەن دىڭيى (خەنزۇ)، شى خې (خەنزۇ)، فېڭ شۇ (خەنزۇ)، جاڭ خۇڭچاۋ (خەنزۇ)، شاكەن (قازاق)، شامىس (قازاق)، ئەبدەنباي(قازاق)، ئەخمەتوللا (قازاق)، زاداقان (قازاق)، قابىل (قازاق)، ئورازقان ئەخمەت (قازاق)، تۇرسۇنئالى (قازاق)، خەمزە (قازاق)، ئېركىش (قازاق)، دو. نەدە (موڭغۇل)، غا. گۆمبا (موڭغۇل)، ساغە (موڭغۇل)، دەنبى (موڭغۇل)، فۇسۇڭجى (موڭغۇل)، جۇماقادىر (قىرغىز)، جېڭىش ئىبراي(قىرغىز)، ئېرسىبېك (قىرغىز)، تەلئەت ناسىر (ئۆزبېك)، مۇنى تابىلدى (تاجىك)، گۆەن شۆلىن (مانجۇ)، لى يۈچېڭ (خۇيزۇ)، شى گې (خۇيزۇ)، تېمۇر گۆەنچىڭفۇ (شىبە).

www.uyghurkitap.com



ئەركىن ئەمەت

## ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى

ئەختەم ئۆمەر ـ پروزا ساھەسىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىشقا تىرىشىۋاتقان ياش يازغۇچى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىزنى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى، بولۇپمۇ يېزا مۇھىتى ۋە دېھقانلار خاراكتېرى بىلەن تېخىمۇ يېقىنىشىپ تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

تۆۋەندە مەن مۇشۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىمەن:

بىرىنچى، ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتىپلىقتا كۆرۈلىدۇ.

ئەختەم ئۆمەر رېئال تۇرمۇشتىكى ۋەقەلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇ، لېكىن ئۇ ۋەقەلىكلەر ۋۇۋىسىگە كۆمۈلۈپ قالماي، رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى، تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىدىكى تېپىك ئۆزگىرىشلەرنى تۇتۇپ تەسۋىرلەشكە ماھىر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق ۋەقەلىكلەرنى ئالدىن ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھىلەشنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تەبىئىي سەزگۈرلۈكى ۋە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا تايىنىپ، جەمئىيەتنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي، تەبىئىي مۇھىتنى جانلىق سۈرەتلەيدۇ. ھەتتا پېرسوناژلارنىڭ ئۆي-جاي، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكى قاتارلىقلارغىچە كىتابخانلارغا تولۇق تاپشۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ كونكرېت، ئىنچىكە تەسۋىرلەردىن ئەسەرنىڭ چىنلىقى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ ئامىللارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» پوۋېستىدا، پاتىمە نەچچە جىلغ تېرىق ئۈچۈن نومۇسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» پوۋېستىدا، ئىدرىس شۇجى ئۆز ھوقۇقىنى سەبىي قىزىنى سالى مۇدىرغا بېرىش ئارقىلىق ساقلاپ قالىدۇ. «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىدا، ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن ھاشىرخان شەپقەتسىزلىك بىلەن دادىسى تەرىپىدىن ئابدۇرېشىت داموللىغا دۇئا قىلدۇرۇۋېتىلىدۇ. «قىيامەتتە قالغان سەھرا» پوۋېستىدا، يېزا باشلىقى قول ئاستىدا ئىشلەۋاتقان ئاياللارنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىدۇ. يېزىدا ئاچارچىلىق بولۇپ ئادەملەر چىۋىندەك ئۆلۈپ كېتىۋاتقاندا نۇردۇن قاتارلىق ھوقۇقدارلار ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. مانا بۇلار بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىز كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغان، يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىغان شەپقەتسىز رېئاللىق ئىدى.

بىز ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بۇ خىل ئوبيېكتىپ، چىن بايانلاردىن ئاپتور يەتمەكچى بولغان كۈچلۈك خاھىشچانلىقنى بايقايمىز. ئۇ رېئاللىقنى ياسالمىلىقتىن خالىي ھالدا تەسۋىرلەپ، ئەسەرنىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ، سۇبيېكتىپلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىر مەنبەدىن يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ رېئالىزملىق قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ.

ئىككىنچى، ئەختەم ئۆمەر پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ياراتقاندا ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى پېرسوناژلارنىڭ كۆرۈشىنى يېزىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، دەل مۇشۇنداق بىر-بىرىگە قارشى ئىككى قۇتۇپتا تۇرىۋاتقان پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدىكى زىددىيەت، توقۇنۇشلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭ باشقا يازغۇچىلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرىمۇ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان پىنھان، نازۇك ئۆزگىرىشلەرنى تۇتۇپ ئىنچىكە سۈرەتلەپ بېرەلىگەنلىكىدە. ئۇ ئۆز سەزگۈرلۈكى ئارقىلىق باشقىلار قوپال، يىرگىنچلىك دەپ قارىغان جايدىن مېھىر-مۇھەببەتنى بايقايدۇ. باشقىلار تەلۋىلىك، بەدبۇيلىكنى كۆرگەن جايدىن ئەقىل-ئىدراك ۋە سەممىي قەلبنى كۆرەلەيدۇ. باشقىلار كۈچلۈكلۈك دەبدەبىسىنى كۆرگەن جايدىن ئۇ قەلب كۆزى ئارقىلىق ئاجىزلىق، ساختىلىقنى بايقايدۇ. «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە»دە، جامال ئەسەرنىڭ بېشىدىكى ساددا ئوقۇغۇچىدىن ئاخىرىدا تاش يۈرەك، نومۇسسىز ئادەمگە ئايلىنىپ، بىزدە خۇددى خاراكتېرى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. ئەمما بىز بۇ پېرسوناژنى ئادەم قەلبىدە گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ، ئاجىزلىق بىلەن كۈچلۈكلۈكنىڭ، ئەقىل-پاراسەت بىلەن بىخۇدلۇقنىڭ ھامان كۆرەش قىلىدىغانلىقى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ھاقارەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن چۈشكۈنلىشىپ، ئۆچ ئېلىش يولىنى تاللىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. مۇشۇنداق قارىمۇ قارشىلىق ئىچىدىكى زىددىيەت ۋە كۆرەشلەرنىڭ يالقۇنىدا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى تاۋلىنىپ، ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ.

«ئاھ، رەھىمسىز دەريا» پوۋېستىدا، توردى رەزگى نۇرغۇن بايلىقنىڭ ئىگىسى بولۇشقا قارىماي تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن راھەت-پاراغىتىدىن ۋاز كېچىپ، ياشلىقىدىكى سۆيگىنىگە بولغان سېغىنىشتىن مەنىۋى لەززەت ئېلىپ ياشايدۇ. ئەمما شۇ يېزىنىڭ بۇرۇنقى شۇجىسى ئىدرىس توردى رەزگىنىڭ بايلىقىنى كۆزلەپ، ۋاستە تاللىماي ئۆز قىزى ئارقىلىق مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇپ، توردى رەزگىنىڭ سۆيگىنىگە بولغان پاك مۇھەببىتىنى بۇلغىغىنىدا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى ئازابلىق كۆرەشكە دۇچ كېلىدۇ. يەنى بۇ يېزىدىكى ئەڭ بەدبەشرە ئادەم ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە يات ھالدا، يېمەي-ئىچمەي يىغقان يۈز نەچچە مىڭ يۈەن پۇلىنى ئۆز سۆيگىنىنى يۈتۈپ كەتكەن دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشقا ئىئانە قىلىۋېتىدۇ، شۇ ئارقىلىق قەلبىدىكى سۆيگىنىگە بولغان ساداقىتىنى ۋە مۇھەببىتىنىڭ پاكلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتى ۋە مىللىي روھ ھەققىدىكى بىلىمىدىن كەلگەن. ئەختەم ئۆمەر بىر قەدەر يۇقىرى پەللىدە تۇرۇپ، مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزەتكەن، شۇنداقلا بۇ تۇپراقتىكى ھەر بىر ئىنساننىڭ يۈرەك سىرىنى تىڭشىغان، ئۇ خۇددى يەر تەۋرەشنى خاتىرىلەش ئەسۋابى يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى تەۋرىنىشنى سېزىۋالغاندەك، كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ئازاب-ئوقۇبەت، ئارزۇ - ھەۋەس ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆچمەنلىكلىرىنى سىزىۋېلىشقا ماھىر. ئۇ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كېسەللىك مەنبەسىنى، زەھەرلىك ئۆسمىنى ۋە ئاسان مىكروبلىنىپ كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان ئاجىزلىقلارنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ بېرىپ، مىللەتنىڭ يېڭى مەدەنىيەتكە كۆچۈش يولىدىكى مەنىۋى توساقلارنى كۆرسىتىپ بېرەلىدى. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىدىيە جەھەتتىن يېڭى مەدەنىيەت بىلەن كونا مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى قاتلامنى ۋە پوزىتسىيە جەھەتتىكى كەسكىنلىكنى كۆرەلەيمىز.

ئەتىنچى، ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرىنىڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇشىدا ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى ماھارىتى ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ تىلىنىڭ ئىخچام، ئاددىي، تەبىئىي بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پروزىچىلىقىمىزدىكى دەبدەبىلىك سۆز-ئىبارىلەرنى قوغلىشىدىغان ۋە تىلىنىڭ جەزبىدارلىقىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ، قۇرۇق سۆپەتلەش سۆزلىرىنى كۆپ قوللىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ياساملىقلاردىن خالىي.

مەسىلەن:

شاپ بۇرۇت كېمىچى ۋارقىرىدى:

- ھاي، ھاي، ئانىسى شۇمەك سالغان ئەركەكلەر، جان لازىم بولسا دەرھال چۈشۈپ كېمىنى سۆرەڭلار! ھە، چاققان، ھەي، نېمانداق تاش ئېسىپ قويغاندەك ئولتۇرۇشىسەن، چۈشۈشمەمسەن! ؟-شۇئان ئەرلەر كۆڭلەك-تامباللىرىنى سېلىشىپ سۇغا سەكرەپ، كېمىنىڭ يوغان ھالقىسىغا چېگىلگەن ئارقاننى تۇتۇشتى. پاناق كېمىچى يەنە كېمە ئىچىگە قاراپ ۋارقىرىدى،- ھەي، ھەي، ئاۋۇ ئايالنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالغان سېمىز ئاداش، چۈش، ھېلى بىكار قايىنامغا تاشلايمەن! ياكى بولمىسا ئون سەككىز موچەنلىك رومالدىن بىرنى بېشىڭغا ئارتىپ ئولتۇر!

ئارقان تۇتقان ئادەملەردىن بىرى:

- ھەي ئاكا، ئۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى، ئۇ ئادەم چۈشمىگەنگە كېمە چىقماي قالمايدۇ، بولدى قىلىسىڭىز، - دېدى.

كېمىچى شۇئان ئۇ ئادەمنى ئاغزى-بۇرنىغىچە تويغۇزۇۋەتتى:

- كۆتۈرە ئۇنداق بەدىرەڭگە گېپىڭنى، بېرىپ ئېشەك بازىرىدا قىل! بۇ سېنىڭ سالا قىلىدىغان يېرىڭ ئەمەس، سۇ ھاكىمنى تونۇمايدۇ، بىلەمسەن، ھازىر كەلكۈن ۋاقتى، بايىقىدەك قىيان كېلىپ كېمىنى ئاغدۇرۇۋەتسە ھاكىم-پاكىمىڭ نەدە؟ جان بىلەن ئويناشما!

دېمەك ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزىگە خاس تىل ئارقىلىق روشەن يارىتىپ بېرىشكە ماھىر.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدىكى قىسقىچە كۆز قاراشلىرىم. مەن ئۇنىڭ تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# قايغۇلۇق خەۋەر



مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، يازغۇچى، شائىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ - مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئەزاسى، تەتقىقاتچى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو قەدىمكى يېزىق تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ھەيئىتى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، «بۇلاق» ، «تارىم» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئابدۇرېھىم تىلەشۇپ ئۆتكۈر كېسەل سەۋەبى بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1995 - يىلى 5 - ئۆكتەبىر ئۈرۈمچىدە بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ بۇ يىل 72 ياشقا كىرگەنىدى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1923 - يىلى قۇمۇل شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن . كىچىك چېغىدىن تارتىپا ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتقا قىزىققان. 1933 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئائىلىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1936 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1939 - يىلى شىنجاڭ شۆيۈەنگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1942 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك قىزلار مەكتىپىدە مۇئەللىم بولغان. 1945- يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى، «ئالتاي» نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئۆلكىلىك 2- دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1949 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1954- يىلى ئاپرېلغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىدا، شىنجاڭ ج خ كادىرلار مەكتىپىدە، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1963 - يىلىدىن 1967 - يىلىغىچە شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن كادىرلار مەكتىپىدە تىل مۇئەللىمى بولغان. 1978 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى

www.uyghurkitap.com



ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچىسى بولغان ۋە قوشۇمچە كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەم ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ، رۇس، پارس ۋە تۈرك تىل - يېزىقلىرى جەھەتتىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىدى.

ئۆتكۈر ئەپەندى 1939 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. 1942 - يىلىدىن باشلاپ «ئۆتكۈر» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. ئۇنىڭ شېئىر، ماقالە ۋە سەھنە ئەسەرلىرى، شۇنىڭدەك تەرجىمە ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە شىنجاڭ شۆبىەنىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى— «يېڭى نۇر»دا داۋاملىق ئېلان قىلىنغان. 1948 - يىلى تەڭرىتاغ (تيانشان) نەشرىياتى ئۇنىڭ «تارىم دەرياسى بويىدا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان ۋە شۇ يىلى ئۇ «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىپ چىققان.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۆتكۈر ئەپەندى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، لى بەي، دۇفۇلارنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ۋە «سەي ۋېنجى» ، «ليۇخۇلەن» ، «لى زىچىڭ» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆزى مۇستەقىل ياكى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلارغا تونۇشتۇردى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 -نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئۇرغۇپ تاشتى. ئۇ 1979 -يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە ئاساسەن «تۈركى تىللار دىۋانى» ھەم «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمى يەشمىسىنى ئىشلىدى ۋە بۇ ئىككى ئەسەرنى ئىزاھلاش، ئىزاھلىرىنى سىلىقلاشتۇرۇپ بېكىتىش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ 1986 - يىلى ئامېرىكىنىڭ لوس ئانگېلېس شەھىرىگە بېرىپ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل، ئەدەبىياتى ھەم تارىخى توغرىسىدىكى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، «< قۇتادغۇبىلىك > تەتقىقاتى جۇڭگودا» تېمىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ بۇ ئىلمىي ماقالىسى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى» ، «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە بايان» ، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ رۇبائىي شەكلى ۋە ئۇنىڭ سىيۇژىتى» قاتارلىق يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە نۇرغۇنلىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىلىرى ئىلمىز ۋە چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا كەڭ تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ «مەدەنىيەت ۋە سەنئەت» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى يېقىندا نەشىردىن چىقىدۇ.

ئۆتكۈر ئەپەندى ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىمۇ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئۇ 1979 -يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى كۆڭۈل قويۇپ تۈزىتىپ چىقتى. بۇ داستان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 -يىلى نەشر قىلىنىدى ۋە 1981 - يىلى تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1979 - يىلى ئۇ يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە رىۋايەت» ناملىق داستانىنى ئېلان قىلدى. 1981 - يىلى تارىخىي رومانى — «ئىز» نى يېزىپ چىقتى. بۇ رومان 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى.

شۇ يىلى يەنە ئۇنىڭ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمۇ نەشر قىلىندى. 1988 - يىلى ئۇنىڭ «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. 1993 - يىلى ئۇنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق ئىككىنچى تارىخىي رومانىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قىسمى ئارقا- ئارقىدىن نەشىردىن چىقتى. بۇ ئەسەر 1994 - يىلى 4- قېتىملىق مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر رومان مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى خەلقچىللىق خاراكتېرگە ئىگە زور تېمىلارنى ئاساس قىلغانلىقى، كۈچلۈك رومانتىك روھ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقى، ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى نامايان قىلغانلىقى ھەمدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقى بىلەن كىتابخانلارنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە نائىل بولدى. ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش ھەم راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى. 1993 - يىلى ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئۆچمەس تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر ئۇنى يوقلاپ ھال سورىدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ ياش يازغۇچىلارغا مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشنى ئالاھىدە تاپىلاپ، بىر ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچى ۋە ئالىمغا خاس يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئىپادىلىدى.

بىز ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنى، سوتسىيالىزمنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشىمىز، ئۇنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇستەھكەم سىياسىي مەيدانىنى ئۆگىنىشىمىز؛ ئۇنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئىجتىھات بىلەن ئىشلەيدىغان، ئىلىمگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان روھىنى ئۆگىنىشىمىز؛ ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا، چىقىشقاق، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئالىيجاناب خىسلىتىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. بىز قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، تېخىمۇ ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن مەرھۇمنىڭ روھىنى خاتىرجەم قىلىشىمىز كېرەك.

ئۆتكۈر ئەپەندى خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يولداش ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىگە:

مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، يازغۇچى، شائىر، تەتقىقاتچى ئا. ئۆتكۈرنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، چوڭقۇر قايغۇردۇم. مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا چىن قەلبىمدىن تەزىيە بىلدۈرىمەن ۋە مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن.

يولداش ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان ئالىم ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتكە پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلاپ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ، نەشىر قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

يولداش ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ۋاپاتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسى ئۈچۈن زور يوقىتىش.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى خاتىرجەم يېتىڭ.

تۆمۈر داۋامەت

1995 - يىل 6- ئۆكتەبىر، بېيىنغۇلىن باغراش ناھىيىسى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىغا:

ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، يازغۇچى، شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق قايغۇردۇم. بۇ يەردە ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن ھەمدە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن.

ئابلەت ئابدۇرېشىت

1995 - يىل 6 - ئۆكتەبىر، قەشقەر

## مەرسىيەلەر

شۈكۈر يالقىن

### 6-ئۆكتەبىر سۆزى

ئۇزۇن يىللار بىر بولاقتىن سۇ ئىچكەن،
تونۇگۇنلا بىر قەدەھتە مەي ئىچكەن.
قانداق چىدار ئىنسان بۇ شۇم تەقدىرگە،
كەچمىش بولۇپ قالسا ئۆتكەن ۋە كەچكەن.

مەن ئۇلۇغراق ئىدىم پەقەت ياشتىلا،
ئەمما ئۇلۇغ ئىدىڭ بەكمۇ سەن باشتا.
خەلق دېگەننىڭ ھېكمەتلىك بىر جۈملىسى،
ئەقىل ياشتا ئەمەس ئەمما ئۇ باشتا.

تونۇگۇنلا بىللە كۈلۈپ ئويناشقان،
كېزى كەلسە بىللە قاقشاپ يىغلاشقان.
ئەمەسمىدۇق ھەم تەقدىرداش، ھەم ئىجىل،
گاھ تەگىشىپ، گاھ يۈرەكتىن مۇڭداشقان.

شۇنداق ئېغىر كەلدى بۈگۈن بۇ قايغۇ،
ئىزاھلالماس ۋەزىن، قاپىيە، ئۇرغۇ.
سېنى داڭلاپ بىكار ئاۋارە بولماي،
قەبرە يولىدا ئىشنى ئاما قىلدىڭغۇ!

رەھمەتۇللا جارى

## ياخشى نامى باقىي قالدى جاھاندا

ئېيۋاھ! بۈگۈنكەلدى بىزگە يەنەئېغىر مۇسىبەت،
بۇ مۇسىبەت قەلبىمىزنى سالدى چەكسىز ھەسرەتكە.
بىر مۆھتەرەم ئەدىبىمىز رىھلەت قىلدى ئالەمدىن،
ئىلاج يوقكەن بۇ دۇنيادا شۇم ئەجەلگە، قىسمەتكە.

بارچە غەمكىن، ئەزىز تۇپراق سۈكۈناتتا، ماتەمدە،
بۇلۇت يىغلار، قارا كىيگەن بۈگۈن ئاقباش تەڭرىتاغ.
تارىم سۈيى ئۆركەشلىمەس، جىمجىت ئاقار قايغۇدا،
بۇ ماتەمدە مۇڭغا چۆمگەن يېتىمسىراپ چىمەنباغ.

بىر شائىركى، ھەر جەھەتتىن «ئۆتكۈر» ئىدى قەلىمى،
تەپەككۇرنىڭ دۇردانىسى ھەر بىر غەزەل، داستانى.

كۆپ ئەسىرلەر نۇر چاچقۇسى يۇلتۇز كەبى ئىجادى،
ئىز قالدۇرار ئەۋلادلارغا ئۇنىڭ داڭدار رومانى.

ئالىيجاناب ئىنسان ئىدى، كەمتەرلىكتە تاۋلانغان،
چوڭ-كىچىككە مەقبۇل ئىدى ئەلگە قىلغان خىزمىتى.
يۈكسەك باھا، شەرەپ تاپتى كىر قونمىغان ئەمگىكى،
شۇ تۈپەيلى ئەل ئىچىدە كەڭ تارالدى شۆھرىتى.

جەڭگاھتىكى تۇلپار ئىدى. قايتتى بۈگۈن تەڭرىگە،
ئارام تاپتى لەھەد ئىچرە، جايى بولسۇن ئەدناندا.
چىمەنزاردەك گۈللەر ئۈنەر قىش-ياز ئۇنىڭ قەبرىگە،
بىز ئايرىلدۇق، ياخشى نامى باقىي قالدى جاھاندا.

جېلىل مۇھەممەت

## ماتەم ئىلكىدە ئېگىلدى بېشىم

تەقدىر-قىسمەت رەھىمسىز ئىكەن
قىلدى بىزلەرگە ئەجەبمۇ ئەلەم.
پەرياد ئۇردى قېنى ئۆتكۈر! دەپ،
پىغان ئىچىدە كۆزى ياش قەلەم.

قەلبىم تارلىرى تىترىدى مۇڭلۇق،
يامغۇر مىسالى تۆكۈلدى يېشىم.

دىلنى قاپلىدى مۇسىبەت، پىغان،
ماتەم ئىلكىدە ئېگىلدى بېشىم.

چولپان ئۆچسىمۇ نالە قىلماستىم،
ئەمما بەك ئېغىر بىلىندى بۇ دەم.
كەتتى، ئەلۋىدا ئىمدى نە ئامال،
قەلبىمىزدىكى بىر ئېسىل ئادەم.

مۇھەممەت روزى

## ھەيكىلىڭ تىكلەندى خەلق قەلبىگە

بىمەھەل ساقىدى نۇرلۇق بىر يۇلتۇز،
مىڭلىغان يۈرەكلەر كۆتۈردى پىغان.

جامائەت ماتەمدە، زېمىن ھازىدار،
دۇنيادىن كەتكەچكە بىر ئۇلۇغ ئىنسان.

www.uyghurkitap.com



قايغۇلۇق بىر كۈن بۇ قىسمەت بەك ئېغىر،
ئاقماقتا كۆزلەردىن تارام - تارام ياش.
تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭار ئادەملەر،
مۇسىبەت ئىلكىدە ھەتتا تاغۇ تاش.

بىر ئېغىر جاراھەت ئەزمەكتە دىلنى،
قايغۇلۇق سۈكۈتكە چۆمدى تەبىئەت.
شۇ بۈيۈك ئىنساننىڭ ھۆرمىتى، ئەجرى
قالدۇردى يۈرەكتە ئوتلۇق مۇھەببەت.

ھەيكىلىنىڭ تىكلەندى خەلق قەلبىگە،
ياد ئېتەر سېنى يۇرت ئوغلى ۋە قىزى.
ئىجادكار ئەۋلادنىڭ بارار يول ئېچىپ،
كۆمۈلۈپ قالمايدۇ ئەجدادنىڭ «ئىز»ى.

**باۋۇدۇن نىياز**

## ئەدىبكە مەرسىيە

ئۆتتى ئالەمدىن نەچارە، بىر ئاجايىپ ئوت يۈرەك،
قالدى ئەۋلادقا ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ-تىلەك.
كەتسىمۇ گەرچە بۈگۈن ئۇ بىزنى ھەسرەتكە سېلىپ،
تۇرىدۇ شانلىق سىماسى ئەبەدىي خانتەڭرىدەك.
نەزمىسى، رومانلىرى بىزگە مىراس گۆھەر ھامان،
شۇ ئەمەسمۇ يادىكارى مەڭگۈ كۆزگە سۈرگۈدەك.
رازى سەندىن ئەي ئەدىب-رازى سېنىڭدىن ئەل-ۋەتەن،
قەلبىمىزدە سەن ھايات گۇمنام، ناۋائى، لۇتفىدەك.

**غوپۇر ئۆمەر**

## مىڭلىغان كۆزلەردىن تاراملايدۇ ياش

دولقۇنلۇق دېڭىزدا ئاق يەلكەن كەبى
مۇبارەك بىر تاۋۇت سىلجىيدۇ يولدا.
تەبىئەت ھازىدار، مۇسىبەتتە ئەل،
ئۇشلانغان شۇ تاۋۇت مىڭلىغان قولدا.

بۇ زاتنى بىلمەسلەر بار ئىكەن تېخى،
پىچىرلاپ سورىشار ئاستا بىر سوئال:
كىمدۇ بۇ شۇنچىلا ھۆرمەت ئىگىسى
كاتتا بىر بايمۇ يا يۇرتقا ئاقساقال؟

جاۋابىم - ئۇ ئالىم، نام تەمەسى يوق،
جاپانى راھەت دەپ بىلىپ كەلگەن مەرد.
ئەل-يۇرتقا ئاتىغان ھاياتىنى ئۇ،
بىر ئۆمۈر تەر تۆككەن، قويماي ھېچبىر شەرت.

خەلقىغە خوش بېقىپ يېتۈك ئالىمنىڭ
تەڭرىتاغ باغرىدا تۇرار قەبرىسى.
گۈللەرگە پۈركەيدۇ «ئىز»نى بېسىپ،
تۈمەنمىڭ ئوغۇل-قىز، نەۋرە-چەۋرىسى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى 1995 - يىلى 16 - ئۆكتەبىردىن 17 - ئۆكتەبىرگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ئەزالىرىدىن بولۇپ 95 كىشى قاتناشتى.

قۇرۇلتايغا ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئامىنە غاپپار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى كاڭنىڭ قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. يولداش جانابىل قۇرۇلتايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن سۆز قىلىپ، قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى قۇرۇلتايدا تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھەممەت شاۋۇدۇن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن بەيجۇڭ ۋەكىللەرگە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيىدا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ھەمدە دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتى ھەم ھەيئەت رىياسەتچىلىكى سايلاپ چىقىلدى.

قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېن خۇگبو يېپىش نۇتقى سۆزلەپ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنى تېز يۈكسەلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (ئۆز خەۋىرىمىز)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## «تارىم» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايون بويىچە باھالانغان ئون ياخشى گېزىت - ژۇرنالنىڭ بىرى بولۇپ تەقدىرلەندى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ باھاسىنىڭ تېز ئۆرلىشى تۈپەيلىدىن گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تىراژى تۆۋەنلەپ كېتىش، بولۇپمۇ ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ تىراژى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تىراژى مۇقىم بولۇپ، يۇقىرى سەۋىيىسىنى ساقلاپلا قالماي، ھەتتا يۇقىرى ئۆرلەپ كەلمەكتە. يېقىندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالىشى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىن تارقىتىلىدىغان، تىراژى يىلدىن يىلغا كۆپىيىۋاتقان «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «تارىم» ژۇرنىلى ۋە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ئون ياخشى گېزىت - ژۇرنالنى باھالاپ چىقتى ۋە تەقدىرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «تارىم» ژۇرنىلى بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ تەقدىرلەندى. (ئۆز خەۋىرىمىز)

## ئاتاقلىق يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ «قامەتلىك گىلتاغ» رومانى «يازغۇچى نەشرىياتى»تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى

بۇ ھەقتە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «ئەدەبىيات- سەنئەت گېزىتى»نىڭ 1995- يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى سانىدا بېرىلگەن بىر خەۋەردە مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئاتاقلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى قەييۇم تۇردىنىڭ «قامەتلىك گىلتاغ»رومانى يېقىندا «يازغۇچى نەشرىياتى»تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ رومان يازغۇچىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان قېتىرقىنىپ ئىجاد قىلغان «جىمجىت جۇڭغارىيە»ناملىق تىرىلوگىيىسىنىڭ بىرىنچى رومانى.

روماندا تىرىكچىلىك ئىزلەپ، يۇرتىدىن چىقىپ كەتكەن ئۈچ ئۇيغۇر يىگىتنىڭ مايتاغ نېفىتلىكىدە ئۇچرىشىش جەريانىدىكى جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى داۋالغۇش ئىچىدىكى زۇلمەتلىك ئۆتمۈشى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى جانلىق ھەم ئەگرى- توقاي، ئىنتايىن قويۇق رىۋايەت تۈسكە ئىگە، ئۇنىڭدا غەربىي دىيارنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىك تەبىئىي مەنزىرىلىرى سۈرەتلەنگەن. ئەسەرنىڭ مىللىي پۇرىقى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك، تىلى پاساھەتلىك، «ئەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»دەك قويۇق يۇمۇرلۇق تۈسكە ئىگە. كىتابخانلارغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

يازغۇچى قەييۇم تۇردى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى، ئۇ ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى رومان يازغان ئىجتىھاتلىق، تىرىشچان، مول ھوسۇللۇق يازغۇچى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى باش تېما قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تەگرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىغا كەڭ تارقالغان.

يۇقىرىقى خەۋەردىن باشقا، «خەلق گېزىتى»نىڭ 1995- يىل 10 - ئاينىڭ 24- كۈنىدىكى سانىدىمۇ بۇ روماننىڭ «يازغۇچى نەشرىياتى»تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقى توغرىلىق خەۋەر بېرىلگەن.

# «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

## پوۋېستلار


باغراش............ يۈرەك تاغ ..................... 1-، 2-سان
ئەنۋەر مەھەممەت........ لاي سۇ ئىچكەن جانلار ............. 1-، 2-سان
باھارگۈل ساۋۇت ......... بەدەل ........................ 3-سان
گۈلبوستان ئابدۇقادىر........ فەرزە ...................... 3-، 4-سان
ئابدۇللا ساۋۇت ............ قىسمەت ...................... 4-، 5-، 6-سان
سۇلتان ھاشىم......... چاقناپ ئۆتكەن نۇر................ 5-، 6-سان
مۇھەممەت لېتىپ ......... سادا......................... 7-سان
تۇرغان شاۋۇدۇن.......... تۇغماس...................... 8-، 9-سان
ئالىمجان ئىسمائىل ......... تۇمانلىق شەھەر ................ 9-، 10-سان
پەرھات ئىلياس ......... خىزىر تىككەن سېدە ............... 11-سان
ھەبىبە يارمۇھەممەت......... چۇغلۇق....................... 11-سان


## ئوچېرك، ئەدەبىي ئاخبارات، زىيارەت خاتىرىسى، ئەسلىمە


مەھەممەت شاۋۇدۇن........ يېنىپ تۈگىگەن شام .................. 2-سان
توختى سابىر ......... تېۋىلغا (ئەسلىمە) ...................... 3-سان
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ......... قىممەتلىك مىراس (ئەسلىمە)............. " "
زەپەر ئابلىز ......... دادام ئابلىز نازىرىنى ئەسلەيمەن............ 4-سان
قەيسەر مىجىت.......... ھايات ۋە بۇرچ (ئەدەبىي ئاخبارات)............ 6-سان
مۇھەممەت روزى
مۇختار ئابدۇراخمان ......... ئىلىم كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇز (ئەدەبىي ئاخبارات) ... 7-سان
نۇرمۇھەممەت زامان......... دولان ئوغلانى (ئەدەبىي ئاخبارات) ............ 7-سان
باھارگۈل ساۋۇت ......... ئۇستاز قەلبى (ئوچېرك) ................ 8-سان
ئەنۋەر مۇھەممەت......... تەكلىماكان ئوغلى (ئەدەبىي ئاخبارات) .......... 9-سان
ئالىمجان رەجەپ......... باياۋاندىكى داغدام يول (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ 10-سان
تۆمۈر داۋامەت......... ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە سەپەر (زىيارەتخاتىرىسى) 11-سان

## ھېكايىلەر


ئۆمەر قادىرى ........... ئالبومغا سېلىنمىغان سۈرەت ........... 1-سان
تۇردىهاجى ئابدۇغوپۇر ........ يامغۇرلۇق بوران ........... " "
ئەمەت نىياز ........ ئالتۇن بېزەكلىك ئايال ........... " "
ياسىنجان سادىق ........ ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ ........... 2-سان
تۇنساخان يۈسۈپ ........ تۇنجى مۇھەببەت ........... 3-سان
ئالتۇنگۈل رەجەپ ........ لەيلىگۈن ........... " "
ئايگۈل مۆيدىن ........ قەلب ساداسى ........... " "
ھەسەن ئەخمەت ........ خورلۇقتىن كېيىن ........... 4-سان
زۆھرەگۈل ئابدۇۋاپىت ........ تۇغۇلغان كۈن ........... " "
ئالىم مۇقىيىت ........ ئىككى ھېكايە ........... " "
ئابدۇراخمان مامۇت ........ ئوۋچى ........... 5-سان
ئۆركەش جاپپار ........ قوشنام ........... " "
مەريەم تۇردى ........ تۇمان قاپلىغان جىلغا ........... " "
تۇرسۇنجان ئوسمان ........ چېقىرتاش ........... " "
زۆھرەگۈل ئابدۇۋاپىت ........ كەلگىنىمدى ........... 6-سان
ئەنۋەر مەھەممەت ........ ھېكايىلەر ........... 7-سان
نۇربىيە ئابدۇكېرىم ........ غەلىتە بوۋاقلار ........... " "
مەمتىمىن ھوشۇر ........ چارخوراز ........... 8-سان
يارمۇھەممەت تۇرسۇن ........ دوقمۇشتىكى ھازا ........... " "
ئالتۇنگۈل رەجەپ ........ يېنىڭىزدا مەن بار ........... " "
ئەرشىدىن تاتلىق ........ ئىبرەت ئەينىكى ........... " "
تاھىرجان مۇھەممەت ........ كۆك يانتاقلىق دالا ........... " "
ماخمۇت مۇھەممەت ........ ھېكايىلەر ........... " "
نۇرمۇھەممەت توختى ........ ئۇزاقتا سوزۇلغان شېرىن چۈش ........... 9-سان
جاپپار قاسىم ........ ھازىخانىنىڭ ھازىسى ........... " "
تۇراپ ئابدۇرېھىم ........ ئاي كۈلگەن كېچە ........... 10-سان
تۇرسۇن لېتىپ ........ ھاۋارەڭ كۆڭلەك ........... " "
ئەخەت ھاشىم ........ ياشلىق سىرى ........... " "
ئابدۇللا تۇرسۇن ........ بېدىك ........... " "
ماخمۇت مۇھەممەت ........ ئىككى ھېكايە ........... 11-سان

## نەسرلەر


| | | |
|---|---|---|
| مامۇت زايىت | تۇرمۇش تراگېدىيىسى | 4-سان |
| تۇرسۇن مۇھەممەت | ئالما | 〃 |
| ئەرشىدىن قادىرى | يۇلغۇن چېچەكلىرى | 〃 |
| ئوسمان قاۋۇل | كۆيۈۋاتقان قوياش | 7-سان |


## شېئىرلار


| | | |
|---|---|---|
| مەھەممەتجان راشىدىن | جىمى جايدا جارىڭەر يېڭى يىللىق قەدەھ - جام | 1-سان |
| ئابدۇسالام توختى | ھاياتلىق يولى | 〃 |
| رەخىم قاسىم | رۇبائىيلار | 〃 |
| ئابلىز ئوسمان | يىلتىز ناخشىسى | 〃 |
| ئەنۋەر كەلپىن نەزەرى | ئاۋاز | 〃 |
| تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن | شۇ ھامان گۈللەرگە پۈركىنەر دۇنيا | 〃 |
| نۇرىيە ئېلاخۇن | ئالەم سىغار ياخشىلارنىڭ كۆڭلىگە | 〃 |
| ساۋۇتجان تاھىر | غەزەل ۋە رۇبائىلار | 〃 |
| ئابدۇللا جامال | ئىككى شېئىر | 〃 |
| ھاجى مىرزاھىد كېرىمى | كەچ كۈزدىكى ۋىسال | 〃 |
| ئادىل تۇنىياز | چاشقان بولۇپ كەلگەنىمدىكى ياز | 〃 |
| مەتىمىن بارى | ئۈچ شېئىر | 〃 |
| ئەسقەر ياسىن | ئىككى شېئىر | 〃 |
| دولقۇن روزى | ئىككى شېئىر | 〃 |
| تۆمۈر داۋامەت | شېئىرلار | 2-سان |
| مەھەممەتجان سادىق | شېئىرلار | 〃 |
| ئىمىن ئەخمىدى | ئەكس سادالار | 〃 |
| ئوسمانجان ساۋۇت | سۆيگۈ ئەمەس تۇتۇق بەرگەن سەزگۈلەر | 〃 |
| ماخمۇتجان ئىسلام | ئانا يۇرت ئىشقى | 〃 |
| بۇۋىھەجەر ئارمىيە ئېلى | ئىككى شېئىر | 〃 |
| ياسىن زىلال | سۆيگۈ ئېقىنلىرى | 〃 |
| ئەرشىدىن تاتلىق | خاتىرەمدىن تەرمىلەر | 〃 |
| جاپپار ئەمەت | جەننەت ئانىلارنىڭ پۇتى ئاستىدا | 〃 |
| رەھمىتۇللا جارى | يۈرەك سۆزى | 〃 |
| ئابدۇكېرىم مەخسۇت | قاش بويىدا تۆكۈلگەن قەترىلەر | 〃 |
| ئەمەت جاپپار | قوشماق كۇپلېتلار | 〃 |
| تۇراپ ھەسەن | ھاكىمنىڭ قەلبى | 〃 |
| ئەخمەت ھامۇت | ئېمىي تەسىراتى | 〃 |
| ئىمىن راشىدىن | ياشلىق لىرىكىلىرى | 3-سان |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| مۇھەممەت كامال | غەزەللەر | 3ـسان |
| ئىبراھىم نىياز | ئىھ، ئوغلۇمنىڭ ئۇماق يۇلتۇزى | 〃 |
| كېرىمجان سۇلايمان | ئانا سەھرا، مۇھەببەت ۋە مەن | 〃 |
| تۇرسۇن نىياز | رۇبائىيلار | 〃 |
| ئەيىۇ ياقۇپ | ئىككى شېئىر | 〃 |
| تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن | سەن سۆيەتتىڭ ھاياتنى شۇنداق | 〃 |
| گۈلئەنبەر يۇسۇپ | چېكسىز قەلبىڭ دېرىزىسىنى | 〃 |
| گۈلسۇم نىياز | قار | 〃 |
| تۇرسۇنگۈل جامال | ئۆتكەن كۈنلەر كەتتى كەلمەسكە | 〃 |
| تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن | سەندە بەخت، سەندە خۇمارىم | 〃 |
| روزى سايىت | ئۈچ مەرسىيە | 〃 |
| مۇسا ئەھمەد | بىر يول ياتار ئارىمىزدا ئىزسىز سوزۇلۇپ | 〃 |
| غەنى رەشىدى | بۇ دۇنيا مەنىسىز سۆيگۈگە قانساڭ | 〃 |
| جېلىل خېلىل | لىرىكا | 〃 |
| غوپۇر رەھىم | ساڭا خاس سۆيگۈم بار قۇدرىتى چەكسىز | 〃 |
| ئابلەت ئابدۇرېشىت (بەرقى) | ئانام، باھار، مەن | 4ـسان |
| نەيىم يۈسۈپ | ئىلھام جىلۋىسى | 〃 |
| مۇھەممەت روزى | ئاتەش نەپەسلەر | 〃 |
| ئابدۇلئەھەت قادىرى | ئىككى شېئىر | 〃 |
| جۇمە ئابدۇغېنى | دەپتىمەن | 〃 |
| مەتتۇرسۇن مۇھەممەت | نۆۋىتىمنىڭ بىر غەزىلىگە مۇخەممەس | 〃 |
| مۇھەممەتجان سەيدۇللا | بىر تال يۇلتۇز چاقنايدۇ كۆكتە | 〃 |
| ھەسەن تىلئۇالدى | سەپەر خاتىرىلىرى | 〃 |
| ئابدۇرېھىم زۇنۇن | غەزەللەر | 〃 |
| ئابلىز ھەسەن | باشئەگىم يېزىلىرى | 〃 |
| ھەبىبۇللا ئوسمان | گۈل بەرگىدە بىر جۈپ تۇمۇچۇق | 〃 |
| مۇھەممەت تەشنائى | مەن قارايمەن دېرىزىدىن يىراققا | 〃 |
| ئايبېك ئۆمەر | ئىلۇپەر تۇيغۇ | 〃 |
| مۇساجان يۇنۇس | سەپەر ئۇزاق يوللار گىرىمسەن | 〃 |
| ئابدۇلئەھەت داۋۇت | ئىككى شېئىر | 〃 |
| بارىجان زەپەر | قىرغاقتىكى سۆيگۈ | 〃 |
| مەھەممەترېھىم تۇرسۇن | ئاي كېمىسى | 〃 |
| تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم | رۇبائىيلار | 〃 |
| تۇرسۇنجان ھاشىمى | ئىزگۈ ھېسلار | 〃 |

| | | |
|---|---|---|
| مۇھەممەتئىمىن قۇربان | گىككى غەزەل | 4ـسان |
| نەزەرى | تەسكەيدىكى تەمەچلەر | " " |
| مۇھەممەتجان راشىدىن | كۈتۈشكە يارالغانمەن سۆيگۈنۈمنى | 5ـسان |
| قۇربان گىمىن | شېئىرلار | " " |
| روزى سايىت | دىلىم ياش، سۆيگۈم ياش | " " |
| ياقۇپ كېرەم | تىزىپ قويدۇم دېرىزەڭگە گۈل | " " |
| مەھەممەت شاۋۇدۇن | تەلەمەت بويلاپ | " " |
| قېيۇم سوپى | چاقىرسەن كۈيدەك ئۈن بىلەن | " " |
| نۇركۈل يۇنۇس | گىككى شېئىر | " " |
| ئوسمان قاۋۇل | گۈلمۇسەن، گۈلخانمۇ سەن | " " |
| جاببار گەمەت | سەن زامان باتۇرى، سەن يېگى پەرھاد | " " |
| ھوشۇر گىبراھىم | رۇخسارىمدا خىيال گىزناسى | " " |
| ئابدۇرېھىم مۇھەممەت | ئۇستازلىرىمغا | " " |
| پەرھات جامال | قاناتسىز بولساممۇ ئاسماننى قۇچتۇم | " " |
| مۇتەللىپ خورسەندى | گەتكىن | " " |
| تۆمۈر داۋامەت | شېئىرلار: | 6ـسان |
| غەيرەت ئابدۇللا | يول ئىشقىدا ياندى يۈرەك | " " |
| ئابدۇكېرىممەخسۇت | سەپەر يالدامىلىرى | " " |
| ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر | خىلۋەتتىكى ئۈنسىزتىۋۇشلەر | " " |
| ئابابەكرى توختى | بەشىنچى پەسىل | " " |
| گەخمەتجان تۇرۇپ | كۈيلىرىمدە خىيالچان سەھرا | " " |
| تۇرسۇن نىياز | ياشلىقىمدا يېزىلغان غەزەللەر | " " |
| توختىمۇھەممەت تۇردى | ئات قويۇش | " " |
| مۇتەللىپ جۇماخۇن | ئۈچ شېئىر | " " |
| ئايمۇھەممەت ساھىبى | ئىككى غەزەل | " " |
| مۇھەممەتجان سادىق | ئانا ۋە ئوغۇل (باللادا) | 7ـسان |
| تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن | باتۇرلارغا بۆشۈك بۇ ماكان | " " |
| ئابدۇللا سۇلايمان | خاتىرەمدىن خاتىملەر | " " |
| غەنى رەشىدى | سەھرا، كېچە، چاقنىغان يۇلتۇز | " " |
| مەسئۇت مەرۇپ | ھايات تەمەچلىرى | " " |
| ئابدۇلھېكىم مەخسۇم | ئىككى شېئىر | " " |
| مامۇت زايىت | تەگرىتاغدا بالقىدى قۇياش | " " |
| نىياز ئىمىن قۇربانى | شېئىرلار | " " |
| ھاشىمجان قادىر | ئۇ تەققاس پاك دىلغا، بىر سۈزۈك ئاسمان | " " |

www.uyghurkitap.com




ئۆمەرجان مۇھەممەدى.... باھارمۇ سەنسىز ماڭا زېمىستانىكەن............ 7ـسان

ھەسەنجان بوساق ........ گەر نېسىپ بولغاندا قايتا بىر سۆيۈش........... 〃 〃

ئوبۇل ئىمىن ........ شائىر.......................... 〃 〃

ئۆمەرئوسمان‌شىپاھى........ غەزەللەر......................... 8ـسان

روزى ھوشۇر ......... ئىلھام تامچىلىرى...................... 〃 〃

مۇھەممەت خېۋىر ....... ئاتەش نەزمىلەر........................ 〃 〃

مەھمۇت زەيىدى ........ ئىككى شېئىر......................... 〃 〃

روزى سايىت ....... ياشلىق بىر قۇش، بىر دۇلدۇل............ 〃 〃

جىلىلى .......... ۋەتەن مېھرى.......................... 〃 〃

مۇھەممەت كامال ........ مېنى تۇغقان جەننىتىم سەھرا.............. 〃 〃

ياسىن زىلال ....... ئەسسالام ھاياتقا گۈل چەككۈچىلەر.......... 8ـسان

يالقۇنجان ئىسلام ......... ئىككى غەزەل......................... 〃 〃

تۇراپ دايىم ......... تىنىقلار ئەۋجىدە كۈلىدۇ ھايات........... 〃 〃

مۇختار سۈپۈرگى ....... ئىككى شېئىر......................... 〃 〃

مۇھەممەتجان سەيدۇللا ...... يىراق شەھەردىكى كۈنلەر.................. 〃 〃

رەخىم قاسىم ........ شائىر ئەلقەم ئەختەمگە مەرسىيە............ 〃 〃

ئەخمەت ھامۇت ........ ئەلقەم ئەختەم ۋاپاتىغا................... 〃 〃

تۆمۈر داۋامەت ........ مۇبارەك 45 يېشىڭغا «تارىم»................ 9ـسان

ئىمىن ئەخمىدى ...... شېئىرلار.......................... 〃 〃

ئادىلجان ئابدۇقادىر .... گۈل ھەممە سۆزۈك.......................... 〃 〃

مۇساجان يۇنۇس ....... ئۈچ شېئىر........................... 〃 〃

ئىبراھىم نىياز ....... ئىككى شېئىر.......................... 〃 〃

دولقۇن روزى ........ ئانا ناخشىسى.......................... 〃 〃

مۇھەممەتجان‌راشىدىن....... غەزەللەر........................... 〃 〃

ماخمۇتجان ئىسلام ....... ياڭرايسەن كۆيۈمدە سەن ھامان «تارىم»........... 〃 〃

ئىلھام ئۆمەر ........ ئانامغا............................. 〃 〃

ئابابەكرى توختى ......... مۇھەررىر ئاغىنەمگە....................... 〃 〃

توختى سابىر...... ھايات قايناملىرى....................... 〃 〃

سەلەي قاسىم ........ كۆي تۆكۈلەر سەھرا قوينىدىن.............. 〃 〃

ھوشۇر ئىبراھىم ........ خەلقىم............................ 〃 〃

مۇھەممەتئىمىن ئەھمەد ...... ئىككى شېئىر.......................... 〃 〃

ئېزىز ھوشۇر ........ سۆيگۈ دېگەن ئالەم ئۇچۇن قۇت............. 〃 〃

ئابلەت ئابدۇرېشىت(بەرقى)... ھېكمەت سوقماقلىرى....................... 〃 〃

تۆمۈر داۋامەت ......... شىمالدىن گۈلدەستىلەر................... 10ـسان

| | | |
|---|---|---|
| مامۇت زايىت | تارىم سىمفونىيىسى | 10-سان |
| ماھمۇتجان ئىسلام | ئانىجان دىيارىم تۇيۇق مۇبارەك | ″ ″ |
| ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر | يىلتىزىم كۆكلەيدۇ ئانا تۇپراقتا | ″ ″ |
| جۇمە ئابدۇغېنى | ۋەتەن خەلق سەجدىگاھىمدۇر | ″ ″ |
| ئارسلان | سېھىرلىك سىرلار | ″ ″ |
| ئابلەت ئابدۇرېشىت (بەرقى) | مەھەللەم | ″ ″ |
| مەھەممەت روزى | كۆي تۆكىدۇ تۆمەن دەرياسى | ″ ″ |
| ئىبراھىمجان تاش | يۈرىكىمدە يېشىل پەسلىسەن | ″ ″ |
| ئابدۇسەمەت خېلىل | ياد ئېتىمىز سېنى تۇردىكا | ″ ″ |
| سىدىق قاۋۇز | نىيە سۈرەتلىرى | ″ ″ |
| تۇراپ ھەسەن | يېزا غەزەللىرى | ″ ″ |
| تەلئەت ناسىرى | يۇلتۇز پىكىرلەر | ″ ″ |
| ئابابەكرى تۇيغۇن | غەزەللەر | ″ ″ |
| ئەخمەتجان تۇرۇپ | ئالقان ھەققىدە ناخشا | ″ ″ |
| غەنى رەشىدى | كىچىك سەھرا ۋەتەندۇر ۋەتەن | ″ ″ |
| باتۇر روزى | ئىككى غەزەل | ″ ″ |
| ئوسمانجان ساۋۇت | ئوينار يۈرەك تىنماستىن بىر دەم | 11-سان |
| ئابلىكىم خېۋىر | مېنىڭ يۇلتۇزۇم | ″ ″ |
| مەسۇم باسىت | ئىككى شېئىر | ″ ″ |
| تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن | شېئىرلار | ″ ″ |
| ئەخمەت ۋاھىدى | ئاي باللادىسى (باللادا) | ″ ″ |
| تەلئەت قادىرى | بولسام ئاقلىق، پاكلىق ماكانى | ″ ″ |


## ئۈمىد چېچەكلىرى

## (شېئىرلار)


| | | |
|---|---|---|
| ئابابەكرى توختى | پاكلىق كۆلگەن جەننەت سەن | 2-سان |
| ئەركىن مۇساق | ئارزۇيۇم | ″ ″ |
| تۇراپ دايىم | سەھرا ئۇنىڭ بۆشۈكى | ″ ″ |
| ھەبىبە يارمۇھەممەت | ئويغاتما، ئانا | ″ ″ |
| ئابلەت ئەخمەت | كەچمىشكە باي سۆيۈملۈك سەھرا | ″ ″ |
| ئۆمەرجان شاۋۇدۇن | تاڭ تارايدۇ تاغلاردىن ھالقىپ | ″ ″ |
| ئابدۇلھېكىم مەخسۇم | سۆيگۈدۇر ياشناتقىنى بۇ دۇنيانى | ″ ″ |
| گۈلزار ئابلەت | تۇنجى سۆيگۈ ئىزلىرى | ″ ″ |
| ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى | كۆڭۈل چەشمىلىرى | 8-سان |
| ئەركىن مۇساق | شادلىقتىن يۇلتۇزمۇ قىسار كۆزىنى | ″ ″ |

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئۆمەر مەتنۇرى ........ بوۋاي سۆرىتى ........ 8-سان
ئابلەت تۇرسۇن ........ ئۈچ غەزەل ........ "
مۇختار ئابدۇراخمان ........ ئىككى شېئىر ........ "
ئادىل تۇنىياز ........ شېئىرلار ........ 11-سان
ئىبراھىم نىياز ........ ھىجران غەزەللىرى ........ "
مۇھەممەتجان سەيدۇللا ........ قەلب ئىزنالىرى ........ "
مۇساجان يۇنۇس ........ غەزەللەر ........ "

## باللار ئەدەبىياتى

ئەخمەتجان قۇربان ........ كالتە قۇيرۇق چاشقاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ( باللار چۆچىكى ) 2-سان
يۈسۈپجان ئىمىن ........ مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم ( ھېكايە ) ........ 6-سان
ئۆمەرجان شاۋۇدۇن ........ مېنىڭ ئوغلۇم ( ھېكايە ) ........ "
تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن ... ئىككى شېئىر ........ "
ئەركىن داۋۇت ........ ئۈنچە تىزدىم رەڭمۇ رەڭ ( شېئىر ) ........ "
غوجامۇھەممەت قابىز ........ پاختەك رىۋايىتى ( شېئىر ) ........ "
تۇرسۇن قۇربان ........ يېڭى «قوتادغۇبىلىك» ئارزۇسى ( شېئىر ) ........ "

## ماقالىلەر، مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئابدۇللا مەتقۇربان ........ «ئۇرىيتا» ھەققىدە ........ 1-سان
تۇرسۇن ئەرشىدىن ........ ل مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىسى بىلەن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىكى ئوخشىماسلىقلار ........ "
مۇھەممەت ئەيسا ........ قاھار جېلىلىنىڭ پروزا ئىجادىيىتى توغرىسىدا ........ 2-سان
قاۋسىلقان قامجان ........ تىيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار .. 3-سان
ئارزۇگۈل تۇراپ ........ ئۇ نېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويىدى؟ ........ "
كېرىمجان ئابدۇرېھىم ........ ھېكايىلىرىمىزدە سىمۋول ........ 4-سان
مەھەممەتتۇرسۇن ئېلى ........ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتىكى ئىدىيە ئىزدەش، ئىدىيە يۈكلەش خاھىشى 4-سان
ئىسمائىل تۆمۈرى ........ تارىخىي رومان ـ «ئويغانغان زېمىن» توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە 5-سان
ئىبراھىم ئىزاقى ........ ئەدەبىي تەتقىقاتنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش .. 5-سان
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ........ يېپەك يولى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ........ 6-سان
مۇھەممەت روزى ........ باللار ۋە باللار ئەدەبىياتى ........ "
جابىبار ئەمەت ........ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 7-سان
ئىمىنجان ئەخمىدى ........ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى توغرىسىدا ... "
ئەخمەتجان قۇربان ........ پروزىچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم . "
مەھەممەتتۇرسۇن ئېلى ........ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان «تارىم» دا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئوبزورلارنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ........ 8-سان
ئابدۇللا تالىپ ........ شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتى ........ "

قۇربان ھاشىم ......... يۇمۇر ۋە ئۇنىڭ رولى توغرىسىدا ........... 8-سان
قەييۇم تۇردى ......... شانلىق 45 يىل ............ 9-سان
مەھەممەت شاۋۇدۇن ....... «تارىم» ئىلگىرىلىمەكتە ......... ″ ″
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ........ «تارىم»نىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى نەسرىي ئەسەرلەر سەھىپىسىگە نەزەر ........ ″ ″
مۇھەممەت ئىمىن ......... ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىي پائالىيەتتۇر ......... 10-سان
چېن خۇڭبو ......... ئىتتىپاقلىشىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرەيلى ......... 11-سان
مەمتىمىن يۈسۈپ ......... فاشىزمغا قارشى جۇڭگو ئەدەبىياتى ھەم دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ شانلىق ئۇتۇقلىرى ۋە تارىخىي تەسىرى ......... ″ ″
كېرىمجان ئابدۇرېھىم ........ بىر سىيۇژىت شەكلىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىزچىللىقى توغرىسىدا ........ ″ ″

### ئەسەر ۋە باھا

ئەنۋەر ھاشىم ......... ھەم «تۇمان باسقان مەھەللە» ھەم ئۆزىمىزنىڭ سۆيۈملۈك مەھەللىسى ........ 4-سان
ئازاد سۇلتان ......... ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى يۇلتۇز - يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل ........ 8-سان

### ئىجادىيەت مۇنبىرىدە

شاۋيەنجۈن ......... جاڭ جېيجى ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ھەققىدە توختالدى ......... 5-سان

### مەشھۇر يازغۇچىلار ئىش ئىزلىرىدىن

سېھىرلىك ئىلھام پەرۋاز قىلماقتا ......... 7- سان
ھېمىڭۋاينىڭ مەشھۇر ئەسىرى بىر بېلىقچىنىڭ ياردىمىدە تاماملانغان ......... ″ ″
ئات ئوغرىسىدىن مەشھۇر يازغۇچىلىققىچە ......... ″ ″
«پاۋىل»نىڭ ۋەسىيىتى ........ ″ ″

### ئەسەر ۋە مۇنازىرە

ئابابەكرى توختى ........ ئەخلاق مونوپولىيىسى ۋە سەرسان مۇھەببەت ...... ″ ″
ئابلىكىم ئابلىمىت ..... ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار» دېگەن پوۋېستى ھەققىدە ........ ″ ″

### ئىزلىنىش ۋە غۇلغۇلا

ئەنەيتۇللا قۇربان ....... ئىلھام ھەققىدە يېڭىچە قاراش ........ 8-سان

### ئىجادىيەت مۇساپىسىدە

ئەخمەت تۇردى ........ دەۋر ساداسى.................... 6-سان

### ئەسەر ۋە نەزەر

ئابلەت ئابدۇرېھىم.......... شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ غەزەللىرى توغرىسىدا. . 3-سان
ئوسمان قاۋۇل ........... «تيانشان باغرىدا»نىڭ تېما دائىرىسى بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ................ " "
ئايگۈل ئابدۇرېھىم...... ئەدەبىياتىمىزنى ۋە تىلىمىزنى ئاسرايلى.......... " "

### ئالقىش ۋە ئۈمىد

سەمەتجان تۇرغۇن.......... «جىلغۇلەر ساداسى» دېكى ياڭراق سادا........... " "
پاتەم ياسىن .......... ئۇۋال قىلىنغان شەھلا كۆز................. " "
ئۆمەر مەتنۇرى......... «تونۇردا» دېكى پاجىئە ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى......... " "
ئېلى زاھىد .......... «تارىم»غا بارىكاللا.................... 10-سان
ئۈمىدجان قاسىمى.......... تەبرىك ۋە ئۈمىد................ " "

### دۇنيا ئەدەبىيات ئېقىملىرىغا نەزەر

سىمۋولىزم ھەققىدە سوئال-جاۋابلار........... 2-سان

### بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

پېشقەدەم شائىر مەريەم سەپەر بايېۋا............ 3-سان
ئەدەبىي ئوبزورچى قاۋسىلقان قامىجان.......... " "
كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر، پېشقەدەم مۇھەررىر تۇرغان شاۋۇدۇن.................. 6-سان
يازغۇچى ئايشەم ئەخمەت.................. " "
شائىر تەلئەت ناسىرى................ 7-سان
ياش يازغۇچى مەخمۇت مۇھەممەت.......... " "

### ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى

ئارۇپقاسىمى....................... " "
ھەمرا بارات......................... " "
ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى.................. 9-سان
دانىش ھەنىفى....................... " "

### تەرمە گۈللەر

قاھار جېلىل .......... ئات ئايلىخانىغا (ھېكايە)................ 1-سان
زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت... قومۇش كۆل (ھېكايە).................... 9-سان

### قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

تەلئەت ناسىرى .......... پەيمانە (ھېكايە)................. 6-سان •

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

س. ئا. ژورونىن.......... سۆيگۈ ئارىلى (ھېكايە).................. 1ـسان
يۈكىما ساخارو .......... مىراس (ھېكايە).................. 4ـسان
جامالىددىنزات.......... ئۆردەك كاۋىپى (ھېكايە).................. 5ـسان
نەجىب مەھبۇز.......... زوراۋان (ھېكايە).................. 8ـسان
مىشىل خوسىت .......... ھۇۋلىغان ئاۋاز (ھېكايە).................. 9ـسان
چارلىز بودلېر. .......... نەسرلەر.................. 10ـسان

## كۆرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

ئاسىيە داۋۇت.......... قەلب رىشتىسى (ھېكايە).................. 1ـسان
ئادالەت ئابلىز.......... توغۇلغان كۈن (ھېكايە).................. " "
غۇنچەم سەمەت.......... ھالقا (ھېكايە).................. " "
ئەمەتجان مەھەممەت، ئوسمانجان ئابدۇرېھىم، سابىرجان سىيىت، ئابدۇلئەھەت ھەسەن بارچۇقى،
نۇرمەھەممەت توختىنىياز، ئابلىز ئىبراھىم، مايمۇنە كېرەم، مەمتىمىن ھاجى، خاسىيەت ئەمەت،
دىلشات مۇھەممەتنىياز، ئەسقەر ئابدۇرېشىت، سۇلايمان بارات، قۇربان ئۆمەر(شېئىرلار)... " "
پاتىگۈل سالى.......... خىجىللىق (ھېكايە).................. 2ـسان
مەمتىمىنھاجى مۆلجەرى.......... ئېزىتقۇ (ھېكايە).................. " "
راھىلە توختى.......... نەسرلەر.................. " "
نۇرمۇھەممەت توختىنىياز، ئابدۇرېشىت تۇرۇپ، مەخمۇت سىدىق، ئىلياس ئابلىمىت، ئابدۇكېرىم
ئابدۇخالىق، ئابلىمىت رەخمىتۇللا، مۇھەممەتئىمىن تۇرسۇن، لۇتپۇللا روزى(شېئىرلار)... " "
رۇقىيەم ئابلا.......... ئاھ زەڭگەر كۆز (ھېكايە).................. 3ـسان
ئۆمەرجان ھاپىز.......... قاپتىكى جەسەت (ھېكايە).................. " "
خاسىيەت ئەمەت .......... نەسرلەر.................. " "
روشەنگۈل تۇنىياز، ئارزۇگۈل جېلىل، خەلچىگۈل ئەھەد، ئەمەتجان مۇھەممەت، نۇرمەھەممەت
توختىنىياز، قۇربان نۇر، ئىمىنجان روزى، ئابلاجان ئوسمان، ئوبۇلقاسىم بەختىھاجى، رەجەپنىياز
بەكرى، ئابدۇجېلىل تۇرسۇن، ھېيىت رەھىم (شېئىرلار).................. " "
ئابدۇرېشىت قادىرى.......... قاۋۇزنىڭ ئۆي كۆچكەن كۈنى (ھېكايە).................. 4ـسان
ئېزىز ھەسەن .......... يېڭى سودىگەر (ھېكايە).................. " "
ئىسمائىل يۈسۈپ .......... تەدبىر (ھېكايە).................. " "
ئىمىن ئىمرەمزە .......... مۇكاپات (ھېكايە).................. " "
ئېلى زىكرىيا، ئابلاجان ئوسمان، ئەخمەتجان مۇھەممەت، تىلىۋالدى مەمتىلى، قۇربان نۇر،
ئىسمائىل ئېلى، ئېزىزجان ھوشۇر (شېئىرلار).................. " "
غۇنچەم سەمەت .......... تۆھپىكار (ھېكايە).................. 5ـسان
قۇربان نۇر، ھېيىت رەھىم، ئىسمائىل ئېلى، ئابلىز مەمتىمىن، ئىمىنجان روزى، ماخمۇت سەلەي،
ئابدۇلئەھەت ھەسەن بارچۇقى، ھەمراجان پالتاجى، ئىمىر نىياز ئاقۇپ، مەمتىمىن تۇرسۇن،
غېنى راخمان، ئېلياس ئابلىمىت (شېئىرلار).................. " "
ئايشەمگۈل قاۋۇل، نۇرمۇھەممەت توختىنىياز، ئوسمانجان ئىسمائىل، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت،
تىلىۋالدى مەمتىلى، ئايگۈل تۇرسۇن، يۈسۈپجان مۇھەممەت، ئەمەتجان مۇھەممەت (شېئىرلار) 6ـسان

www.uyghurkitap.com



توختاشگۈل ئۆمەر.......... «مېھرىبان» ئايال (ھېكايە)................ 7ـسان
ئايىمنىسا مەتسالى......... ھايات مەنتىقىسى (نەسىر)................. ″ ″
ھېكىماخۇن مەمەت، سالامەت توختى، دىلشات مۇھەممەتنىياز، خەلچىگۈل ئەھەد، مەمتىمىن ئابلىز، ھېبىيت رەھىم، ئايگۈل تۇرسۇن، سابىرجان سىيىت، ئۆمەرجان ئاقۇپ، مەخمۇت سەلەي، نۇرمۇھەممەت ياسىن (شېئىرلار)........................... 7ـسان
ئاسىيە داۋۇت.......... ئەپچىل چارە (ھېكايە)........................ 8ـسان
ئابدۇسالام ئەخمەت.......... كادىرلار «سودىسى» (ھېكايە)................. ″ ″
ئابدۇلئەھەت ھەسەن بارچۇقى، ئابدۇكېرىم ئابدۇخالىق، ياسىن روزى، مۇھەممەتئىمىن تۇرسۇن، ئىسمائىل ئېلى، ئېلياس ئابلىمىت، ئېلى ئابدۇقادىر، ئەلى ئوبۇل، ئەركىن توختى، ئابدۇرېشىت سۇلايمان، نۇرمۇھەممەت توختىنىياز، ئېلى زىكرىيا، ئەخمەتجان مۇھەممەت، ئايگۈل تۇرسۇن، ئىمىنجان روزى، ئوسمانجان ئىسمائىل، ئايشەمگۈل قاۋۇل، تىلىۋالدى مەمتىلى (شېئىرلار) ″ ″

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرەيلى.................... 1ـسان
لى جۇن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى................ ″ ″
مۇكاپاتلانغاندىن كېيىن................... ″ ″
قايغۇلۇق خەۋەر........................ ″ ″
ئاپتورلارغا خەت........................ ″ ″
قاھارجېلىلنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى......... 2ـسان
قايغۇلۇق خەۋەر........................ ″ ″
مارك تۋېننىڭ سودىگەرچىلىك قىلىشى............ ″ ″
خاۋرېن «پارلاق يول»نىڭ يېڭىباشتىن نەشر قىلىنىشى
ئۈستىدە توختالدى ...................... ″ ″
100 يىل ئاۋۋالقى ھۆكۈما.................. ″ ″
رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت«تارىم» ژۇرنىلىنىڭتەھرىر ھەيئەتلىرى، يازغۇچىلار ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى.... 3ـسان
قايغۇلۇق خەۋەر ........................ 4ـسان
قىسقا ئۇچۇرلار......................... 7ـسان
قايغۇلۇق خەۋەر......................... 8ـسان
«تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ................. 10ـسان
كەسپىي يازغۇچىلار ئىجادىيەت پىلانى يىغىنى ئېچىلدى.. ″ ″
«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى خاتىرىلەندى.................... ″ ″
قايغۇلۇق خەۋەر........................ 11ـسان



ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ
ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر

ئىجادىيەت ئۈستىدە



زۇنۇن قادىر، شۈكۈر
يالقىنلار بىلەن بىللە




قەلەمداشلار ئارىسىدا



ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن






《塔 里木》文学月刊（维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：《新疆日报》社印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅零售：各地邮局所

1995 - يىل 12- سان (418 - سان)، 45 - يىل نەشرى
تۈزگۈچى «تارىم»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4816214)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号：ISSN 1002 — 9044
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002 — 9044
国内同一刊号：CN 65 — 1010/I
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN 65 — 1010/I
国外代号：M 4461
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M4461
邮发代号：58—66 定价：2.40元
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 _ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.40 يۈەن
邮政编码：830000
پوچتا نومۇرى: 830000

广告许可证：新工商广字01005419号